# خەلقئارا ۋەزىيەت ۋە شەرقىي تۈركىستان

1

2022

ISSN: 2757- 9220

www.uysi.org

پەسىللىك سىياسىي - ئىقتىسادىي - ئىجتىمائىي ئىلمىي ژۇرنال

2022 - يىللىق (يانۋار، فېۋرال، مارت) 1 - سان / ئومۇمىي 5 - سان





- خىتاي–سوۋېت مۇناسىۋىتىدىكى شەرقىي تۈركىستان مەسىلىسى (1944-1945)
  دوكتور ئەركىن ئەكرەم
- «يەر شارى ۋاقىت گېزىتى»نىڭ رۇسىيە-ئۇكرائىنا كىرىزىسىغا تۇتقان پوزىتسىيەسى
  مۇھەممەت ئابدۇمىجىت
- ياشلارنىڭ تاپتىن چىقىشىنىڭ جەمئىيەتشۇناسلىق نۇقتىسىدىن ئانالىزى
  ئادىلجان ئەرئۇيغۇر
- ئىككى تىللىق بولۇش ۋە تۈركىيەدىكى كۆچمەن ئۇيغۇرلارنىڭ ئىككى تىللىقى توغرىسىدا قىسقىچە ئانالىز
  تاجىگۈل سەمەت

UYGUR ARAŞTIRMA ENSTİTÜSÜ
ئۇيغۇر تەتقىقات ئىنستىتۇتى
UYGHUR RESEARCH INSTITUTE

**خەلقئارا ۋەزىيەت ۋە شەرقىي تۈركىستان**
ULUSLARARASI VAZİYET VE DOĞU TÜRKİSTAN

(پەسىللىك سىياسىي، ئىقتىسادىي، ئىجتىمائىي ئىلمىي ژۇرنال)

2022 - يىللىق 1 - سان (يانۋار، فېۋرال، مارت)
(ئومۇمىي 5 - سان)
قانۇنىي ۋەكىلى: دوكتور ئەركىن ئەكرەم

باش تەھرىر: ئابدۇرېھىم دۆلەت

ئەسەرباھالاش ھەيئىتى:
ئەركىن ئەكرەم
ئادىلجان ئەرئۇيغۇر
يالقۇن ئۇلۇغيول

كوررېكتورلار:
پاسىبان
ئابدۇرېھىم دۆلەت

لايىھەلىگۈچى: ئا.ئاقھۇن

ISSN: 2757 - 9220

ژۇرنال ئادرېسى:
Kızılay, İzmir - 1 Cd. No: 33 D: 27,
06420 Çankaya/Ankara

# مۇندەرىجە

ژۇرنالغا كىرىش ........ 02

◄ دوكتور ئەركىن ئەكرەم

خىتاي ـ سوۋېت مۇناسىۋىتىدىكى شەرقىي تۈركىستان مەسىلىسى (1944 ـ 1945) ........ 03

◄ ئادىلجان ئەرئۇيغۇر

ياشلارنىڭ تاپتىن چىقىشىنىڭ جەمئىيەتشۇناسلىق نۇقتىسىدىن ئانالىزى: زەھەرلىك چېكىملىككە خۇمار بولغان ئۇيغۇر ياشلىرى ........ 36

◄ مۇھەممەت ئابدۇمىجىت

«يەر شارى ۋاقىت گېزىتى»نىڭ رۇسىيە ـ ئۇكرائىنا كىرىزىسىغا تۇتقان پوزىتسىيەسى ........ 69

◄ تاجىگۈل سەمەت

ئىككى تىللىق بولۇش ۋە تۈركىيەدىكى كۆچمەن ئۇيغۇرلارنىڭ ئىككى تىللىقى توغرىسىدا قىسقىچە ئانالىز ........ 94

# بىز نېمە ئۈچۈن كۈرەش قىلىمىز؟!

**ژۇرنالغا كىرىش سۆز ئورنىدا**

**دr.ئەركىن ئەكرەم**
ئۇيغۇر تەتقىقات ئىنستىتۇتى مۇدىرى.

1944 - يىلى سېنتەبىردە شەرقىي تۈركىستاندا ئىككىنچى جۇمھۇرىيەت ئېلان قىلىنماستىن ئىلگىرى «بىز نېمە ئۈچۈن كۈرەش قىلىمىز» تېمىسىدا بىر كىتابچە ئېلان قىلىنىدۇ. شەرقىي تۈركىستان مىللىي ئازاتلىق تەشكىلاتى تەرىپىدىن تەييارلانغان بۇ كىتابچە ھەم خىتاينىڭ ھەمدە ئامېرىكانىڭ ئۈرۈمچىدە تۇرۇشلۇق كونسۇلخانىسىنىڭ دىققىتىنى تارتىدۇ.

مۇستەقىل جۇمھۇرىيەت قۇرۇش مەقسىتى ۋە نىشانى مەزمۇن قىلىنغان بۇ كىتابچىنىڭ ئاساسلىق مەزمۇنى مۇنداق: «ئۇيغۇر (تارانچى)، قازاق، قىرغىز، ئۆزبېك، تاتار ۋە موڭغۇللارغا ئوخشاش توپلۇقلارنىڭ ئانا ۋەتىنى بولغان شەرقىي تۈركىستان خىتاي تەرىپىدىن ئىشغال قىلىنىپ بۇلاڭ-تالاڭغا ۋە ئېغىر زۇلۇمغا ئۇچرىدى. خىتاي شىنجاڭ ياكى خىتاينىڭ غەربىي رايونى دەپ ئاتايدىغان شەرقىي تۈركىستانغا بىر مىليون خىتاي كۆچۈرۈپ كېلىپ، شەرقىي تۈركىستاننى ئۆزىنىڭ مۇستەملىكىسىگە ئايلاندۇردى. خىتاي شەرقىي تۈركىستاندا سىياسىي زۇلۇم ۋە ئىقتىسادىي شۇمۇرۇش قاتارلىق ئىنسان قېلىپىدىن چىققان قىلمىشلارنى سادىر قىلدى. شىڭ شىسەي 1937 -يىلدىن باشلاپ خوجا نىياز ۋە شەرىفخانغا ئوخشاش نۇرغۇن مىللىي رەھبىرىمىزنى قەتلى قىلدى، بۇ ۋەھشىيانە زۇلۇمغا قارشى چىققانلارنىمۇ قىرغىن قىلدى. بۇ سەۋەبتىن شەرقىي تۈركىستاندىكى خىتاي ھاكىمىيىتىگە خاتىمە بېرىش ۋە خەلقىمىزنى زالىم خىتاي ھاكىمىيىتىدىن قۇتقۇزۇش نىشان قىلىنىدى. خەلقىمىزنى خىتاي زۇلۇمىدىن، قەتلىئامىدىن، شۇمۇرۇشىدىن قۇتقۇزۇش ئارقىلىق خەلقىمىزنى ئەركىن، باياشات، باراۋەر، خۇشال-خۇراملىققا تولغان ھاياتقا ئېرىشتۈرۈپ ئۈلۈس بەرپا قىلىنىدۇ. بۇ چوقۇم ئىشقا ئاشىدۇ، بىز نېمە ئۈچۈن كۈرەش قىلىمىز؟ تېمىسىدىكى بۇ كىتابچە مۇستەقىللىق خىتابنامىسىدۇر.»

زالىمغا بويۇن ئەگمەسلىك، زۇلۇمنى قەتئىي قوبۇل قىلماسلىق، ئادالەت ۋە ئەركىنلىكنى ياقلاش تۈرك خەلقىنىڭ ھايات پەلسەپىسىدۇر. كۆك تۈركلەر 630 - يىلى ھاكىمىيەتنى يوقىتىپ قويۇپ، تاڭ سۇلالىسىنىڭ ھاكىمىيىتى ئاستىدا 50 يىل ئاسارەت ئاستىدا ياشىدى. نۇرغۇن قېتىم تاڭ ھاكىمىيىتىگە قارشى قوزغىلاڭ كۆتۈردى ۋە ئاخىرى 682 - يىلى مۇستەقىللىققا ۋە ئەركىنلىككە قايتا ئېرىشتى. بىلگە قاغان مەڭگۈ تېشى تۈرك خەلقىنىڭ بۇ ھايات پەلسەپىسىنى ئەكس ئەتتۈردۇ. ئەركىنلىكنى يوقىتىپ قويۇشنىڭ ئەلەمىنى، ئەركىنلىككە ئېرىششىنىڭ خۇشاللىقىنى ئالاھىدە تەكىتلىگەن بىلگە قاغان تۈرك خەلقىگە ناھايىتى ئىبرەتلىك ۋە مۇھىم ۋەسىيەتنامە قالدۇرۇپ قويىدى.

شەرقىي تۈركىستان خەلقى دەل مۇشۇ ھايات پەلسەپىسىنى قوبۇل قىلغانلىقتىن 138 يىلدىن بېرى ئەركىنلىك ۋە مۇستەقىللىقنى قولغا كەلتۈرۈش ئۈچۈن خىتايغا قارشى تىنىمسىز كۈرەش قىلىپ كەلمەكتە. قىسقىسى، كۈرەش قىلماي تۇرۇپ ئەركىن، ھۆر ۋە بەخت - سائادەت ئىچىدە ياشاش مۇمكىن ئەمەس.



# خىتاي—سوۋېت مۇناسىۋىتىدىكى شەرقىي تۈركىستان مەسىلىسى

## (1944 - 1945)



**دىر.ئەركىن ئەكرەم**

ئۇيغۇر تەتقىقات ئىنستىتۇتى مۇدىرى.

ھاجەتتەپە ئۇنىۋېرسىتېتى ئەدەبىيات

فاكۇلتېتى تارىخ بۆلۈمى ئوقۇتقۇچىسى

E - mail: eekrem@hacettepe.edu.tr

■ **بېشى ئالدىنقى ساندا**

*ژۇرنال ئىلاۋىسى: ماقالىدە خىتايچە رەسمىي ھۆججەتلەردىن ئېلىنغان ئىسىملار، تېرمىنلار، ھۆججەتلەرنىڭ ئىسىملىرى ۋە شۇنىڭغا ئوخشاش ئىبارىلەر قوش تىرناق ئىچىگە ئېلىنىپ ئەسلى ماتېرىياللاردىكى ئاتىلىشى بويىچە بېرىلدى.*

### مەنپەئەتكە ئېرىشىپ، شەرقىي تۈركىستاننى قۇربان قىلىش

1945 - يىلى 9 - ئاينىڭ 12 - ، 13 - كۈنلىرى شىخۇ، جىڭ ناھىيەلىرى ئارقا - ئارقىدىن قولدىن كەتتى. «شىنجاڭ» مۇھاپىزەتچى ئارمىيەسىنىڭ قالدۇق قىسىملىرى مۇھاسىرىنى بۆسۈپ ئۆتۈپ، ماناس دەرياسىنىڭ شەرقىي قىرغىقىدىن بۇرۇلۇپ

ئىلگىرىلىدى. غۇلجا مىللىي ئارمىيەسىمۇ ئىز بېسىپ قوغلىغان بولۇپ، پۇرسەتتىن پايدىلىنىپ، ئۈرۈمچىنى ئىگىلەش ۋەزىيىتى شەكىللەنگەنىدى. جياڭ جېيشى 5 - جەڭ رايونىنىڭ قوماندانى گوجىجياۋنى شەرقىي تۈركىستاندىكى ئالدىنقى سەپكە ياردەمگە ئەۋەتتى. 9 - ئاينىڭ ئوتتۇرىسى ۋە ئاخىرلىرىدا مىللىي ئارمىيە كۆپ قېتىم توپلىنىپ، ماناس دەرياسىغا ئۇدۇل ۋە يان تەرەپتىن نەچچە قېتىم ھۇجۇم قىلغان بولسىمۇ، ئەمما دەريادىن ئۆتۈپ، ئۈرۈمچىگە كىرىش مۇمكىنچىلىكى بولمىدى. كېيىن مىللىي ئارمىيە ماناس دەرياسىنىڭ غەربىي قىرغىقىغا چېكىندى. گو جىجياۋ پۇرسەتتىن پايدىلىنىپ، مىللىي ئارمىيەگە قوغلاپ زەربە بېرىش ئۈچۈن، جياڭ جېيشىغا ئەسكەر كۆپەيتىپ بېرىش ھەققىدە تېلېگرامما يوللىدى. گو جىجياۋ: «نۆۋەتتە دۇنيا ئۇرۇشى ئاياغلاشتى، سوۋېت ئىتتىپاقى ئامېرىكىدىن تەپتارتىدۇ، شۇڭا ھەرگىز ئالدىراپ ئەسكەر چىقىرىپ، ئۇرۇشقا قاتناشمايدۇ. مەن پۇرسەتتىن پايدىلىنىپ، ئاۋۋال قولدىن كەتكەن جايلارنى قايتۇرۇۋېلىشىم كېرەك» دەپ تەھلىل قىلغانىدى.[1] ئەمما گومىنداڭ ھۆكۈمىتى شەرقىي شىمالدىكى ئۈچ ئۆلكىنى قايتۇرۇۋېلىش بىلەن ئالدىراش بولغاچقا، ھەربىي كۈچىنى بۆلۈپ، شەرقىي تۈركىستان مەسىلىسىنى ھەل قىلىشقا قۇربى يەتمەيتتى. 1944 - يىلى 11 - ئايدىن 1945 - يىلى 9 - ئايغىچە بولغان مەزگىلدە، گومىنداڭ ھۆكۈمىتىنىڭ سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ يوشۇرۇن قول تىقىشىغا قارشى قوللانغان شەرقىي تۈركىستان مەسىلىسىنى قورال كۈچى ئارقىلىق ھەل قىلىش تەدبىرلىرى توسقۇنلۇققا ئۇچرىغاچقا، ئامالسىز دىپلوماتىك ھەل قىلىش يوللىرى ھەققىدە ئىزدەندى.

گومىنداڭ ھۆكۈمىتىنىڭ شەرقىي تۈركىستان مەسىلىسىنى سىياسىي يول بىلەن ھەل قىلىش پىكرى خىتاي - سوۋېت سۆھبىتىنىڭ جەريانى بىلەن مۇناسىۋەتلىك. 11 - ئىيۇل گومىنداڭ ھۆكۈمىتى موسكۋانىڭ شەرقىي تۈركىستان مەسىلىسىگە قول تىقماسلىق ھەققىدە يازما كاپالەت بېرىشىنى خالايدىغانلىقىنى مۇئەييەنلەشتۈرگەندىن كېيىن، جياڭ جېيشى 17 - ئىيۇل جۇ شياۋلياڭ ۋە ۋۇ جۇڭشىنغا 10 - ئايدا «ئىلىنى قايتۇرۇۋېلىش»قا تەييارلىق قىلىش ھەققىدە بۇيرۇق چۈشۈردى. جۇ شياۋلياڭ بىلەن ۋۇ جۇڭشىننىڭ قارىشىچە، ئەگەر سۇڭ زىۋېن بىلەن ستالىننىڭ سۆھبىتى ئوڭۇشلۇق بولۇپ، خىتاي - سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ دىپلوماتىك مۇناسىۋىتى ياخشىلانسا، ئىككى تەرەپ شەرقىي تۈركىستان مەسىلىسىدە چۈشىنىش ھاسىل قىلالىسا، 10 - ئايدا سىياسىي يول بىلەن ئىلىنى قايتۇرۇۋالغىلى بولاتتى.[2] ئەمما ئەھۋال گومىنداڭ ھۆكۈمىتىنىڭ كۈتكىنىدەك تەرەققىي قىلماي، غۇلجا ھۆكۈمىتىنىڭ مىللىي ئارمىيەسى شىمال، ئوتتۇرا، جەنۇب لىنىيەسى بويىچە ئۈرۈمچى ھۆكۈمىتىگە قارشى ئومۇميۈزلۈك ھۇجۇم قوزغىدى.[3] شەرقىي تۈركىستان مەسىلىسىنى سىياسىي يول بىلەن ھەل قىلىش ئىستراتېگىيەسى ۋاقتىنچە قويۇپ تۇرۇلدى. «خىتاي - سوۋېت دوستلۇق ۋە ئىتتىپاقداشلىق شەرتنامىسى» ئىمزالانغاندىن كېيىن، جياڭ جېيشى 24 - ئاۋغۇست دۆلەت بىخەتەرلىك ئالىي كومىتېتى ۋە گومىنداڭ دائىمىي مەركىزىي كومىتېتىنىڭ ۋاقىتلىق بىرلەشمە يىغىنىدا مىللەتلەر مەسىلىسىنى ھەل قىلىش ھەققىدە كۆرسەتمە بېرىپ: «نۆۋەتتە خەلقئارادىكى مىللەتچىلىك مەسىلىسى ھەل قىلىندى. بىز ئەمدى دۆلەت ئىچىدىكى مىللەتچىلىك مەسىلىسىنى ھەل قىلىشىمىز كېرەك. بىزنىڭ سىياسىتىمىز بولسا: دۆلەت ئىچىدىكى ھەرقايسى مىللەتلەردىن ئاپتونومىيە ئىقتىدارى

ھازىرلىمىغانلارغا ياردەم بېرىش ئارقىلىق، ئۇلارنى ئاپتونومىيە ئىقتىدارىغا ئىگە قىلىش كېرەك. چېگرا رايونىدا ياشاۋاتقان مىللەتلەرگە كەلسەك، ئۇلار ئاپتونومىيە ئىقتىدارىغا ئىگە بولغاندا، ئۇلارغا ئاپتونومىيە بېرىشكە بولىدۇ» دېگەن.[4] گەرچە شەرقىي تۈركىستان مەسىلىسىنى پەسەيتىشكە پايدىلىق بولغان بۇ كۆرسەتمە مەسئۇت سابىرى بايقۇزى (1887 ـ 1952)، مۇھەممەد ئەمىن بۇغرا (1901 ـ 1965) ۋە ئىيسا يۈسۈپ ئالىپتېكىن (1901 ـ 1995) قاتارلىق شەرقىي تۈركىستانلىق مىللەتچىلەر ئاكتىپ تەشەببۇس قىلىپ كەلگەن قاراش بولسىمۇ، ئەمما سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ قوللىشىدىكى غۇلجا ھۆكۈمىتى ئىنتىلگەن «مىللىي ئازادلىق» ھەرىكىتىنىڭ نىشانى بىلەن يەنىلا پەرق بار ئىدى.[5] شۇڭلاشقا شەرقىي تۈركىستان ۋەزىيىتى كونتروللۇقنى يوقاتقان بىر پەيتتە، گومىنداڭ ھۆكۈمىتى سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ تەسىر كۈچىدىن پايدىلىنىپ، شەرقىي تۈركىستان مەسىلىسىنى ھەل قىلىش ئۈچۈن ئىزدىنىشكە باشلىدى. 9 ـ ئاينىڭ بېشىدا جياڭ جيېشى گومىنداڭ ـ خىتاي كومپارتىيەسى تىنچلىق سۆھبىتىدە تەجرىبە توپلىغان ھەربىي كومىتېت سىياسىي بۆلۈمىنىڭ باشلىقى جاڭ جىجوڭنى شەرقىي تۈركىستانغا ئەۋەتىشنى قارار قىلدى ۋە ئۇنىڭ ۋەزىپىسىنىڭ «جەڭگىۋارلىقنى كۈچەيتىش، كىشىلەرنىڭ كۆڭلىنى خاتىرجەم قىلىش، بۇ قېتىملىق ۋەقەنىڭ ھەقىقىي ئەھۋالىنى تەكشۈرۈش، مەسىلىنى ھەل قىلىش قوللانمىسى سۈپىتىدە دوكلات سۇنۇش» ئىكەنلىكى ھەققىدە يوليورۇق بەردى. شۇنداق قىلىپ جاڭ جىجوڭ 12 ـ سېنتەبىر چۇڭچىڭدىن ئۈرۈمچىگە قاراپ ئۇچتى.[6]

جاڭ جىجوڭ 14 ـ سېنتەبىر شەرقىي تۈركىستاندا تۇرۇشلۇق دىپلوماتىك ئالاھىدە ۋەكىل لىيۇ زېرۇڭنىڭ ھەمراھلىقىدا سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ ئۈرۈمچىدە تۇرۇشلۇق باش كونسۇلى يېۋسېيېۋنى (Yevseyev) زىيارەت قىلىپ، «غۇلجا ۋەقەسى» ھەققىدە پىكرىنى ئالدى. يېۋسېيېۋ بۇنىڭ پۈتۈنلەي «شىنجاڭ ئۆلكىسى»دىكى ئىچكى ئىش ئىكەنلىكىنى، سوۋېت ئىتتىپاقى بىلەن خىتاي موسكۋادا كېلىشىم تۈزگەندە، سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ شەرقىي تۈركىستاندىكى ئىچكى ئىشلارغا ئارىلاشمايدىغانلىقى ھەققىدە رەسمىي باياناتى ئېلان قىلغانلىقىنى، چۈنكى سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ شەرقىي تۈركىستان زېمىنىغا نىسبەتەن قارا نىيىتى يوقلۇقىنى بىلدۈردى. ئۇنىڭ قارىشىچە، ھازىر ئەڭ ياخشىسى «غۇلجا ۋەقەسى»نى تىنچ يول بىلەن ھەل قىلىش كېرەك ئىدى. جاڭ جىجوڭ يېۋسېيېۋدىن تىنچ ھەل قىلىش يولىدىكى توسالغۇلارنى ئېچىپ بېرىشنى خالايدىغان ـ خالىمايدىغانلىقىنى سوراپ، ئىككى تەرەپتىن ۋەكىل چىقىرىپ رەسمىي سۆھبەت ئۆتكۈزۈش ئۈچۈن، ئالدى بىلەن غۇلجا تەرەپنىڭ ھەربىي ھەرىكىتىنى دەرھال توختىتىۋېتىش كېرەكلىكىنى، ئەگەر ھەربىي ھەرىكەت كېڭىيىپ كەتسە، تىنچ ھەل قىلىش پۇرسىتى قالماسلىقى مۇمكىنلىكىنى ئېيتتى. يېۋسېيېۋ ئۆزىنىڭ ئىنتايىن ياردەم قىلغۇسى بارلىقىنى، ئەمما خىتاي ھۆكۈمىتى سوۋېت ئىتتىپاقى ھۆكۈمىتىگە تەلەپ سۇنسا، ئېھتىمال ئاسان ۋە ئۈنۈملۈك بولىدىغانلىقىنى ئېيتتى.[7] جاڭ جىجوڭ شۇ كۈنى جياڭ جيېشىغا تېلېگرامما يوللاپ: «ھازىر ۋەزىيەت ئىنتايىن جىددىي. غۇلجا ئارمىيەسى ئىلگىرىلەشنى توختاتمىغان تەقدىردە، ئۈرۈمچىنى ساقلاپ قېلىشقا ھەققەتەن كاپالەتلىك قىلغىلى بولمايدۇ» دېدى.[8] ئۇ سوۋېت ئىتتىپاقىنى مۇرەسسە قىلىشقا تەكلىپ قىلىشنى تەۋسىيە قىلدى. شۇ كۈنى دىپلوماتىك ئالاھىدە ۋەكىل لىيۇ زېرۇڭمۇ تاشقى ئىشلار مىنىستىرلىقىغا

تېلېگرامما يوللاپ، شەرقىي تۈركىستان مەسىلىسىنى پەقەت دىپلوماتىك يول بىلەنلا ھەل قىلغىلى بولىدىغانلىقىنى، خىتاي ھۆكۈمىتى رەسمىي ھالدا سوۋېت ئىتتىپاقىغا تەكلىپ سۇنسا تېخىمۇ ئۈنۈملۈك بولىدىغانلىقىنى ئېيتتى.[9] شۇنىڭ بىلەن بىر ۋاقىتتا، سوۋېت ئىتتىپاقىمۇ 14 - سېنتەبىر غۇلجا ۋە چۆچەكنىڭ تەرەپىنىڭ سۆھبەت ئۆتكۈزۈشى ھەققىدە تەكلىپ سۇنغانىدى. ئۇندىن ئىلگىرى سوۋېت ئىتتىپاقى مۇئاۋىن تاشقى ئىشلار مىنىستىرى ۋىشىنسكى (Andrey Yanuaryevich Vyshinskiy, 1883 - 1954) ۋە دۆلەت بىخەتەرلىك كومىتېتى رەئىسى بېرىيە بىرلىكتە تەييارلىغان شەرقىي تۈركىستان جۇمھۇرىيىتى ھۆكۈمىتى ۋە گومىنداڭ ھۆكۈمىتىنىڭ سۆھبەت مەزمۇنى ۋە ئىستراتېگىيە دوكلاتى، سوۋېت كومپارتىيەسى مەركىزى كومىتېتىغا سۇنۇلۇپ مۇزاكىرە قىلىنغانىدى. مەزكۇر دوكلاتتا شەرقىي تۈركىستان جۇمھۇرىيىتى ھۆكۈمىتى ۋە گومىنداڭ ھۆكۈمىتى ئوتتۇرىسىدىكى سۆھبەت مەزمۇنى ۋە دائىرىسىنىڭ «خىتاي - سوۋېت دوستلۇق ۋە ئىتتىپاقداشلىق شەرتنامىسى»نىڭ روھىدىن چەتنەپ كەتمەسلىكى، بەلكى بۇ شەرتنامە ئاساسىدا سۆھبەت ئۆتكۈزۈشى كېرەكلىكى بىلدۈرۈلگەن.[10] سوۋېت كومپارتىيەسى مەركىزى كومىتېتى مەزكۇر دوكلاتقا ئاساسەن، «شىنجاڭ ۋەزىيىتىگە ئالاقىدار قارار» دېگەن بىر قارارنى ماقۇللىدى. ئۇنىڭ ئاساسلىق مەزمۇنى بولسا: 1. «خىتاي - سوۋېت دوستلۇق ۋە ئىتتىپاقداشلىق شەرتنامىسى» ۋە باشقا بىر يۈرۈش كېلىشىملەرگە، شۇنداقلا ئىككى تەرەپنىڭ شەرقىي تۈركىستان مەسىلىسىدە ئۆزئارا تاپشۇرغان نوتىلىرىغا ئاساسەن، شەرقىي تۈركىستاندىكى قوزغىلاڭچىلار ۋە خىتاي مەركىزىي ھۆكۈمىتى ئوتتۇرىسىدا ياراشتۇرۇش خىزمىتىنى ئۈستىگە ئېلىشنى مۇۋاپىق دەپ قاراشقا بولىدۇ؛

2. سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ خىتايدا تۇرۇشلۇق باش ئەلچىسى پېتروفقا خىتاي ھۆكۈمىتىگە بۇ ھەقتە مۇۋاپىق بايانات ئېلان قىلىش تاپشۇرۇلىدۇ؛

3. شەرقىي تۈركىستاندىكى قوزغىلاڭچىلارنىڭ مۇۋاپىق پەيتتە (كەلگۈسىدە ئۆتكۈزۈلىدىغان سۆھبەت مەزگىلىنى ئۆز ئىچىگە ئېلىشى مۇمكىن) قوراللىق كۈچىنىڭ ئاكتىپ ھەرىكەتلىرىنى ۋاقىتلىق توختىتىپ، خىتاي تەرەپىنىڭ ئىنكاسىنى كۆزىتىش تەۋسىيە قىلىنىدۇ.[11] 15 - سېنتەبىر كەچ سائەت يەتتە يېرىمدا پېتروف خىتاينىڭ مۇئاۋىن تاشقى ئىشلار مىنىستىرى گەن نەيگۇاڭنى زىيارەت قىلىپ، ئەگەر كېرەك بولسا سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ خىتاينىڭ غۇلجا ۋەقەسىنى ھەل قىلىشىغا ياردەم بېرىشنى خالايدىغانلىقىنى بىلدۈردى.[12] شۇ كۈنى خىتاي تاشقى ئىشلار مىنىستىرى ۋاڭ شىجيې لوندوندا سوۋېت ئىتتىپاقى تاشقى ئىشلار مىنىستىرى مولوتوف بىلەن كۆرۈشۈپ، شەرقىي تۈركىستان مەسىلىسى توغرۇلۇق سۆزلەشتى. مولوتوف بۇنىڭ ۋاقىتلىق ھادىسە ئىكەنلىكىنى، ۋاڭ شىجيېنىڭ خاتىرجەم بولۇشى كېرەكلىكىنى بىلدۈرۈپ، بۇ ئىشنىڭ ئاخىرلىشىدىغانلىقىغا ئىشارەت قىلدى. ۋاڭ شىجيېنىڭ مۆلچەرىچە، بۇ سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ سوۋېت - خىتاي شەرتنامىسى تەستىقلىنىشتىن بۇرۇنقى ئالدىن بېكىتىلگەن قەدەملىرى بولۇشى مۇمكىن بولۇپ، بۇندىن بۇرۇن ئاشكارىلانمىغانىدى.[13] 16 - سېنتەبىر سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ خىتايدىكى باش ئەلچىخانىسى مەسلىھەتچىسى مىكلاسېۋسكىچ تاشقى ئىشلار مىنىستىرلىقىنى زىيارەت قىلىپ، باش ئەلچى پېتروفنىڭ تۈنۈگۈن مۇئاۋىن مىنىستىر گەن نەيگۇاڭ بىلەن ئۆتكۈزگەن سۆھبەت مەزمۇنىنىڭ توغرا ئىكەنلىكىنى ئىزھالاپ ئۆتتى ۋە سۆھبەتنىڭ يېزىقچە خاتىرىسىنى تاپشۇردى:

«سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ غۇلجىدا تۇرۇشلۇق كونسۇلخانىسى سوۋېت ئىتتىپاقى ھۆكۈمىتىگە دوكلات قىلدۇكى: ئۆزلىرىنى شىنجاڭ ئىسيانىدىكى خەلق ۋەكىللىرى دەۋالغان بىر بۆلۈك تۇڭگانلار كونسۇلخانىمىزغا ئىلتىماس سۇنۇپ، رۇسلارنىڭ ئوتتۇرىغا چۈشۈپ ۋاستىچى بولۇشىنى، ئۇلار بىلەن خىتاي دائىرىلىرى ئوتتۇرىسىدا يۈز بەرگەن توقۇنۇشتا ياراشتۇرغۇچى رولىنى ئوينىشىنى ئۈمىد قىلىدىغانلىقىغا ئىشارەت قىلدى. ئۇلار ئىسيان كۆتۈرگۈچىلەرنىڭ خىتايدىن ئايرىلىپ چىقىش پىكرىنى تەشەببۇس قىلمايدىغانلىقىنى، ئاساسلىق مەقسىتىنىڭ شىنجاڭدىكى ئىلى، ئالتاي، تارباغاتاي ۋە قەشقەر قاتارلىق تۇڭگانلار كۆپ سانلىقنى ئىگىلەيدىغان يەرلەردە ئاپتونومىيە ھوقۇقى تەلەپ قىلىدىغانلىقىنى بىلدۈردى. بۇ ۋەكىللەر شىنجاڭدىكى تۇڭگانلارنىڭ ھوقۇقى يوق ئىكەنلىكىنى، خىتاي دائىرىلىرىنىڭ ئېزىشلىرى، قانۇنسىزلىقلىرى ۋە زۇلۇملىرى تۇڭگانلارنى ئوتتۇرىغا چىقىپ، قورال ئارقىلىق ئۆز ھوقۇقلىرىنى قوغداشقا مەجبۇرلىغانلىقىنى بايان قىلدى. سوۋېت ئىتتىپاقى ھۆكۈمىتى شىنجاڭ بىلەن تۇتىشىدىغان چېگرادا تىنچلىق ۋە تەرتىپنىڭ مۇقىملىقىغا كۆڭۈل بۆلىدۇ. ئەگەر خىتاي ھۆكۈمىتى خالىسا، شىنجاڭنىڭ نۆۋەتتىكى ۋەزىيىتىنى تەرتىپكە سېلىش ئۈچۈن، غۇلجىدا تۇرۇشلۇق كونسۇلىنى خىتاي ھۆكۈمىتىنى زۆرۈر ياردەملەر بىلەن تەمىنلەشكە ئورۇنلاشتۇرىدۇ».[14]

گومىنداڭ ھۆكۈمىتى تاشقى ئىشلار مىنىستىرلىقى جياڭ جيېشىنىڭ قوشۇلۇشىدىن كېيىن، 17 - سېنتەبىر سوۋېت ئىتتىپاقى باش ئەلچىسىگە مۇنۇلارنى بىلدۈردى: «1. شىنجاڭدىكى تۇڭگانلارنىڭ ئىسيانى مەسىلىسىدە سوۋېت ئىتتىپاقى ھۆكۈمىتىنىڭ ياردەم بېرىشنى خالايدىغانلىقىنى بىلدۈرگەنلىكىدىن ھۆكۈمىتىمىز ئىنتايىن مىننەتدار. 2. چېگرا رايونى خەلقىنىڭ ھەق - ھوقۇقلىرىنى ياخشىلاش مەسىلىسىدە، رەئىس جياڭ شىنجاڭ خەلقىگە ئالاھىدە كۆڭۈل بۆلىدىغانلىقىنى بۇرۇنلا جاكارلاپ بولغان. بۇ قېتىملىق ۋەقەدە ھۆكۈمەت مىنىستىرى جاڭ (جاڭ جىجۇڭ)نى شىنجاڭنى تەكشۈرۈشكە يوشۇرۇن ئەۋەتىپ، مۇئامىلىنى ياخشىلاشتا ئاساس ياراتتى. 3. ھۆكۈمىتىمىز مەسلىھەت بىلەن ھەل قىلىش ئۈچۈن، ۋەقە تۇغدۇرغۇچىلارنىڭ ئۈرۈمچىگە ۋەكىل ئەۋەتىپ، جاڭ مىنىستىرغا تەكلىپ - پىكىرلىرىنى بايان قىلىشىنى ئۈمىد قىلىدۇ. ھۆكۈمەت چوقۇم بېكىتىلگەن سىياسەتلەرگە ئاساسەن، شىنجاڭدىكى بارلىق كىشىلەرنى ئىچكىرىدىكى خەلق بىلەن سىياسىي، ئىقتىسادىي جەھەتتىن باراۋەر مۇئامىلىگە ئىگە قىلىدۇ. 4. سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ غۇلجىدا تۇرۇشلۇق كونسۇلخانىسى ياردەم قىلىشنى خالىسا، ۋەكىللىرىنى ئۈرۈمچىگە ئەۋەتىپ، جاڭ مىنىستىر بىلەن كۆرۈشۈپ، تىنچ ھەل قىلىش يوللىرى ھەققىدە مەسلىھەتلەشكەي. ۋەكىللەرنىڭ بىخەتەرلىكىگە پۈتۈن كۈچىمىز بىلەن كاپالەتلىك قىلىمىز».[15] گەرچە گومىنداڭ ھۆكۈمىتى بۇنداق دوستلۇق كۆرسەتكەن بولسىمۇ، ئەمما جياڭ جيېشى يەنىلا سوۋېت ئىتتىپاقى ھۆكۈمىتىگە ئىشەنمەيتتى. جياڭ جيېشى سوۋېت ئىتتىپاقى ھۆكۈمىتىنىڭ ئوتتۇرىغا چىقىپ، غۇلجا ۋەقەسىدە ياراشتۇرغۇچى بولۇشىغا قارىتا 4 - ئۆكتەبىردىكى خاتىرىسىدە: «بۇ ئەمەلىيەتتە سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ ئىزچىل داۋاملاشتۇرۇۋاتقان سىياسىتىنى مۇستەھكەملەش، پايدىلىنىش ئۈچۈن قورچاق ياساپ چىقىشىدۇر»، «ئاتالمىش ياراشتۇرۇش، مەسلىھەتلىشىش بولسا ئەمەلىيەتتە ئۇنىڭ ئۆزىنى ئوڭشىۋېلىش ھىيلىسى»، «بىز شەرقىي شىمالنى تېخى قايتۇرۇۋالمىدۇق، خىتاي - سوۋېت ئىتتىپاقى شەرتنامىسى ئىمزالانغىنىمۇ ئۇزۇن بولمىدى.

شۇڭا ئاۋۋال ئۇلارنىڭ تەپسىلات ۋە شەرتلەرنى ئوتتۇرىغا قويۇشىنى ساقلاپ، ئاندىن پرىنسىپ ھەققىدە توختىلىمىز».[16]

بۇ چاغدا سوۋېت ئىتتىپاقى شەرقىي تۈركىستان جۇمھۇرىيىتىنى قۇربان قىلىپ، خىتايدىكى ئالاھىدە مەنپەئەتكە ئېرىشىش ھەققىدە ئاخىرقى قارارنى چىقىرىپ بولغانىدى. غۇلجا ھۆكۈمىتى ئارمىيەسىنىڭ ھەربىي قىسمىنىڭ نىمە ئۈچۈن 9 - ئاينىڭ ئوتتۇرىلىرىدا قۇرۇق قالغان ئۈرۈمچىگە غەلىبىسېرى ئىلگىرىلەپ ھۇجۇم قىلىپ كىرمەستىن، ماناس دەرياسىنىڭ غەربىي قىرغىقىدا ئەسكەرلىرىنى توختىتىپ بۇيرۇق كۈتۈشىنىڭ، ئەمەلىيەتتە، سوۋېتى ئىتتىپاقىنىڭ شەرقىي تۈركىستان سىياسىتىنى ئۆزگەرتكەنلىكى سەۋەبىدىن بولغانلىقى ئېنىق ئىدى. ئەمما سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ شەرقىي تۈركىستان مەسىلىسىنى ھەل قىلىشقا قوشۇلۇشىدىكى نىشانى ۋە قىزىل سىزىقى شەرقىي تۈركىستاننىڭ ئاپتونومىيەسى ئىدى.

سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ شەرقىي تۈركىستان سىياسىتىنى ئۆزگەرتىشى 1945 - يىلى 9 - ئاينىڭ ئوتتۇرىسىدا باشلانغان ئەمەس، بەلكى خىتاي - سوۋېت سۆھبىتىنىڭ تەييارلىق مەزگىلىدىلا باشلانغان. 1945 - يىلى 9 - ئىيۇن تاشقى ئىشلار مىنىستىرلىقىنىڭ خاس ۋەكىلى لىيۇ زېرۇڭ سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ ئۈرۈمچىدە تۇرۇشلۇق باش كونسۇلى يېۋسېيېوفنى زىيارەت قىلغان ۋاقىتتا، سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ غۇلجا ۋەقەسىنى بېسىقتۇرۇشتا دوستانە ياردەمدە بولۇشى ھەققىدىكى تەلىپىنى ئوتتۇرىغا قويغانىدى. يېۋسېيېوفمۇ بۇ مەسىلىدە موسكۋادىن يوليورۇق ئېلىشى كېرەكلىكىنى بىلدۈرگەنىدى.[17] گومىنداڭ ھۆكۈمىتىنىڭ خىتاي - سوۋېت سۆھبىتىدىن ئىلگىرى سوۋېت ئىتتىپاقىدىن غۇلجا ۋەقەسىنى تىنچىتىشقا ياردەم بېرىشنى تەلەپ قىلىش تىرىشچانلىقى ئۈنۈم بەرمىدى. شۇنىڭ بىلەن بىرگە، سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ يۇقىرى قاتلامدىكىلەر خىتاي - سوۋېت سۆھبىتىنىڭ نەتىجىلىك بولۇشى ئۈچۈن، شەرقىي تۈركىستان سىياسىتىنى ئۆزگەرتىشنى ئويلىشىشقا باشلىدى. 10 - ئىيۇن رېبىيا شەرقىي تۈركىستان جۇمھۇرىيىتى ھەربىي كومىتېتىنىڭ مەسلىھەتچىسى يېگناروف تاپشۇرغان بىر دوكلاتقا «ئۈچ ۋىلايەتتىكى ھەربىي ھەرىكەت توختىتىلسۇن» دەپ ئىزاھات قوشقان.[18] بۇنىڭ سەۋەبى، خىتاي سىياسىتىنى ئۆزگەرتىش ئۈچۈن بولۇپ، بىر تەرەپتىن سوۋېت ئىتتىپاقى ياپونىيەگە ئۇرۇش ئېلان قىلىشتا خىتاينىڭ قوللىشىغا ئېھتىياجلىق ئىدى، يەنە بىر تەرەپتىن، خىتاي - سوۋېت ئىتتىپاقى دوستلۇق شەرتنامىسى ئۈچۈن دوستانە مۇھىت بەرپا قىلماقچى ئىدى. بۇنىڭدىن بىلىۋېلىشقا بولىدۇكى، سوۋېتنىڭ شەرقىي تۈركىستان مەسىلىسىنى ئۆز ئىچىگە ئالغان خىتاي سىياسىتىنى ئۆزگەرتىشى، پەقەت بىر ئىستراتېگىيەلىك تەڭشەش ئىدى. شۇڭلاشقا سوۋېت ئىتتىپاقى يۇقىرى قاتلامدىكىلەر غۇلجا ھۆكۈمىتىنى پۈتۈنلەي كونترول قىلىش، شۇنداقلا خىتاي - سوۋېت سۆھبىتىدە ئۇنى كوزىر سۈپىتىدە ئوتتۇرىغا تاشلاش ئۈچۈن، شەرقىي تۈركىستان جۇمھۇرىيىتىنىڭ داۋاملىق تەرەققىي قىلىشىنى قوللاش قارارىغا كەلگەن. رۇسىيە فېدېراتىپ ئارخىپخانىسىدىكى مەلۇماتلارغا ئاساسلانغاندا، سوۋېت ئىتتىپاقى ھۆكۈمىتى شەرقىي تۈركىستان جۇمھۇرىيىتىدىكى ئۇتۇقلىرىنى مۇستەھكەملەش ئۈچۈن، 1945 - يىلى 6 - ئايدا سوۋېت كومپارتىيەسى سىياسىي كومىتېتى شەرقىي تۈركىستان مەسىلىسى بويىچە ئالاھىدە يىغىن ئاچقان ۋە شەرقىي تۈركىستان جۇمھۇرىيىتىنىڭ ھەربىي كۈچىنى ئاشۇرۇش ئۈچۈن، مەزكۇر جۇمھۇرىيەت كونتروللۇقىدىكى رايونلارغا 500

ھەربىي قوماندان ۋە 2000 ئەسكەر ئەۋەتىشنى قارار قىلغان. ئىچكى ئىشلار مىنىستىرى رىبىيا خەلق كېڭىشىنىڭ بىرىنچى قول مۇئاۋىن رەئىسى ۋە تاشقى ئىشلار مىنىستىرى مولوتوفقا سۇنغان دوكلاتىغا ئاساسلانغاندا، مەزكۇر قارار ئىجرا قىلىنغان.[19] سوۋېت ئىتتىپاقى ھۆكۈمىتى شەرقىي تۈركىستان جۇمھۇرىيىتىنىڭ ھەربىي كۈچىنى زورايتىش ئۈچۈن، غۇلجا ھۆكۈمىتىنى زەمبىرەك، ئوق - دورا، ئاپتوموبىل، تېلېفون ۋە سىمسىز تېلېگراف ئۈسكۈنىلىرى قاتارلىق زور مىقداردىكى قورال - ياراغ بىلەن تەمىنلىگەن.[20] سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ قوللىشى بىلەن، غۇلجا ھۆكۈمىتىنىڭ مىللىي ئارمىيەسى خىتاي - سوۋېت سۆھبىتى ئۆتكۈزۈلۈۋاتقان مەزگىلدىمۇ، ھەربىي ھەرىكىتىنى توختاتمىغان. ھەتتا «خىتاي - سوۋېت دوستلۇق ۋە ئىتتىپاقداشلىق شەرتنامىسى» ئىمزالانغاندىن كېيىنمۇ، ئۇلارنىڭ ئۈرۈمچىنى نىشان قىلغان ھەربىي ھۇجۇمى تاكى 1945 - يىلىنىڭ ئاخىرىغىچە داۋاملاشقان.

بۇرۇنقى تەتقىقاتلار سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ 1945 - يىلى 9 - ئايدا شەرقىي تۈركىستان سىياسىتىنى ئۆزگەرتكەنلىكىگە دىققەت قىلغان بولسىمۇ، ئەمما ھەممىسى گومىنداڭ ياردەمچى قوشۇنى ئارقىمۇ - ئارقا شەرقىي تۈركىستانغا كىرگەن ۋە خىتاي - سوۋېت دوستلۇق ۋە ئىتتىپاقداشلىق شەرتنامىسى ئىمزالانغاندىن كېيىن يۈز بەرگەن، بۇ سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ شەرقىي تۈركىستان ھەققىدىكى ئىستراتېگىيەسى ۋە تاكتىكىسىنىڭ بۇرۇلۇش نۇقتىسى ياكى ئىپادىسى، دەپ قارىغان.[21] ئەمما ۋۇ شياڭشياڭنىڭ قارىشىچە، بۇ سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ يەنە بىر يېڭى ھىيلىسىنىڭ باشلىنىشى بولۇپ، ئۇ: «ئىلى، ئالتاي ۋە تارباغاتاي قولدىن كەتكەندىن كېيىن، توپىلاڭچىلار بىمالال ھەرىكەت قىلالايدىغان، ئۆلكىلىك ھۆكۈمەتنى بويسۇندۇرالايدىغان ئەۋزەل شارائىتقا ئىگە بولدى، قورال كۈچى ئىشلىتىشنىڭمۇ ھاجىتى قالمىدى. ئەگەر خەلقئارانىڭ دىققىتىنى قوزغاپ قالسا، مەقسىتىگە يەتكەن بولىدۇ. شۇڭلاشقا رۇس باشقۇنچىلىرى باندىت ماۋ زېدۇڭنى چۈگچېكگە بېرىشقا كۈشكۈرتۈپ، بىرلەشمە ھۆكۈمەت قۇرۇش شوئارىنى تۇۋلاش بىلەن بىرگە، غۇلجا ۋەقەسىدە مۇرەسسە قىلىشنى خالايدىغانلىقىنى بىلدۈردى. شۇنىڭ بىلەن ئۆزى كىچىك، ئەمما رېئال بولغان بىرلەشمە ھۆكۈمەت سۈيىقەستىمۇ شىنجاڭدا ھازىرلىنىشقا باشلىدى» دېگەن.[22] بۇرۇن ئامېرىكىنىڭ ئۈرۈمچىدە تۇرۇشلۇق كونسۇلى بولغان كىلابنىڭ قارىشىچە، سوۋېت ئىتتىپاقى تەرەپىنىڭ ئىلى مىللىي ئارمىيەسىنىڭ ئۈرۈمچىگە كىرىشىنى توسۇپ قويۇشى جاڭ جىجۇڭنىڭ غۇلجا ھۆكۈمىتى بىلەن گومىنداڭ ھۆكۈمىتى ئوتتۇرىسىدىكى زىددىيەتنى خەلقئاراغا مۇراجىئەت قىلماقچى بولۇشى بىلەن مۇناسىۋەتلىك بولۇپ، سوۋېت ئىتتىپاقى گومىنداڭ ھۆكۈمىتىنىڭ ئىتتىپاقدىشى بولغان ئامېرىكىنىڭ بۇ تالاش - تارتىشقا كىرىش ئېھتىماللىقىدىن ئەندىشە قىلغان.[23] بىر قىسىم تەتقىقاتچىلارمۇ بۇ خىل قاراشنى ئوتتۇرىغا قويغان بولۇپ، موسكۋا ھۆكۈمىتى خەلقئارادىكى ئوبرازىنى كۆزدە تۇتقانلىقى ئۈچۈن، گومىنداڭ ھۆكۈمىتىگە ماسلىشىپ، بۇ مەسىلىنى ھەل قىلىشقا قوشۇلغان، دەپ قارىغان. غۇلجا مىللىي ئارمىيەسىنىڭ پايدىلىق ۋەزىيەتتىمۇ ئۈرۈمچىنى ھۇجۇم قىلىپ ئالماسلىقىدىكى مۇھىم سەۋەبلەرنىڭ بىرى، ئۈرۈمچىدە ئامېرىكا ۋە ئەنگلىيەنىڭ كونسۇلخانىسى بارلىقى بولۇپ، سوۋېت ئىتتىپاقى تەبىئىيلا ئامېرىكا، ئەنگلىيە دىپلوماتلىرىنىڭ ئىلى ئىنقىلابىنى سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ قوللاۋاتقانلىقىغا بىۋاستە شاھىت بولۇشىنى خالىمايتتى.[24] شۇڭلاشقا، ئەينى ۋاقىتتا مەيلى ئىچكى، ياكى تاشقى

شارائىتتىن قارىغاندا، شەرقىي تۈركىستاننى خىتايدىن ئايرىپ چىقىش مەسىلىسىدە سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭمۇ تەپ تارتىدىغان نۇرغۇن تەرەپلىرى بار ئىدى.[25] ئەمما فورببېس بۇنى توغرا تاپمىغان بولۇپ، ئۇنىڭ قارىشىچە، سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ قوللىشىدا غۇلجا تەرەپنىڭ ئىلى، ئالتاي، تارباغاتاينى ئىگىلىشى بىلەن، ئەمەلىيەتتە، سوۋېت ئىتتىپاقى بۇ رايوندىكى ئىقتىسادىي ۋە ئېنېرگىيە مەنبەسى بايلىقى جەھەتتىن مەنپەئەتكە ئېرىشىپ بولغانىدى.[26] «شىنجاڭنىڭ بوران چاپقۇنلۇق 70 يىلى»نىڭ ئاپتورى جاڭ داجۈن بۇ جۇمھۇرىيەتنىڭ ئىچكى ئامىللىرىنى كۆزدە تۇتقان ئاساستا ئېيتىشىچە، غۇلجا ھۆكۈمىتىنىڭ ئۈرۈمچىگە ھۇجۇم قىلماسلىقىغا، غۇلجا تەرەپنىڭ تېخى جەنۇبىي شەرقىي تۈركىستاننى قولىغا ئالمىغانلىقى،[27] يەنى پۈرسەتنىڭ تېخى پىشىپ يېتىلمىگەنلىكى سەۋەب بولغان. فورببېسمۇ يەنە بىر خىل سىياسىي ۋەزىيەتنى تەھلىل قىلغانىدى، يەنى، شەرقىي تۈركىستاندا ئەسلىدىنلا سوۋېتلەرگە قارشى مىللەتچىلەر، جەنۇبىي شەرقىي تۈركىستاندىكى يەرلىك دىندار كۈچلەر ۋە سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ قوللىشىدىكى «ئاۋانگارتلار» بار ئىدى. غۇلجا ھۆكۈمىتىنىڭ ئىچكى قىسمىدىمۇ مىللەتچىلەر بىلەن «ئاۋانگارتلار» ئوتتۇرىسىدىكى توقۇنۇش مەۋجۇت ئىدى. ئۇيغۇر، قازاق قاتارلىق مىللەتلەر ئارىسىدىمۇ نىزا بار ئىدى. موسكۋا پۈتۈن شەرقىي تۈركىستاندىكى مىللىي ۋە دىنىي داۋالغۇشنى كونترول قىلىشنىڭ قىيىنلىقىنى كۆزدە تۇتۇپ، شەرقىي تۈركىستاننىڭ شىمالىدىكى ئۈچ ئۆلكىنىڭ كونتروللۇقىنى نىشان قىلغانىدى.[28]

خىتاي - سوۋېت ئىتتىپاقى مۇناسىۋىتىنى چوڭقۇر تەتقىق قىلغان شۆ شيەنتيەننىڭ قارىشىچە: «سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ بۇنداق زور بۇرۇلۇش قارارى چىقىرىشىدىكى يەنە بىر ھەل قىلغۇچ ئامىل، پانتۈركىزم ۋە پانئىسلامىزمنىڭ سوۋېت ئىتتىپاقىغا بولغان تەھدىتى ۋە بۇ تەھدىت بەلگىلىگەن سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ كونكرېت سىياسىتىنىڭ قارار بېكىتىش رولى ئىدى». چۈنكى مۇستەقىل بىر ئىسلام دۆلىتى «چوقۇم پانئىسلامىزم ۋە پانتۈركىزمنىڭ يامىرىشىنى كەلتۈرۈپ چىقىرىپ، ئالدى بىلەن سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ ئوتتۇرا ئاسىيا رايونىدىكى بىخەتەرلىكى ۋە مۇقىملىقىغا تەسىر كۆرسىتەتتى». «سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ يەنىلا شىنجاڭنى مۇستەقىل قىلىۋېتىش ئويى يوق بولۇپ، پەقەت شىنجاڭدىكى يەرلىك مىللەتلەرنىڭ بىر شىنجاڭ ئاپتونومىيە ھاكىمىيىتى قۇرۇشىنى، سوۋېت ئىتتىپاقى بىلەن ئۇزۇن مەزگىللىك مۇقىم دوستلۇق مۇناسىۋىتىنى ساقلاشنى، سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ شىنجاڭدىكى سىياسىي، ئىقتىسادىي جەھەتتىكى ئەۋزەل ئورنىنى ساقلاشنى مەقسەت قىلاتتى. بۇ سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ ئالىي تەدبىر بېكىتكۈچىلىرىنىڭ 1945 - يىلى 5 - ئاينىڭ بېشىدا بېكىتكەن پىرىنسىپى ئىدى».[29] «سوۋېت ئىتتىپاقى نېمە ئۈچۈن بۇ سىياسەتنى قوللىنىدۇ؟ خۇددى ئۇنىڭ تاشقى موڭغۇلىيەنى مۇستەقىل قىلىشتا چىڭ تۇرۇشى، بىخەتەرلىك مەنپەئەتىنى كۆزدە تۇتقانلىقىدىن بولغىنىدەك، شەرقىي تۈركىستان جۇمھۇرىيىتىنى ئەمەلدىن قالدۇرۇپ، شىنجاڭ مەسىلىسىنى تىنچ ھەل قىلىشمۇ، ئوخشاشلا مىللىي مەنپەئەتىنىڭ ئېھتىياجى ئۈچۈن ئىدى. شەرقىي تۈركىستان جۇمھۇرىيىتى پانتۈركىزم ۋە پانئىسلامىزمنىڭ مەھسۇلى ئىدى. ھالبۇكى، سوۋېت ئىتتىپاقىدىكى بىر نەچچە ئوتتۇرا ئاسىيا ئىتتىپاقداش جۇمھۇرىيەتلىرىمۇ ئوخشاشلا قوش «پان» (پانئىسلامىزم ۋە پانتۈركىزم) نىڭ تەھدىتىگە ئۇچرىغانىدى. دەل قوش «پان»نىڭ ئورتاق تەھدىتى خىتاي بىلەن

سوۋېت ئىتتىپاقىنى شىنجاڭ مەسىلىسىنى ھەل قىلىشتا ئورتاقلىققا ئىگە قىلغاچقا، سوۋېت ئىتتىپاقى شىنجاڭغا «كونكرېت سىياسەت» قوللانغانىدى. ھەتتا 1947 ـ يىلى شىنجاڭ دائىرىلىرى سوۋېت ئىتتىپاقىغا قارشى سىياسەت ئىجرا قىلىشقا باشلىغان ۋاقىتتىمۇ، سوۋېت ئىتتىپاقى شىنجاڭدا قالايمىقانچىلىق قوزغىماي، پۈتۈن كۈچى بىلەن ئۈچ ۋىلايەتنى تۇتۇپ تۇرۇش، «سەۋرچانلىق بىلەن ئۆزگىرىشنى كۈتۈش» پوزىتسىيەسىدە بولغانىدى».[30]

بەزى تەتقىقاتچىلار بۇ قاراشنى قوللىغان بولۇپ: «شەرقىي تۈركىستان جۇمھۇرىيىتى پانتۈركىزم ۋە پانئىسلامىزمنىڭ مەھسۇلى، سوۋېت ئىتتىپاقىدىكى بىر نەچچە ئوتتۇرا ئاسىيا ئىتتىپاقداش جۇمھۇرىيەتلىرىمۇ ئوخشاشلا پانئىسلامىزم ۋە پانتۈركىزمنىڭ تەھدىتىگە ئۇچرىغان، دەل مۇشۇ تەھدىت خىتاي بىلەن سوۋېت ئىتتىپاقىنى شىنجاڭ مەسىلىسىنى ھەل قىلىشتا ئورتاقلىققا ئىگە قىلغاچقا، سوۋېت ئىتتىپاقى تاشقى موڭغۇلىيەگە مۇئامىلە قىلغاندەك، «مىللىي مۇستەقىللىق»نى ئوتتۇرىغا چىقارماستىن، بەلكى نىسبەتەن كونكرېت تەدبىر قوللىنىپ، مىللىي بۆلگۈنچىلەرنى قۇرۇق جاھازغا ئايلاندۇرۇپ، ئۈچ ۋىلايەتتىكى ھەقىقىي ئىنقىلابچىلارنى قوللىغان، شەرقىي تۈركىستان جۇمھۇرىيىتىنى ئەمەلدىن قالدۇرۇپ، ئاخىرىدا شىنجاڭ مەسىلىسى 1946 ـ يىلى 6 ـ ئايدا تىنچ ھەل بولغان» دەپ قارىغان.[31] خىتاي ـ سوۋېت مۇناسىۋىتىنى چوڭقۇر تەتقىق قىلغان شېن جىخۇامۇ بۇ قاراشنى تەكىتلىگەن بولۇپ، شەرقىي تۈركىستاننىڭ مۇستەقىل بىر دۆلەتكە ئايلىنىشى سوۋېت ئىتتىپاقىغا نىسبەتەن يوشۇرۇن تەھدىت ئىدى، شۇڭلاشقا، سوۋېت ئىتتىپاقى شىنجاڭ توقۇنۇشىنى ھەل قىلىش ئۈچۈن ئوتتۇرىغا چۈشۈپ، شىنجاڭنىڭ مۇستەقىللىقىنى توسقان، بۇ موسكۋاغا نىسبەتەن بىر چالمىدا ئۈچ پاختەك سوققانلىق بولاتتى: بىرسى، خەلقئارا جەمئىيەت ئالدىدا سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ تاشقى دۇنياغا كېڭەيمىچىلىك قىلمايدىغان تىنچلىقپەرۋەر ئوبرازىنى ۋە خىتاي ـ سوۋېت ئىتتىپاقى شەرتنامىسىگە ئەمەل قىلغانلىق تۇسىنى نامايان قىلالايتتى، ئىككىنچىدىن، شىنجاڭ مۇستەقىللىقىنىڭ سوۋېت ئىتتىپاقىغا كەلتۈرىدىغان غەم ـ ئەندىشىلىرىدىن خالاس بولاتتى، ئۈچىنچىدىن، ياراشتۇرغۇچى رولىنى ئۆتەش ئارقىلىق سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ شىنجاڭدىكى تەسىرى ۋە كونتروللۇقىنى مۇستەھكەملىيەلەيتتى ۋە كۈچەيتەلەيتتى، دەپ قارىغان.[32]

بۇرۇن غۇلجا ھۆكۈمىتىدە يۇقىرى دەرىجىلىك ۋەزىپە ئۆتىگەن ساۋدانوف زاھىرنىڭ (1920 ـ 2007) چۇڭچىڭ ـ غۇلجا سۆھبىتىنىڭ ئارقا كۆرۈنۈشى ۋە سەۋەبى ھەققىدىكى بايانلىرى سەل پەرقلىق بولۇپ، ئۇ: «1945 ـ يىلى 9 ـ ئاينىڭ ئوتتۇرىلىرى دۇنيا ۋەزىيىتىدە زور ئۆزگىرىشلەر بولدى، فاشىزمغا قارشى كۈرەش ھەل قىلغۇچ غەلىبىگە ئېرىشتى. دۆلەت ئىچىدە بولسا ياپونغا قارشى ئۇرۇشمۇ ئاخىرقى غەلىبىگە ئېرىشتى. ئىچكى ئۇرۇشتىن ساقلىنىش، دۆلەت ئىچىدە تىنچلىق ۋە دېموكراتىيەنى قولغا كەلتۈرۈش ئۈچۈن، رەئىس ماۋ زېدۇڭ ئۆزى چۇڭچىڭغا بېرىپ، جياڭ جيېشى بىلەن بىر ئايدىن ئارتۇق سۆھبەتلىشىپ، ئىچكى ئۇرۇشتىن ساقلىنىش، مۇستەقىل، ئەركىن ۋە قۇدرەتلىك يېڭى جۇڭگو قۇرۇپ چىقىش ئۈچۈن «10 ـ ئۆكتەبىر كېلىشىمى» تۈزۈپ چىقتى. بۇ خىل ۋەزىيەت ئاستىدا، بولۇپمۇ ئۈچ ۋىلايەت مىللىي ئارمىيەسى شىخو، ساۋەننى ھۇجۇم بىلەن ئىگىلەپ، ئۈرۈمچىگە بىۋاستە تەھدىت شەكىللەندۈرگەندىن كېيىن، شىنجاڭدىكى

گومىنداڭ دائىرىلىرى ئەگەر شىنجاڭدىكى ھەر مىللەت خەلقىگە قوراللىق باستۇرۇش سىياسىتىنى داۋاملىق ئىجرا قىلغان تەقدىردە، ئۈچ ۋىلايەت ئىنقىلابى ھەرىكىتىنىڭ ئوتىنى ئۆچۈرۈش مۇمكىن بولمايدىغانلىقىنى ئېنىق كۆرۈپ يەتتى. شىنجاڭدىكى ھۆكۈمرانلىقىنى ساقلاپ قېلىش ئۈچۈن، گومىنداڭ دائىرىلىرى ئۈچ ۋىلايەت مەسىلىسىنى تىنچ ھەل قىلىشنى خالايدىغانلىقىنى بىلدۈردى. شۇنىڭ بىلەن بىرگە، ئۈچ ۋىلايەت ئىنقىلابى رەھبەرلىرىمۇ ئىككى دۈشمەن تەرەپنىڭ ئەھۋالىنى ئەتراپلىق تەھلىل قىلغاندىن كېيىن، ئۈچ ۋىلايەت ئىنقىلابى كۈرىشىنىڭ چوقۇم جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيەسى رەھبەرلىكىدىكى دېموكراتىك ئىنقىلاب كۈرىشى ۋەزىيىتىنىڭ تەرەققىياتىغا بويسۇنۇشى ۋە ماسلىشىشى كېرەكلىكىنى تونۇپ يەتتى».[33] شۈبھىسىزكى، بۇ قاراش غۇلجا ھۆكۈمىتىنىڭ پىكرىگە ۋەكىللىك قىلالمايدىغان بولۇپ، ئەكسىچە، ئەينى ۋاقىتتا غۇلجا ھۆكۈمىتىنىڭ خىتاي كومپارتىيەسى بىلەن ھېچقانداق ئالاقىسى بولمىسىمۇ، غۇلجا ھۆكۈمىتى بىلەن موسكۋانىڭ مۇناسىۋىتىنى قەستەن كۆرمەسكە سېلىپ، غۇلجا ھۆكۈمىتى بىلەن خىتاي كومپارتىيەسىنىڭ مۇناسىۋىتىنى ئالاھىدە تەكىتلىگەن.

يىغىپ ئېيتقاندا، سوۋېت ئىتتىپاقى شەرقىي تۈركىستان جۇمھۇرىيىتىدىن پايدىلىنىپ، كۆتكەن ئىستراتېگىيەلىك نىشانىغا يەتكەن بولۇپ، خىتايدىكى مەنپەئەتىگە ئېرىشكەنلىكىنى جەزملەشتۈرگەن ۋاقىتتا، شەرقىي تۈركىستان جۇمھۇرىيىتىنىڭ مۇستەقىللىقىنى قوللاش سىياسىتىنى ئۆزگەرتكەن.[34] گەرچە بۇ ۋاقىتتا موسكۋا شەرقىي تۈركىستان ھاكىمىيىتىنى ئاغدۇرۇپ تاشلاش سىياسىتىنى ئۆزگەرتكەن بولسىمۇ، ئەمما غۇلجا ھۆكۈمىتى (ئۈچ ۋىلايەت ھۆكۈمىتى)گە بولغان يېتەكچىلىكىنى تاكى 1949 ـ يىلىنىڭ ئاخىرىغىچە داۋاملاشتۇرغان.

موسكۋا شەرقىي تۈركىستان سىياسىتىنى تەڭشەش بىلەن بىر ۋاقىتتا، خىتاي كومپارتىيەسىگە بولغان سىياسىتىنىمۇ تەڭشىگەن. يەنى خىتاي كومپارتىيەسىنىڭ شەرقىي شىمالدىكى ئۈچ ئۆلكىگە كىرىشىنى قوللاپ، خىتاي كومپارتىيەسىنىڭ باشقۇرۇش، ئىقتىساد ۋە ھەربىي جەھەتتىكى كۈچىنى ئاشۇرغان. سوۋېت ئىتتىپاقىغا نىسبەتەن ياپونىيەنىڭ قايتىدىن قەد كۆتۈرۈشىنى توسۇش، ئامېرىكىنىڭ يىراق شەرقنى چاڭگىلىغا كىرگۈزۈۋېلىشىنى ئىسكەنجىگە ئېلىش ئۈچۈن، ئۇرۇشتىن كېيىنكى تۆت چوڭ دۆلەتنىڭ بىرى بولغان خىتاي بىلەن ھەمكارلىق ۋە مەلۇم ئىتتىپاقلىق مۇناسىۋىتىنى ساقلاش كېرەك ئىدى. ئەمما سوۋېت ئىتتىپاقى بۇ جەھەتتىكى مەنپەئەتىگە ئانچە ئېتىبار بەرمىدى. ئۇنىڭ ئەڭ كۆڭۈل بۆلىدىغىنى چار پادىشاھ دەۋرىدىكى رۇسىيەنىڭ خىتاينىڭ شەرقىي شىمالدىكى ۋە شەرقىي تۈركىستاندىكى ئالاھىدە تەسىر دائىرىسىنى ئەسلىگە كەلتۈرۈش ئىدى. سوۋېت ئىتتىپاقى «ئۈچ ۋىلايەت ئىنقىلابى» ئارقىلىق شەرقىي تۈركىستان ۋەزىيىتىنى كونترول قىلغاچقا، شۇنداقلا بۇ جايدا ئامېرىكىنىڭ تەسىر كۈچى بولمىغاچقا، سوۋېت ئىتتىپاقى ئاساسلىق كۈچىنى شەرقىي شىمالدىكى ئۈچ ئۆلكىگە قاراتتى.[35] 14 ـ سېنتەبىر سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ مانجۇرىيەدە تۇرۇشلۇق باش قوماندانى مالىنوۋسكى (Rodion, 1898 ـ 1967 Malinovskii) شەرقىي شىمالدىكى سوۋېت ئىتتىپاقى ئارمىيەسىنىڭ ۋەكىلى باش پولكوۋنىك بېلوسوفنى (Belousov) مەخپىي ھالدا يەنئەنگە ئەۋەتتى. بېلوسوف خىتاي كومپارتىيەسى شېنياڭ گارنىزونىنىڭ قوماندانى سېڭ كېلىنىڭ

ھەمراھلىقىدا يەنئەنگە ئۈچۈپ بېرىپ، خىتاي كومپارتىيەسى مەركىزىي كومىتېتىغا سوۋېت ئارمىيەسىنىڭ خىتاي كومپارتىيەسىنىڭ شەرقىي شىمالغا كىرىش مەسىلىسى ھەققىدىكى رەسمىي تەكلىپىنى يەتكۈزدى ۋە يېقىندىن ئالاقىلىشىش، ماسلىشىپ ھەمكارلىشىشقا ئاسان بولۇشى ئۈچۈن، خىتاي كومپارتىيەسىدىن شەرقىي شىمالغا مەسئۇل كىشى تەيىنلەپ ئەۋەتىشنى تەلەپ قىلدى. بېلوسوف خىتاي كومپارتىيەسى باش قوماندانى جۇدې بىلەن مەسلىھەتلىشىش ئارقىلىق، كېلىشىم ھاسىل قىلدى. يەنى بىرىنچىدىن، خىتاي كومپارتىيەسىنىڭ شەرقىي شىمالغا كىرىشىگە رۇخسەت قىلىنىدۇ، ئەمما 8 - ئارمىيە نامىدا ھەرىكەت قىلىشقا بولمايدۇ. ئىككىنچىدىن، خىتاي كومپارتىيەسىنىڭ شەرقىي شىمالدىكى يېزا - كەنتلەردە خىزمەت قانات يايدۇرۇشىغا رۇخسەت قىلىنىدۇ، ئەمما شەرقىي شىمالدىكى چوڭ شەھەرلەرگە ۋە سوۋېت ئارمىيەسىنىڭ ئورۇش رايونىغا كىرىپ، ئاشكارا پائالىيەت قىلىشقا بولمايدۇ. ئۈچىنچىدىن، خىتاي كومپارتىيەسىنىڭ خېبېي، رېخې، لياۋنىڭغا تۇتىشىدىغان يوللارنى، يەنى، جىڭجۇنىڭ جەنۇبىدىن شەنخەيگۇەنگىچە بولغان تۆمۈر يول لىنىيەسى رايونلىرىنى كونترول قىلىشىغا رۇخسەت قىلىنىدۇ. سوۋېت ئارمىيەسى ۋەكىلى: «جىياڭ جېيشى ئارمىيەسى ۋە 8 - ئارمىيەنىڭ مانجۇرىيەگە كىرىشى ئالاھىدە بەلگىلەنگەن ۋاقىتتا بولۇشى كېرەك» دەپ تەكىتلىگەن. يەنى «قىزىل ئارمىيە مانجۇرىيەدىن چېكىنىپ چىقىشتىن بۇرۇن، جىياڭ جېيشى قوشۇنى ۋە 8 - ئارمىيە قوشۇنى مانجۇرىيەگە كىرسە بولمايدۇ»، «قىزىل ئارمىيە ئۇزۇن ئۆتمەي چېكىنىپ چىقىدۇ، ۋاقتى كەلگەندە خىتاي ئارمىيەلىرىنىڭ مانجۇرىيەگە قانداق كىرىشىنى خىتاي ئارمىيەسىنىڭ ئۆزلىرى ھەل قىلىۋېلىشى كېرەك، بىز خىتاينىڭ ئىچكى ئىشىغا ئارىلاشمايمىز» دېيىلگەن.[36] موسكۋانىڭ پوزىتسىيەسى خىتاي كومپارتىيەسىنىڭ شەرقىي شىمالنى قولغا كىرگۈزۈش نىيىتىگە ئىلھام بەردى. 15 - سېنتەبىر خىتاي كومپارتىيەسى «شەرقىي شىمال مەركىزىي ئىدارىسى»نى قۇرۇپ چىقىپ، پېڭ جېننى رەئىسى قىلدى. ئاخىرىدا پېڭ جېن، چېن يۈن، چېڭ زىخۇا، لىن فېڭ، ۋۇ شيۇچۈەن كومىتېت ئەزالىرى بولۇپ، دەرھال شەرقىي شىمالغا بېرىپ، خىزمەتلەرنى قانات يايدۇرۇش، شەرقىي شىمالدىكى خىزمەتلەرگە بىر تۇتاش رەھبەرلىك قىلىش ۋە سوۋېت ئارمىيەسى بىلەن ئالاقە قۇرۇپ چىقىش، ئىككى تەرەپنىڭ شەرقىي شىمالدىكى ھەرىكەتلىرىنى ماسلاشتۇرۇش، شەرقىي شىمالدا بازا قۇرۇشقا تىرىشىش، ئەسلىدە جەنۇبقا مېڭىشقا تەييارلىق قىلغان 100 مىڭ كىشىلىك قوشۇن ۋە 20 مىڭ كادىر قورالسىز، پۇقراچە كىيىنگەن ھالدا شەرقىي شىمالغا قاراپ ئىلگىرىلەش قاتارلىقلار قارار قىلىندى.[37] 16 - سېنتەبىر تاشقى بايقال رايونى سوۋېت - موڭغۇلىيە بىرلەشمە ئارمىيەسى ۋەكىلى كېنېدنوف (Kenednev) 8 - ئارمىيە جىنسۇي ھەربىي رايونىدىن سوۋېت - خىتاي شەرتنامىسىگە ئاساسەن، سوۋېت ئارمىيەسىنىڭ چوقۇم ئۆزى ئىگىلەپ تۇرغان رېخې، چاخار رايونىدىن چېكىنىپ چىقىشى كېرەكلىكىنى، شۇڭلاشقا خىتاي كومپارتىيەسى ئارمىيەسىنىڭ ئاساسلىق كۈچىنىڭ ئىنتايىن تېز سۈرئەتتە شىمالغا يۈرۈش قىلىپ ئۆتكۈزۈۋېلىشى كېرەكلىكىنى يەنئەنگە يەتكۈزۈشنى تەلەپ قىلدى، شۇنداقلا، مەخپىي ھالدا خىتاي كومپارتىيەسىنى قورال - ياراغ بىلەن تەمىنلەپ قوللاشنى خالايدىغانلىقىنى تەشەببۇسكارلىق بىلەن بىلدۈردى. چۇڭچىڭدىكى سوۋېت ئىتتىپاقى باش ئەلچىسى ھەتتا خىتاي كومپارتىيەسى رەھبەرلىرىگە كومپارتىيەنىڭ «جاڭجياكۇ، گۇبېيكۇ ۋە شەنخەيگۇەن

لىنىيەسىگە كاپالەتلىك قىلىپ، جياڭ جيېشى ئارمىيەسىنىڭ ھۇجۇمىدىن ساقلىنىشى كېرەكلىكى»نى بىلدۈردى.[38] زور تۈركۈمدىكى خىتاي كومپارتىيەسى قوشۇنى شەرقىي شىمالغا كىرگەندىن كېيىن، ئۇ جايلاردا يەرلىك ھۆكۈمەت قۇرۇپ، يەرلىك قوراللىق قىسىم تەشكىللىدى، ئەمما سوۋېت ئارمىيەسى بىلەن خىتاي كومپارتىيەسى نامىدا ئالاقە قىلمىدى. گەرچە شەرقىي شىمالدا تۇرۇشلۇق سوۋېت ئارمىيەسىنىڭ خىتاي كومپارتىيەسىنى شەرقىي شىمالغا ئورۇنلاشتۇرۇش ئىستراتېگىيەسىدە ئېگىز - پەس ئۆزگىرىشلەر بولۇپ تۇرغان بولسىمۇ، ئەمما خىتاي كومپارتىيەسىنى شەرقىي شىمالدىكى خىزمەتلەرگە رەھبەرلىك قىلغۇزۇش سىياسىتىدە ئۆزگىرىش بولمىدى.[39]

1942 - يىلدىن 1952 - يىلغىچە سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ خىتايدا تۇرۇشلۇق باش ئەلچىخانىسىدا بىرىنچى دەرىجىلىك كاتىپلىق ۋەزىپىسىنى ئۆتىگەن لېدوۋسكىمۇ (Andrei Mefodievich Ledovskiy) سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ شەرقىي شىمالنى ئىگىلىشىگە ياردەم قىلغانلىقىنى ئېتىراپ قىلغان. لېدوۋسكىنىڭ بىلدۈرۈشىچە، ئامېرىكا گومىنداڭ ھۆكۈمىتىنىڭ مانجۇرىيە (شەرقىي شىمال)گە ئورۇنلىشىشىنى ھەربىي، ئىقتىسادىي ۋە ماددىي ئەشيا جەھەتتىن قوللىغان بولسىمۇ، ئەمما بىۋاستە ھەربىي مۇداخىلە قىلمىغان. سوۋېت ئىتتىپاقى رەھبەرلىرى بولسا خىتاينىڭ ئىچكى ئىشلىرىغا ئارىلاشمايدىغانلىقى جاكارلاش بىلەن بىرگە، گومىنداڭ ھۆكۈمىتىنىڭ مانجۇرىيەنى كونترول قىلىشىنى پۈتۈن كۈچى بىلەن توسۇپ، خىتاي كومپارتىيەسىنىڭ ھاكىمىيەتنى ئىگىلىشىگە ياردەم قىلغان. لېدوۋسكىنىڭ قارىشىچە، سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ ھەرىكىتى 1945 - يىلى 14 - ئاۋغۇست ئىمزالانغان سوۋېت - خىتاي شەرتنامىسى ۋە مانجۇرىيە ھەققىدىكى كېلىشىمگە خىلاپ بولغان. بۇنىڭ سەۋەبىنى بولسا «سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ تاشقى سىياسىتى ۋە خەلقئارا مۇناسىۋەت ئىدېئولوگىيەسىدىن، سوۋېت ئىتتىپاقى بىلەن ئامېرىكىنىڭ يىراق شەرقتىكى تىركىشىشىدىن، خەلقئارادىكى جىددىي مۇناسىۋەتلەرنىڭ ئومۇميۈزلۈك ئۆتكۈرلىشىشى قاتارلىق تەرەپلەردىن ئىزدەش كېرەك. خۇددى خىتاي تارىخچىلىرى ئادىللىق بىلەن ئېيتقىنىدەك، سوۋېت ئىتتىپاقى خىتاينى تېخىمۇ يېقىن ئىدېئولوگىيەلىك ئىتتىپاقدىشى دەپ قاراپ، ئۇ ئارقىلىق ئامېرىكىنىڭ خىتاي ۋە پۈتكۈل يىراق شەرقتىكى ئىستراتېگىيەسىگە پۈتۈن كۈچى بىلەن تاقابىل تۇرماقچى بولغان. بۇنىڭدا شۇنىمۇ قوشۇپ قويۇش كېرەككى، سوۋېت ئىتتىپاقى رەھبەرلىرى مانجۇرىيەدە خىتاي كومپارتىيەسىنى قوللاش ئارقىلىق، تېخىمۇ كەڭرى بولغان ئىستراتېگىيەلىك نىشانىنى مەقسەت قىلغان بولۇپ، خىتايغىلا ئەمەس، بەلكى باشقا ئاسىيا دۆلەتلىرىدىكى مىللىي ئازادلىق ھەرىكەتلىرى ۋە دېموكراتىك ئىنقىلاب ھەرىكەتلىرىگە تەسىر قىلغان. سوۋېت ئىتتىپاقى ھۆكۈمىتىنىڭ جياڭ جيېشىغا تۇتقان مەيدانى سەۋەبلىك، خىتاي كومپارتىيەسى رەھبەرلىرىمۇ گومىنداڭ بىلەن قارشىلىشىش جەريانىدا قاتتىق پوزىتسىيە تۇتقان. ئۇرۇشتىن كېيىن خىتايدىكى ئىشلارنىڭ تەرەققىياتىدىكى ئىچكى، تاشقى ئامىللارنىڭ ئۆز - ئارا تەسىرىدىكى ئالاھىدىلىك دەل مۇشۇنىڭدىندۇر».[40] ئۇندىن باشقا بەزى تەتقىقاتچىلار ستالىننىڭ كېيىنچە ئامېرىكىنىڭ ياپونىيەنى قايتىدىن يۆلەپ، سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ يىراق شەرقكە قارشى تەھدىت شەكىللەندۈرۈشىگە بولغان قاتتىق ئەندىشىسىنىڭ ئالدىنى ئېلىش ئۈچۈن، خىتاينىڭ شەرقىي شىمالغا قاراتقان ئىستراتېگىيەسىنى تېزلىكتە قايتا تەڭشىدى، دەپ كۆرسەتكەن.[41] يەنە بىر

قىسىم تەتقىقاتچىلارنىڭ قارىشىچە، ستالىن شەرقىي شىمال سىياسىتىدە قوش تەرەپلىك ئويلاشقان بولۇپ، بىر تەرەپتىن پەقەت جياڭ جيېشى ۋە گومىنداڭنىڭلا خىتايغا ھۆكۈمرانلىق قىلىش قۇدرىتى بار، ئىككى تەرەپ ئىمزالىغان خىتاي - سوۋېت شەرتنامىسى ستالىننىڭ جياڭ جيېشىغا بولغان قوللىشىنى كۆرسىتىپ بېرىدۇ، دەپ قارىغان. بۇ ئۆز نۆۋىتىدە سوۋېت - ئامېرىكا يالتا كېلىشىمىنىڭ بىر قىسمى بولۇپ، سوۋېت ئىتتىپاقى پوزىتسىيەسىنى ئۆزگەرتىشكە ئامالسىز ئىدى. يەنە بىر تەرەپتىن، گەرچە يالتا كېلىشىمى سوۋېت ئىتتىپاقىغا خىتاينىڭ شەرقىي شىمالدا ئالاھىدە مەرتىۋە بەرگەن بولسىمۇ، سوۋېت ئىتتىپاقى يەنىلا چېكىنىپ چىققاندىن كېيىن، گومىنداڭنى ئىسكەنجىگە ئېلىپ تۇرىدىغان بىر كۆچكە ئېھتىياجلىق ئىدى. سوۋېت ئىتتىپاقى گومىنداڭ ۋە ئامېرىكا كۈچلىرىنىڭ شەرقىي شىمالدا ئالاھىدە ئۈستۈن ئورۇنغا ئىگە بولۇۋېلىشىغا يول قويالمايتتى.[42] ھالبۇكى، سوۋېت ئىتتىپاقى ھۆكۈمىتىنىڭ غۇلجا ھۆكۈمىتىنى ئۈرۈمچىگە ھۇجۇم قىلىپ كىرىشتىن توسۇش ۋە خىتاي كومپارتىيەسىنى شەرقىي شىمالغا كىرىشكە ئىلھاملاندۇرۇشتىن ئىبارەت ئىككى خىل تاكتىكىنى قوللىنىشى، ئېنىقلا، موسكۋانىڭ خىتاي سىياسىتىدە قوللانغان پىشاڭنىڭ خىتاي كومپارتىيەسىگە ئاغقانلىقىنى، خىتاي كومپارتىيەسىنى گومىنداڭ ھۆكۈمىتىنى قىستايدىغان كوزىر سۈپىتىدە تاللىغانلىقىنى، شەرقىي تۈركىستاننىڭ ئىسكەنجە رولىنى ئاستا - ئاستا خىتاي كومپارتىيەسىنىڭ ئىگىلىگەنلىكىنى كۆرسىتىپ بەرگەن.

1945 - يىلى 9 - ئاينىڭ ئوتتۇرىلىرىدىن ئاي ئاخىرىغىچە، موسكۋا غۇلجا ھۆكۈمىتى بىلەن گومىنداڭ ھۆكۈمىتىنىڭ سۆھبەت ئۆتكۈزۈشى ھەققىدە ئاخىرى قارار چىقاردى ۋە بۇ مەزگىلدە شەرقىي تۈركىستان جۇمھۇرىيىتى ھۆكۈمىتىگە بېسىم ئىشلىتىپ، گومىنداڭ ھۆكۈمىتى بىلەن تىنچلىق سۆھبىتى ئۆتكۈزۈشكە ئالدىراتتى. 2 - دېكابىرغا كەلگەندە شەرقىي تۈركىستان ھۆكۈمىتى 100 - نومۇرلۇق قارار ماقۇللاپ، خىتاي ھۆكۈمىتى بىلەن تىنچلىق سۆھبىتى ئۆتكۈزۈشكە قوشۇلدى. سۆھبەت ۋەكىللىرى رەخىمجان سابىرى، ئوبۇلخەيرى تۆرە ۋە ئەخمەتجان قاسىمى قاتارلىق ئۈچ كىشىدىن تەشكىل تاپتى.[43] 3 - دېكابىر يېۋشىبىوف لىۇ زېرۇڭ بىلەن كۆرۈشۈپ: «موسكۋا قايتۇرغان تېلېگراممىغا ئاساسەن، غۇلجا تەرەپنىڭ سۆھبەت ۋەكىللىرى ئىچكى جەھەتتىن بېكىتىلىپ بولدى، غۇلجا سۆھبەت ۋەكىللىرىنىڭ ئۈرۈمچىگە بېرىش ۋاقتى ۋە لىنىيەسىنى بېكىتىڭلار» دېدى.[44] 9 - دېكابىر يېۋشىبىوف «شىنجاڭ ئۆلكىلىك ھۆكۈمەت»كە غۇلجا تەرەپ سۆھبەت ۋەكىللىرىنىڭ 12 - ئۆكتەبىر ئۈرۈمچىگە بارىدىغانلىقىنى ئۇقتۇردى.[45] جياڭ جيېشى 10 - ئۆكتەبىر ئېلان قىلغان رادىيو نۇتقىدا شەرقىي تۈركىستان مەسىلىسىنى تىنچ ھەل قىلىشنى خالايدىغانلىقىنى تىلغا ئالدى.[46] 17 - دېكابىر ئىككى تەرەپ تۇنجى قېتىملىق تىنچلىق سۆھبىتىنى ئۆتكۈزدى. تۇنجى قېتىملىق سۆھبەت ئاياغلاشقاندىن كېيىن، ئىچكى ئىشلار مىنىستىرلىقىنىڭ ئالىي ئەمەلدارى يېگناروۋ ۋە لاگىفاڭ قاتارلىق گېنېراللار غۇلجىدىن يولغا چىقىپ، 24 - ئۆكتەبىر جىڭ ناھىيەسىدە ئۈرۈمچىدىن قايتىپ كەلگەن غۇلجا ھۆكۈمىتىنىڭ ئۈچ سۆھبەت ۋەكىلى بىلەن كۆرۈشتى؛ 29 - ئۆكتەبىر مولوتوف مالېنكوف (Georgy Maksimilianovich Malenkov, 1902 - 1988)، مىكويان (Anastas Ivanovich Mikoyan, 1895 - 1978) ۋە ۋىشىنسكى قاتارلىق سوۋېت ئىتتىپاقى ئەمەلدارلىرىغا سۆھبەت جەريانى ۋە خىتاينىڭ قاراشلىرىنى دوكلات قىلدى.[47] رۇسىيە ئارخىپلىرىغا ئاساسلانغاندا، سۆھبەت جەريانىدا

سوۋېت ئىتتىپاقى ئىچكى ئىشلار مىنىستىرلىقى غۇلجا تەرەپنىڭ ئىچكى ئەھۋالىنى (ئومۇمىي ۋەزىيەت، ئىچكى زىددىيەت، تەرەققىيات ئەھۋالى قاتارلىقلار) بىۋاسىتە ۋە تېز سۈرئەتتە ئىچكى ئىشلار مىنىستىرى بېرىيەگە ئۇقتۇرۇپ تۇرغان. بېرىيە بولسا بۇ ئەھۋاللارنى ستالىن، مولوتوف قاتارلىق ئالىي ئەمەلدارلارغا بىۋاسىتە دوكلات قىلغان.[48] غۇلجا ھۆكۈمىتىنىڭ سۆھبەت ۋەكىللىرىمۇ ھەر قېتىم ئىككى تەرەپلىك سۆھبەتكە قاتنىشىشنىڭ ئالدى - كەينىدە سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ ئۈرۈمچىدە تۇرۇشلۇق باش كونسۇلى يېۋسېيوف بىلەن كۆرۈشۈپ تۇرغان. سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ كېلىشتۈرگۈچىلىرى بىر تەرەپتىن غۇلجا ھۆكۈمىتىنىڭ مەنپەئەتىنى كۈچەپ قوغدىسا، يەنە بىر تەرەپتىن غۇلجا ھۆكۈمىتىدىكى مۇستەقىللىق تەشەببۇسچىلىرىغا چەكلىمىنى كۈچەيتىپ، سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ تىنچلىق سۆھبىتى جەريانىدىكى شەرقىي تۈركىستان سىياسىتىنىڭ ئىككى تەرىپىنى شەكىللەندۈرگەن.[49] سوۋېت ئىتتىپاقى غۇلجا ھۆكۈمىتى بىلەن گومىنداڭ ھۆكۈمىتىنىڭ سۆھبەت جەريانىغا بىۋاسىتە ئارىلىشىشقا باشلىغان. ئەمما سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ يېتەكچىلىكىدىكى غۇلجا ھۆكۈمىتى بىلەن غۇلجا ھۆكۈمىتىنىڭ سۆھبەت ئۆتكۈزۈش ھەرىكىتى غۇلجا ھۆكۈمىتى كونتروللۇقىدىكى جايلاردا ئەكس تەسىر قوزغىغان بولۇپ، مەمۇرىي ئەمەلدارلار بىلەن پۇقرالار ئوتتۇرىسىدا سۆھبەتكە نىسبەتەن ئىختىلاپ بار ئىدى.[50] بۇنىڭ ئىچىدە شەرقىي تۈركىستان جۇمھۇرىيىتىنىڭ رەئىسى ئەلىخان تۆرە گومىنداڭ ھۆكۈمىتى بىلەن تىنچلىق سۆھبىتى ئۆتكۈزۈش ۋە ئالاقىدار كېلىشىم ئىمزالاشقا باشتىن - ئاخىر قارشى چىققانىدى.[51]

جاڭ جىجۇڭ 14 - ئۆكتەبىر لەنجۇ ئارقىلىق چۇڭچىڭدىن ئۈرۈمچىگە قاراپ ئۇچقان بولۇپ، سەپەردە ئۇنىڭغا لياڭ خەنساۋ (1899 - 1975)، پېڭ جاۋشيەن (1896 - 1979)، چۇ ۋۇ (1898 - 1992)، جاڭ جىڭيۇ (1894 - 1984)، دېڭ ۋېنيى (1905 - 1998)، ليۇ مېڭچۈن (1904 - 1982)، ۋاڭ سېڭشەن قاتارلىقلار ھەمراھ بولغانىدى. غۇلجا ھۆكۈمىتىنىڭ سۆھبەت ۋەكىللىرى جاڭ جىجۇڭدىن ئىككى كۈن بۇرۇن ئۈرۈمچىگە يېتىپ بارغانىدى. سۆھبەتنىڭ ئۈنۈملۈك بولۇشى ئۈچۈن، جاڭ جىجۇڭ لەنجۇدا تۇرۇۋاتقان مەسئۇد سابىرى، مۇھەممەد ئىمىن بۇغرا ۋە ئەيسا يۈسۈپ ئالپتېكىننى (ئەينى ۋاقىتتا «ئۈچ ئەپەندى» دەپ ئاتالغانىدى) ئۈرۈمچىگە بېرىشقا ئالاھىدە تەكلىپ قىلدى. بۇ ئۈچەيلەنمۇ 17 - ئۆكتەبىر ئۈرۈمچىگە ئۇچۇپ باردى. رەخمجان سابىرى (مەسئۇد سابىرىنىڭ جىيەنى ۋە كۈيئوغلى)، ئوبۇلخەيرى تۆرە ۋە ئەخمەتجان قاسىمىدىن تەشكىللەنگەن غۇلجا ۋەكىللەر ئۆمىكى ئاي يۇلتۇزلۇق پاگون ۋە ئاي يۇلتۇزلۇق ئوردېن قويۇلغان، شەرقىي تۈركىستان جۇمھۇرىيىتىنىڭ ئىزنىكى تاقالغان مايسىرەڭ ھەربىي كىيىم كىيگەن بولۇپ، ئۆزلىرىنىڭ شەرقىي تۈركىستان جۇمھۇرىيىتى ھۆكۈمىتىگە ۋاكالىتەن خىتاي ھۆكۈمىتىنىڭ ۋەكىللىرى بىلەن سۆھبەتلەشكىلى كەلگەنلىكىنى، خىتاي ھۆكۈمىتى تەرەپنىڭمۇ گۇۋاھنامىلىرىنى كۆرسىتىشى كېرەكلىكىنى بىلدۈردى. بۇ ئەھۋالغا دۇچ كەلگەن جاڭ جىجۇڭ 15 - ئۆكتەبىر سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ ئۈرۈمچىدە تۇرۇشلۇق باش كونسۇلى يېۋسېيوفنى مەسلىھەتلىشىشكە تەكلىپ قىلىپ، ئۆزىنىڭ «پەقەت خىتاي ھۆكۈمىتىنىڭ ۋەكىلى سۈپىتىدە، ۋەقە تۇغدۇرغۇچىلارنىڭ ۋەكىللىرى بىلەن كۆرۈشىدىغانلىقىنى، ئاتالمىش شەرقىي تۈركىستان جۇمھۇرىيىتىنىڭ ۋەكىللىرى بىلەن كۆرۈشمەيدىغانلىقىنى» تەكىتلىدى ۋە باش كونسۇل يېۋسېيوفتىن ئۆز مەقسىتىنى

غۇلجا ھۆكۈمىتى تەرەپكە يەتكۈزۈپ قويۇشنى سورىدى. ئۈچ ۋىلايەت ۋەكىللىرى باش كونسۇل يېۋسېيېۋفنىڭ نەسىھىتى نەتىجىسىدە، ئاخىرى دەسلەپكى پوزىتسىيەسىدىن ۋاز كەچتى. بۇنىڭ بىلەن سۆھبەتنىڭ ئۆتكۈزۈلۈشىگە ئىمكانىيەت تۇغۇلدى.[52] ئىككى تەرەپنىڭ سۆھبىتى جەريانىدا مەسئۇد سابىرى، مۇھەممەد ئىمىن بۇغرا، ئەيسا يۈسۈپ ئالىپتېكىنلار غۇلجا تەرەپنىڭ سۆھبەت ۋەكىللىرى بىلەن دائىم ئۇچرىشىپ تۇردى ۋە ئۇلارنى تېخىمۇ كەڭ دائىرىلىك ئاپتونومىيە تەلەپ قىلىشقا ئىلھاملاندۇردى. ئەمما غۇلجا تەرەپنىڭ ۋەكىللىرى سۆھبەتلىشىشتىكى مەقسىتىنى ئۇقتۇرمىدى. مۇھەممەد ئىمىن بۇغرانىڭ كۆزىتىشىچە، غۇلجا تەرەپنىڭ ئەمەلىي ۋەكىلى ئەخمەتجان قاسىمى ئىدى. ئەيسا يۈسۈپ ئالىپتېكىننىڭ كۆزىتىشىچە، غۇلجا تەرەپنىڭ ۋەكىللىرى پۈتۈنلەي سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ باشقۇرۇشىدا ئىدى.[53] ئۇنىڭدىن باشقا مەسئۇد سابىرى، مۇھەممەد ئىمىن بۇغرا، ئەيسا يۈسۈپ ئالىپتېكىنلار سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ ئۈرۈمچىدە تۇرۇشلۇق باش كونسۇلى يېۋسېيېۋ ۋە مۇئاۋىن كونسۇلى ئالماس (ئۆزبېك) بىلەن كۆرۈشۈپ، شەرقىي تۈركىستاننىڭ تېخىمۇ كەڭ دائىرىلىك ئاپتونومىيەسىنى تەلەپ قىلىشقا ياردەم بېرىشنى قايتا تەكىتلىدى. ئەمما سوۋېت كونسۇلى بۇ تەلەپ خىتاينىڭ ئىچكى ئىشىغا ياتىدۇ، ئارىلىششقا بولمايدۇ، دەپ قارىدى.[54] مەزكۇر «ئۈچ ئەپەندى» غۇلجا تەرەپنىڭ ۋەكىللىرى بىلەن كۆرۈشۈپلا قالماي، يەنە ئېلىخان تۆرە بىلەنمۇ مەخپىي ئالاقىلاشتى. شەرقىي تۈركىستان جۇمھۇرىيىتى قۇرۇلغان دەسلەپكى مەزگىللەردە، ئېلىخان تۆرە لەنجۇدا تۇرۇشلۇق سوۋېت ئىتتىپاقى سودىگەرلەر ئۇيۇشمىسى ئارقىلىق مەكتۇپ ئەۋەتىپ، بۇ ئۈچ شەخسنى غۇلجىغا كېلىپ، شەرقىي تۈركىستان ئىشلىرىغا ئورتاق رەھبەرلىك قىلىشقا تەكلىپ قىلغانىدى. ئەمما گومىنداڭ ھۆكۈمىتىنىڭ توسقۇنلۇقى بىلەن ئىشقا ئاشمىغانىدى.[55] مەزكۇر ئۈچ ئەپەندى لەنجۇدىن ئۈرۈمچىگە قايتقاندىن كېيىن، ئېلىخان تۆرە ئۇلار بىلەن ئالاقىلاشقان.[56] گەرچە ئەينى ۋاقىتتا شەرقىي تۈركىستاندىكى سەرخىللار شەرقىي تۈركىستان مەسىلىسىدە ئورتاقلىققا ئىگە بولسىمۇ، ئەمما ئېلىخان تۆرە، مەسئۇد سابىرى، مۇھەممەد ئىمىن بۇغرا، ئەيسا يۈسۈپ ئالىپتېكىن قاتارلىق كىشىلەر سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ شەرقىي تۈركىستان خەلقىنى چىن كۆڭلىدىن قوللىغۇزۇشىغا ئەزەلدىن ئىشەنمەيتتى.[57]

ئېلىخان تۆرە گومىنداڭ ھۆكۈمىتى بىلەن سۆھبەت ئۆتكۈزۈشكە باشتىن - ئاخىر قارشى بولۇپلا قالماي، يەنە ئەسكەر ئەۋەتىپ، جەنۇبىي شەرقىي تۈركىستاندا داۋاملىق ھەربىي ھەرىكەت قانات يايدۇرۇپ، سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ ئۇرۇش توختىتىش ھەققىدىكى ئاگاھلاندۇرۇشىغا خىلاپلىق قىلغانىدى. 1945 - يىلى 18 - ئۆكتەبىر يېگىناروف رېبىياغا تاپشۇرغان بىر دوكلاتتا، ئېلىخان تۆرىنىڭ جەنۇبىي شەرقىي تۈركىستاندىكى ھەربىي ھەرىكەت مەسئۇلى سوپاخۇنغا گومىنداڭغا قارشى ھەربىي ھۇجۇمنى داۋاملىق كېڭەيتىش ھەققىدە يوليورۇق بەرگەن خېتىنى قولغا چۈشۈرگەنلىكى تىلغا ئېلىنغان.[58] ئىچكى ئىشلار مىنىستىرلىقى 1 - باشقارمىسى 4 - ئىدارىسىنىڭ باشلىقى گېنېرال لاڭفاڭ ۋە گېنېرال يېگىناروف 22 - دېكابىر سوۋېت كومپارتىيەسى مەركىزىي كومىتېتىغا يوللىغان دوكلاتىدا، ئېلىخان تۆرىنىڭ ئۆزىنىڭ سىياسىي تەسىر كۈچىنى، شەرقىي تۈركىستان جۇمھۇرىيىتى ھۆكۈمىتىنىڭ ھەربىي ھەرىكىتىنى ئاكتىپلىق بىلەن كېڭەيتىۋاتقانلىقى، ئېلىخان تۆرىنىڭ ئۆز ئالدىغا ھەرىكەت قىلىۋاتقانلىقى، ئۆزلىرى بىلەنمۇ كېڭىشىپ ئولتۇرمايدىغانلىقى قەيت قىلىنغان. دوكلاتتا سوۋېت كومپارتىيەسى

مەركىزى كومىتېتىنىڭ يولىيورۇقى كېلىشتىن بۇرۇن، ئېلىخان تۆرىنىڭ ھەرىكەتلىرىگە تەدبىر قوللىنىلمىغانلىقى ئەسكەرتىلگەن.[59] ئېلىخان تۆرىنىڭ موسكۋادىن ئايرىلىپ، ئۆز بېشىمچىلىق بىلەن ھەرىكەت قىلىشى سوۋېت ئىتتىپاقى يۇقىرى قاتلىمىنىڭ دىققىتىنى ۋە نارازىلىقىنى قوزغىغان بولۇشى ئېھتىمال. سوۋېت ئىتتىپاقى يۇقىرى قاتلىمىدىكىلەر ئېلىخان تۆرىنى قانداق بىر تەرەپ قىلىشنى ئويلىشىش بىلەن بىرگە، سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ شەرقىي تۈركىستان جۇمھۇرىيىتى ئارمىيەسىدىكى تەسىر كۈچىگە كاپالەتلىك قىلىش ئۈچۈن، شۇنداقلا، مەزكۇر جۇمھۇرىيەت بىلەن گومىنداڭ ھۆكۈمىتىنىڭ سۆھبىتىدىن كېيىن كېلىپ چىقىدىغان مۇھىت ئۆزگىرىشىگە تەييارلىق قىلىش ئۈچۈن، 10 - ئايدا ئۈچ ۋىلايەتكە ئۇيغۇر، ئۆزبېك، قازاق ۋە قىرغىزلاردىن تەشكىللەنگەن قوشۇن ئەۋەتىشنى قارار قىلدى. رېبىيا 20 - ئۆكتەبىر مولوتوفقا يوللىغان دوكلاتىدا شەرقىي تۈركىستانغا قىزىل ئارمىيە ئەۋەتىش ۋەزىپىسىنىڭ ئورۇندالغانلىقىنى بىلدۈردى.[60] ئېلىخان تۆرىنىڭ ئەسلىمىسىدىن مەلۇم بولۇشىچە، سوۋېت ئىتتىپاقى ئەۋەتكەن قىزىل ئارمىيە ئوتتۇرا ئاسىيادىكى ئىتتىپاقداش جۇمھۇرىيەتلەردىن كەلگەن ئۇيغۇر، ئۆزبېك، رۇس، قىرغىز ۋە تاتارلاردىن تەشكىللەنگەن بولۇپ، ئۇلارنىڭ بىر قىسمى سوۋېت ئىتتىپاقى ئىچكى ئىشلار مىنىستىرلىقى سىستېمىسىغا تەۋە تايانچ كۈچلەر ئىكەن. بۇ بىر تۈركۈم تايانچ كۈچلەر ئايرىم - ئايرىم ھالدا غۇلجا ھۆكۈمىتىنىڭ ھەرقايسى تارماقلىرىغا ئورۇنلاشتۇرۇلۇپ، مۇھىم ۋەزىپىلەرگە قويۇلدى. 1945 - يىلىنىڭ ئاخىرىغىچە، شەرقىي تۈركىستان جۇمھۇرىيىتىنىڭ نۇرغۇنلىغان ئورگانلىرىدىكى ئاساسىي مەسئۇللارنىڭ ئورنىغا «ئاۋانگارتلار» دەپ ئاتالغان قىزىل ئارمىيە تايانچ كۈچلىرى ئالماشتۇرۇلدى.[61] سوۋېت ئىتتىپاقى ھۆكۈمىتى غۇلجا ھۆكۈمىتىنى پۈتۈن كۈچى بىلەن كونترول قىلىش ئۈچۈن، ھۆكۈمەتنىڭ ھەرقايسى تارماقلىرىغا سىڭىپ كىرىپ، ئاكتىپ تەدبىر قوللاندى.

مۇشۇنداق ئەھۋال ئاستىدا، ئېلىخان تۆرە 1945 - يىلى 11 - ئايدا يەنىلا سوۋېت ئىتتىپاقى ئىچكى ئىشلار مىنىستىرى بېرىيەگە تېلېگراما يوللاپ، سوۋېت ئىتتىپاقىدىن خىتاينىڭ ھۆكۈمرانلىقىدىن ئازادلىققا چىقىش كۈرىشىگە ياردەم بېرىشىنى ئۆتۈندى. بۇ تېلېگراما ستالىن ۋە مولوتوفقا يەتكۈزۈلدى. ئەمما روشەنكى، سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ ئالىي رەھبەرلىرى بۇ تەلەپنى قوللىمىدى.[62] غۇلجا ھۆكۈمىتىنىڭ ئىچكى قىسمىدا تىنچلىق سۆھبىتىگە قارىتا ئىختىلاپ بولغاچقا، شۇنداقلا ئىككى تەرەپ بىر قىسىم نۇقتىلاردا ئورتاق پىكىرگە كېلەلمىگەچكە، سۆھبەت سوزۇلۇپ، ئىلگىرىلەش بولمىدى. سوۋېت ئىتتىپاقى ھۆكۈمىتىمۇ سۆھبەتنىڭ بالدۇرراق ئاياغلىشىشى ئۈچۈن، مۇناسىپ تەدبىرلەرنى قوللاندى. ئېلىخان تۆرىنىڭ ئەسلىمىسىگە ئاساسلانغاندا، 12 - دېكابىر سوۋېت ئىتتىپاقى ھۆكۈمىتىنىڭ مەجبۇرلىشى بىلەن، جەنۇبىي شەرقىي تۈركىستاندىكى غۇلجا ھۆكۈمىتى ئارمىيەسى غۇلجىغا چېكىنىشكە باشلىغان.[63] يىل ئاخىرىغىچە سوۋېت ھۆكۈمىتى ئوتتۇرا ئاسىيادىكى ھەرقايسى ئىتتىپاقداش دۆلەتلەردىن يۆتكەپ ئەكەلگەن تايانچ كۈچلەر ئۈچ ۋىلايەتنىڭ ھەرقايسى جايلىرىغا ئەۋەتىلىپ، مۇھىم ۋەزىپىلەرگە قويۇلغان. ئەسلىدىكى غۇلجا ھۆكۈمىتىنىڭ رەھبەرلىك قاتلىمىمۇ ئاستا - ئاستا مەزكۇر تايانچ كۈچلەر تەرىپىدىن ئىگىلەنگەن. ئەسلىدىكى غۇلجا ھۆكۈمىتىنىڭ بىر قىسىم ئالىي ئەمەلدارلىرى بىر كېچىدىلا موسكۋانىڭ ئۈچ ۋىلايەتتىكى ۋەكىلىگە ئايلىنىپ قالغان. غۇلجا

ھۆكۈمىتىمۇ ئاستا - ئاستا سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ غۇلجىدا تۇرۇشلۇق باش كونسۇلى كوزلوفنىڭ باشقۇرۇشىغا ئۆتكەن. غۇلجا ھۆكۈمىتى ئاكتىپلىق بىلەن سوۋېتپەرسلەرنى يېتىشتۈرۈشكە، ھۆكۈمەت ئىچىدىكى مىللەتچىلەرگە قارشى تۇرۇشقا باشلىغان.[64] ھۆكۈمەتتە سولچىلار ھوقۇق ئىگىلىگەن.

مۇشۇنداق بىر شارائىتتا، شۇ يىلى 12 - ئاينىڭ ئاخىرى جياڭ جڭگو سوۋېت ئىتتىپاقىنى زىيارەت قىلىپ، ستالىن بىلەن خىتاي - سوۋېت مۇناسىۋىتى مەسىلىسىنى مۇزاكىرە قىلدى.[65] جياڭ جڭگو موسكۋاغا يېتىپ بېرىشتىن بۇرۇن، يەنى 29 - دېكابىر سوۋېت ئىتتىپاقى مۇئاۋىن تاشقى ئىشلار مىنىستىرى لوزوۋسكى سۇنغان «جياڭ جڭگونىڭ زىيارىتى ھەققىدە ستالىن ۋە مولوتوفقا بېرىلگەن دوكلات»تا، خىتاي ۋەكىللەر ئۆمىكىنىڭ شەرقىي تۈركىستان مەسىلىسىنى تىلغا ئالىدىغانلىقى ئانالىز قىلىنىپ: «جياڭ جڭگو جياڭ جيېشىنىڭ نامىدا سوۋېت ئىتتىپاقىدىن قوزغىلاڭچىلارغا تەسىرىنى كۈچەيتىپ، بۇندىن ئىلگىرىكى يول قويۇشلاردىن رازى بولغۇزۇشىنى تەلەپ قىلىشى مۇمكىن. چۈنكى ئۇلارنىڭ قوزغىلاڭچىلار قولغا كەلتۈرۈشكە تىرىشىۋاتقان كەڭ دائىرىلىك ئاپتونومىيەگە قوشۇلۇشى مۇمكىن ئەمەس. ئاڭلاشلارغا قارىغاندا، جياڭ جيېشى مۇرەسسە قىلىشقا تەييارلىنىۋېتىپتۇ. ئەمما قانداق بولۇشىدىن قەتئىينەزەر، ئۇ شىنجاڭنى مۇسۇلمانلارنىڭ باشقۇرۇشىغا تاشلاپ قويمايدۇ» دېيىلگەن.[66] جياڭ جڭگو 30 - دېكابىر ستالىن بىلەن ئىككىنچى قېتىم كۆرۈشكەندە، ھەققەتەن شەرقىي تۈركىستان مەسىلىسىنى تىلغا ئالدى. ستالىن: «جياڭ جيېشى سوۋېت ئىتتىپاقى ھۆكۈمىتىنىڭ ئوتتۇرىغا چۈشۈپ، كېلىشتۈرۈپ قويۇشىنى ئۈمىد قىلامدۇ؟» دەپ سورىۋېدى، جياڭ جڭگو: «جياڭ جيېشى سوۋېت ئىتتىپاقى ھۆكۈمىتىنىڭ كېلىشتۈرگۈچى بولۇشىنى خالايدۇ» دەپ جاۋاب بەردى. ستالىن بولسا: «سوۋېت ئىتتىپاقى كۈچىنىڭ يېتىشىچە تىرىشىدۇ. ئىسيانچىلار سوۋېت ئىتتىپاقى ھۆكۈمىتىنىڭ كېلىشتۈرۈشىنى رەت قىلمايدۇ. يولداش ستالىن سوۋېت ئىتتىپاقى كونسۇلىنىڭ دوكلاتىنى تاپشۇرۇۋالغاندىن كېيىن، ئاخىرقى جاۋابىنى بېرىشكە ۋەدە بېرىدۇ» دېدى.[67] ستالىننىڭ ئىشەنچكە تولغان سۆزلىرىدىن كۆرۈۋالغىلى بولىدۇكى، بۇ چاغدا غۇلجا ھۆكۈمىتىنى پۈتۈنلەي كونترول قىلىپ بولغان. ئېلىخان تۆرە بولسا تىنچلىق سۆھبىتىگە توسقۇنلۇق قىلغۇچى سەلبىي شەخس دەپ قارىلىپ، ئۇنى چەكلەش شۇ ۋاقىتتىكى زۆرۈر ئىشلار قاتارىدىن بولۇپ قالغان. 1946 - يىلى 8 - ئىيۇن ئېلىخان تۆرە ئىستىپا بېرىشكە قىستىلغان بىر تەھدىت خېتى تاپشۇرۇۋالدى. ئېلىخان تۆرە بىلەن مەسئۇد سابىرى، مۇھەممەد ئىمىن بۇغرا، ئەيسا يۈسۈپ ئالىپتېكىن قاتارلىق شەرقىي تۈركىستانلىق مىللەتچىلەر ئوتتۇرىسىدىكى مەخپىي خەت - چەكلەرمۇ ئوغرىلاپ كېتىلدى. 13 - ئىيۇل ئېلىخان تۆرە سوۋېت ئىتتىپاقى ئىچكى ئىشلار مىنىستىرلىقىنىڭ ئىستىخبارات خادىملىرى تەرىپىدىن تۇتقۇن قىلىنىپ، ئۆزبېكىستان پايتەختى تاشكەنتكە قايتۇرۇلۇپ،[68] تىنچلىق كېلىشىمىگە دەخلى قىلغان ئاخىرقى توسالغۇ يوقىتىلدى. غۇلجا ھۆكۈمىتىنىڭ رەھبەرلىكىنى ئەخمەتجان قاسىمى ئۈستىگە ئالدى. 28 - ئىيۇن ئەخمەتجان قاسىمى شەرقىي تۈركىستان جۇمھۇرىيىتى ھۆكۈمىتىنىڭ تارقىتىۋېتىلگەنلىكىنى جاكارلىدى.[69] بۇ ۋاقىتتا ئەسلىدىكى غۇلجا ھۆكۈمىتىگە قاراشلىق ئۈچ ۋىلايەتنىڭ بارلىق سىياسىي، ئىقتىسادىي، ھەربىي ئىشلىرى سولچىل كوممۇنىستلارنىڭ باشقۇرۇشىغا ئۆتتى.

ئىككى تەرەپنىڭ مۇشەققەتلىك سۆھبىتى ئارقىلىق، 1946 - يىلى 6 - ئىيۇن ئەنجاڭ بىلەن غۇلجا ئوتتۇرىسىدا ئاخىرى كېلىشىم هاسىل قىلىندى ۋە 1946 - يىلى 1 - ئىيۇل جاڭ جىجوڭ رەئىس بولغان، مۇئاۋىن رەئىسلەردىن ئەخمەتجان قاسىمى ئۈچ ۋىلايەت تەرەپكە ۋەكىللىك قىلىدىغان، بۇرهان شەهىدى (1894 - 1989، سوۋېت ئىتتىپاقلىق تاتار) قالغان يەتتە ۋىلايەتكە ۋەكىللىك قىلىدىغان، دېموكراتىك بىرلەشمە خاراكتېرىدىكى هۆكۈمەت بولغان «شىنجاڭ ئۆلكىلىك بىرلەشمە هۆكۈمىتى» قۇرۇلدى.[70] جاڭ جىجوڭ بۇ هەقتىكى باھاسىدا: «ئىككى تەرەپنىڭ تىرىشچانلىقى ۋە سوۋېت ئىتتىپاقى تەرەپنىڭ ئوتتۇرىدا كېلىشتۈرگۈچى بولۇشى نەتىجىسىدە، بىر يىل سەككىز ئاي داۋاملاشقان غۇلجا ۋەقەسى ئاخىرى تىنچلىق بىلەن هەل بولدى. بۇنىڭ تەسىرى ۋە رولى ناهايىتى زور بولۇپ، هەتتا شىنجاڭنىڭ 1949 - يىلى تىنچ ئازاد بولۇشىغا دەسلەپكى ئاساس تىكلىدىغۇ دېيەمەن» دېگەن.[71] ئەمەلىيەتتە سۆھبەت جەريانىغا ئومۇمەن سوۋېت ئىتتىپاقى تەرەپ رەھبەرلىك قىلغان بولۇپ، هەتتا بىرلەشمە هۆكۈمەتتىكى غۇلجا تەرەپنىڭ نامزاتىمۇ موسكۋا تەرىپىدىن ئىنچىكىلىك بىلەن تاللانغان ۋە بېرىيەنىڭ ماقۇللىقىدىن ئۆتكەن.[72] موسكۋا سۆھبەتنىڭ نەتىجىسىدىن ئاساسەن رازى بولغان بولۇپ، بۇ سەۋەبلىك سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ يۇقىرى قاتلىمىدىكىلەر 1946 - يىلى 6 - ئاۋغۇستتىكى يىغىنىدا، سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ رەھبەرلىكىدىكى شەرقىي تۈركىستان تىنچلىق سۆھبىتى ۋەزىپىسى غەلىبىلىك تاماملاندى، دەپ قارالغان.[73] سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ ماسلىشىشى ئارقىسىدا جاڭ جىجوڭمۇ سۆھبەت نەتىجىسىدىن رازىمەنلىك هېس قىلغان بولسىمۇ، ئەمما غۇلجا هۆكۈمىتىنىڭ ئۇرۇمچى هۆكۈمىتىدىن مۇستەقىل تۇرۇشىدەك رېئال مەسىلە پۈتۈنلەي هەل بولمىغان. شۇڭلاشقا، ئەينى ۋاقىتتىلا بەزىلەر جاڭ جىجوڭنىڭ «غۇلجا ۋەقەسى»نى تىنچلىق بىلەن هەل قىلىشىنى مۇۋەپپەقىيەتلىك بىر ئىش ئەمەس، دەپ تەنقىد قىلغانىدى.[74] 1947 - يىلى 5 - ئايدا گومىنداڭ هۆكۈمىتى مەسئۇد سابىرىنى مەزكۇر بىرلەشمە هۆكۈمەتنىڭ رەئىسلىكىگە تەيىنلىگەندىن كېيىن، غۇلجا تەرەپ بۇنىڭغا نارازىلىق بىلدۈرۈپ، ئىككى تەرەپنىڭ زىددىيىتى كەسكىنلەشتى. 8 - ئايدا بىرلەشمە هۆكۈمەتتىكى غۇلجا ۋەكىللىرى ئارقا - ئارقىدىن غۇلجىغا قايتىشقا باشلىدى، شۇنىڭ بىلەن ئۆلكىلىك بىرلەشمە هۆكۈمەت پارچىلاندى. 1949 - يىلى 9 - ئايدا خىتاي كومپارتىيەسى ئارمىيەسىنىڭ شەرقىي تۈركىستانغا كىرىشىدىن بۇرۇن، گومىنداڭ هۆكۈمىتىنىڭ سىياسىي كۈچى يەنىلا شەرقىي تۈركىستاننىڭ شىمالىغا يېتىپ بارالمىغان بولۇپ، غۇلجا هۆكۈمىتى مۇستەقىل هاكىمىيەتتەك مەۋجۇت بولۇپ تۇرغانىدى.

## خۇلاسە

سۇن فۇكۇن «سوۋېت رۇسىيەسىنىڭ شىنجاڭغا قاراتقان سىياسىي، هەربىي تاجاۋۇزچىلىقى» دېگەن ماقالىسىدە، سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ قوشنا ئەللەرگە تاجاۋۇز قىلىشتىكى ئالاهىدىلىكلىرى تەھلىل قىلغان بولۇپ: «1. باشتا پۇرسەتتىن پايدىلىنىپ سىڭىپ كىرىدۇ ۋە پەيت كۈتۈپ مارىلايدۇ. 2. يەنە بىر قەدەم ئىلگىرىلىگەن هالدا بىرسىگە يار - يۆلەك بولۇپ، يالغاندىن ياخشىلىق ۋە دوستلۇق كۆرسىتىدۇ، ئەمەلىيەتتە بولسا تاجاۋۇزچىلىق قورالى سۈپىتىدە ئىشلىتىدۇ. 3. شۇنىڭ بىلەن بىر ۋاقىتتا ئىسكەنجىگە ئېلىش، كېيىنچە زورىيىپ باشقۇرالماسلىقنىڭ ئالدىنى ئېلىش ئۈچۈن، باشقا كۈچلەرنىمۇ تەڭ يۆلەپ تۇرغۇزىدۇ. 4. پايدىلىنىلغۇچىلارنىڭ ئۆز كۈچىنى

زورايتىۋالماسلىقى ئۈچۈن، ئۇلارنى ئۇزۇن مۇددەت مەۋجۇت بولۇشىغا يول قويمايدۇ، رولى ئاجىزلىغاندا بولسا، ئامال قىلىپ ئالماشتۇرۇۋېتىدۇ. 5. پۇرسەت پىشىپ يېتىلسىلا دەرھال ئىشغال قىلىۋالىدۇ» دېگەن.[75] شەرقىي تۈركىستان جۇمھۇرىيىتىنىڭ قۇرۇلۇش جەريانى بىلەن مەزكۇر تەھلىل ناھايىتى ئۇستمۇ - ئۇست چۈشىدۇ. ھالبۇكى، سوۋېت ئىتتىپاقى شەرقىي تۈركىستاننى يۇتۇۋالمىغان، ئەكسىچە، مەزكۇر جۇمھۇرىيەتتىن ئاپتونومىيە ئۈچۈن گومىنداڭ ھۆكۈمىتى بىلەن تىنچلىق سۆھبىتى ئۆتكۈزۈشنى تەلەپ قىلغان.

رۇسىيەلىك تەتقىقاتچى بارمىننىڭ (Valery A. Barmin) سوۋېت ئىتتىپاقى مەزگىلىدە موسكۋانىڭ خىتاي سىياسىتىدىكى شەرقىي تۈركىستان مەسىلىسى ھەققىدىكى تەتقىقاتىغا ئاساسلانغاندا، سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ يۇقىرى قاتلامدىكىلەر شەرقىي تۈركىستاننىڭ مۇستەقىللىقىنى قوللاشنى ئويلاشمىغان. سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ ئۈچ ۋىلايەت خەلق مۇستەقىللىق ھەرىكىتىنى قوللىشى ئەمەلىيەتتە ئۇنىڭ ھەقىقىي مەقسىتى ئەمەس ئىدى، شۇنداقلا شەرقىي تۈركىستاننى سوۋېت ئىتتىپاقى دۆلەتلىرى قاتارىغا قوشۇۋېلىش نىيىتىمۇ يوق ئىدى. سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ مەقسىتى ئەسلىدە شېڭ شىسەي ھاكىمىيىتىنى ئاغدۇرۇپ تاشلاپ، شەرقىي تۈركىستاندىكى يەرلىك خەلقنىڭ ھاكىمىيەت يۈرگۈزۈشىنى قوللاش، ئۇلارنىڭ ئۆز - ئۆزىگە خوجا بولۇش ھوقۇقىغا ئېرىشتۈرۈش ئىدى، ئەمما بۇ خىتاي خەرىتىسىدىن ئايرىلماسلىق شەرتى ئاستىدا بولاتتى. شۇڭلاشقا خىتاي تەرەپ ياقىلىغان «سوۋېت ئىتتىپاقى شەرقىي تۈركىستاننى بۆلۈپ چىقىدۇ» دېگەن پىكىر توغرا ئەمەس، رۇسىيەنىڭ ئارخىپلىرىدا بۇ خىل قاراشنى ياقىلايدىغان ھېچقانداق مەلۇمات يوق.[76] بارمىننىڭ يەنە نەقىل كەلتۈرۈشىچە، سوۋېت كومپارتىيەسى سىياسىي بيۇروسى مەركىزىي كومىتېتى 1943 - يىلى 4 - ماي شېڭ شىسەينىڭ يۈز ئۆرۈش قىلمىشى ۋە شەرقىي تۈركىستان ۋەزىيىتىگە ئالاقىدار مەسىلىلەر ھەققىدىكى باھالاش يىغىنىدا، سوۋېت ئىتتىپاقى رەھبەرلىرى شەرقىي تۈركىستاننى بۆلۈپ چىقىش ياكى ئۇنىڭ زېمىنىنى يۇتۇۋېلىش ھەققىدە قارار چىقارمىغان. چۈنكى سوۋېت ئىتتىپاقى رەھبەرلىرى بۇنىڭ خىتاي - سوۋېت مۇناسىۋىتىگە ئومۇمىيۈزلۈك تەسىر كۆرسىتىدىغانلىقىنى ئويلاشقان.[77] بارمىننىڭ قارىشىچە، موسكۋانىڭ شەرقىي تۈركىستان مۇستەقىللىقىنى قوللاش نىيىتى يوقلۇقى ھەققىدىكى پىكىرنى تۇنجى قېتىم سىرتقا ئاشكارا ئوتتۇرىغا قويۇشى، 1945 - يىلى 5 - ئايدا ستالىن ترۇماننىڭ مەسلىھەتچىسى خوپكېنسنى كۈتۈۋالغان ۋاقىتتۇر.[78] شۇنىڭ بىلەن بىر ۋاقىتتا، بارمىن سوۋېت كومپارتىيەسى مەركىزىي بيۇرو ئەزاسى مىكويان 1949 - يىلى يەنئەننى مەخپىي زىيارەت قىلىپ، ماۋ زېدۇڭ قاتارلىق خىتاي كومپارتىيەسىنىڭ يۇقىرى قاتلامدىكىلەر بىلەن كۆرۈشكەن چاغدا موسكۋانىڭ شەرقىي تۈركىستاننىڭ مۇستەقىللىقىنى قوللىمايدىغانلىقىنى ئېيتقانلىقىنى مىسال قىلىش ئارقىلىق، ئۆز نۇقتىئىنەزەرىنى كۈچەيتكەن.[79] ئۇنىڭدىن باشقا بىر قىسىم غەرب تەتقىقاتچىلىرىمۇ غۇلجا ئىنقىلابىنىڭ سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ قوللىشىغا ئېرىشكەنلىكىگە گۇمان بىلەن قارىغان بولۇپ، چۈنكى ستالىن ئىسلامىي كۈچلەرگە ياردەم بېرىپ، شەرقىي تۈركىستاننى بۆلۈپ چىقىشقا قىزىقمايتتى.[80] ئەمەلىيەتتە، سوۋېت ئىتتىپاقى 1933 - يىلىدىن باشلاپلا شەرقىي تۈركىستان سىياسىتىنى بەلگىلەپ بولغانىدى. يەنى بىرىنچىدىن، شەرقىي تۈركىستاننىڭ خىتايدىن بۆلۈنۈپ چىقىشىنى قوللىماسلىق؛ ئىككىنچىدىن، شەرقىي تۈركىستاندىكى يەرلىك ئاپتونومىيەنى قوللاش.[81] قارىماققا بۇ سوۋېت رۇسىيەسىنىڭ شەرقىي تۈركىستانغا بولغان ئەنئەنىۋىي تاشقى سىياسىتىگە

ئايلىنىپ قالغانەدەك قىلاتتى. شەرقىي تۈركىستان جۇمھۇرىيىتى قۇرۇلغاندىن تارتىپ، دۆلەتلىك سالاھىيىتى بىكار قىلىنغانغا قەدەر بولغان بارلىق جەريانلار بۇ ئىستراتېگىيەنى ئىسپاتلىغانىدى. يەنى شەرقىي تۈركىستان مۇستەقىل بولالمايدۇ، پەقەت ئاپتونومىيەلا بولىدۇ، يەنە كېلىپ ئاپتونومىيە خىتايلارغا ياكى يەرلىك مىللەتلەرگە باغلىق ئەمەس، بەلكى سوۋېتپەرەس ياكى ئەمەسلىكىگە ئاساسەن بەلگىلىنەتتى. شۇڭلاشقا جاڭ جىجۇڭ شەرقىي تۈركىستان سىياسىتىگە رەھبەرلىك قىلىپ، سوۋېتپەرەس سىياسەت يۈرگۈزگەندە، موسكۋا بۇنىڭدىن رازى بولدى. گومىنداڭ ھۆكۈمىتى خىتاي كومپارتىيەسىگە قارشى تۇرۇشقا ئۆزگىرىپ، مىللەتچىلىك ئىدىيەسىنى تەشەببۇس قىلىدىغان مەسئۇد سابىرىنى شىنجاڭ ئۆلكىسى رەئىسى قىلىپ تەيىنلىگەن ۋاقىتتا، موسكۋا قاتتىق تەھدىت ھېس قىلىپ، ئۈچ ۋىلايەت ھۆكۈمىتىنى مەسئۇد بىرلەشمە ھۆكۈمىتىگە نارازىلىق بىلدۈرۈشكە ئىلھاملاندۇرغانىدى، ھەتتا بۇ ھۆكۈمەتنى پارچىلىۋېتىدىغانلىقى ھەققىدە تەھدىت سېلىپ، ئاخىرى نەنجىڭ ھۆكۈمىتىنى مەسئۇدنى ئالماشتۇرۇۋېتىشكە قىستىغانىدى.

سوۋېت ئىتتىپاقى شەرقىي تۈركىستان جۇمھۇرىيىتىنىڭ قۇرۇلۇشىغا ياردەم بېرىش جەريانىدا، ئىنچىكە پىلان تۈزۈپ، بەلگىلىك ئادەم كۈچى ۋە ماددىي بايلىق سەرپ قىلىپ، تەشكىللىك، مەقسەتلىك ۋە ناھايىتى مۇۋەپپەقىيەتلىك بولغان شەرقىي تۈركىستان مۇستەقىللىق ھەرىكىتىنى تاماملىدى. بارمىنىڭ قارىشى بويىچە ئېيتقاندا، سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ شەرقىي تۈركىستان جۇمھۇرىيىتىنى قوللاشتىكى مەقسىتى شېڭ شىسەي ھاكىمىيىتىنى ئاغدۇرۇپ تاشلاپ، يەرلىك خەلققە ھوقۇق تۇتقۇزۇش ئىدى. ئەلۋەتتە بۇ يەردە دېيىلگەن «يەرلىك خەلقنىڭ ھوقۇق تۇتۇشى»، ئەمەلىيەتتە يەرلىك مىللەتلەرنىڭ گومىنداڭ ھاكىمىيىتى ئاستىدا قۇرغان ئاپتونومىيە ھاكىمىيىتى ئىدى. ئەمما يەرلىك خەلق بولسا سوۋېت ئىتتىپاقى ھۆكۈمىتىنى ئۆزلىرىنىڭ مۇستەقىل دۆلەت قۇرۇشىنى قوللايدۇ، دەپ ئويلاپ قالغانىدى. ۋەقە يۈز بېرىشتىن ئىلگىرى، ستالىن ئەلىخان تۆرىگە ئۇچۇر ئەۋەتىپ، مۇستەقىل دۆلەت قۇرۇشقا ياردەم بېرىشنى خالايدىغانلىقىنى تىلغا ئالغانىدى.[82] 1944 - يىلى 8 - ئايدا سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ غۇلجىدا تۇرۇشلۇق كونسۇلى دۇبوشىن (Duboshin) ئەلىخان تۆرىگە سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ ئۇنىڭ مۇستەقىللىق ئىشلىرىنى قوللاشنى خالاپلا قالماي، ھەتتا ئۇ قۇرغان جۇمھۇرىيەت دۆلىتىنى يوشۇرۇن ئېتىراپ قىلىدىغانلىقىنى ئېيتقان.[83] بۇ بەلكىم ستالىننىڭ يەرلىك مىللەتلەرنى شېڭ شىسەي ھاكىمىيىتىگە قارشى چىققۇزۇش مەقسىتىدە قوللانغان يالغان سۆزى بولسا كېرەك. ئەمما ستالىننىڭ ئۆزىمۇ يەرلىك خەلقنىڭ مۇستەقىللىق ئارزۇسىنى بىلەتتى. مەسىلەن: 1945 - يىلى 9 - ئىيۇل خىتاي - سوۋېت 4 - قېتىملىق سۆھبىتىدە ستالىن مەقسەتلىك ھالدا سۇڭ زىۋېندىن: «تۇپىلاڭچىلارنىڭ مەقسىتى خىتايدىن ئايرىلىپ چىقىشمۇ؟» دەپ سورىغان.[84] ئۇندىن باشقا بىر قىسىم سوۋېت ئىتتىپاقى ئەمەلدارلىرىمۇ قارىماققا شەرقىي تۈركىستاننىڭ مۇستەقىللىقىنى قوللىغان. مەسىلەن: گوچىچاۋ 1946 - يىلى 11 - مارتتا تاشقى ئىشلار مىنىستىرلىقىغا مەخپىي ئەۋەتكەن خېتىدە، يېقىندا موسكۋادىن قايتىپ كەلگەن، ستالىننىڭ يۈزتۇرانە يوليورۇقىغا بىنائەن سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ ئۈرۈمچىدىكى مۇئاۋىن كونسۇلى بولغان ئالماسوفنىڭ «شىنجاڭنى ئازاد قىلىش خىزمىتى»گە مەسئۇل بولغانلىقىنى، مەزكۇر مۇئاۋىن كونسۇلنىڭ بۇ يەردىكى خادىملاردىن: «خەلقئارادىكى ئاجىز مىللەتلەر ۋە ئەمگەكچىلەرنى ئەركىن، باراۋەر قىلىش سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ بېكىتكەن سىياسىتى. شىنجاڭدىكى كۆپ سانلىق تۇڭگانلار ئاز سانلىق خىتايلارنىڭ

زالىم ھۆكۈمرانلىقىدا. سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ ئەلۋەتتە بۇ ئېزىلگەن مىللەتنى قوراللىق قوللاپ، ئازادلىق، ئەركىنلىككە ئېرىشتۈرۈش مەسئۇلىيىتى بار» دېگەنلىكىنى تىلغا ئېلىپ ئۆتكەن.[85] بۇ سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ ئىچكى قىسمىدا شەرقىي تۈركىستاننىڭ مۇستەقىللىقى مەسىلىسىگە نىسبەتەن پىكىر ئىختىلاپى بارلىقىنى كۆرسىتىپ بېرىدىغان بولۇپ، بۇ خىل ئىختىلاپ شەرقىي تۈركىستان جۇمھۇرىيىتىنىڭ رەھبەرلىك قاتلىمىدىمۇ ئەكس ئەتكەن.[86] شېڭ شىسەي 1950 - يىلى 8 - مارت گومىنداڭ ھۆكۈمىتى تاشقى ئىشلار مىنىستىرلىقىدىكى بىر داۋىمەڭ بىلەن سۆزلەشكەندە، 1940 - يىلى «شېڭ شىسەي - سوۋېت ئىتتىپاقى مەخپىي كېلىشىمى»نى ئىمزالىغان ۋاقىتتا، سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ ئۇنىڭ شەرقىي تۈركىستاننى مۇستەقىل قىلىشىغا ئىلھام بەرگەنلىكىنى تىلغا ئالغان.[87] ئەمما سوۋېت ئىتتىپاقى تەرەپنىڭ ئىزاھاتى شېڭ شىسەينىڭ سۆزى بىلەن زىتلىشىدىغان بولۇپ، 1941 - يىلى 1 - ئايدا شېڭ شىسەينىڭ سوۋېت ئىتتىپاقىغا شەرقىي تۈركىستاننى خىتايدىن ئايرىپ چىقىپ، «شىنجاڭ سوۋېت جۇمھۇرىيىتى» قۇرۇش ھەمدە سوۋېت ئىتتىپاقى جۇمھۇرىيەتلىرى قاتارىغا قوشۇش ھەققىدە تەكلىپ بەرگەنلىكى كۆرسىتىلگەن.[88] گەرچە ئىككى بايان پەرقلەنسىمۇ، بۇ شۇنى كۆرسىتىپ بېرىدۇكى، سوۋېت ئىتتىپاقى تەرەپ ئەينى ۋاقىتتا شەرقىي تۈركىستاننى مۇستەقىل قىلىش مەسىلىسىنى ئېھتىياتچانلىق بىلەن ئويلىشىپ باققاندەك تۇرىدۇ. ئىككىنچى دۇنيا ئۇرۇشى ئاخىرلاشقاندىن كېيىن سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ شەرقىي تۈركىستان سىياسىتى ئايدىڭلىشىپ بولغان بولۇپ، مۇستەقىللىقىنى قوللاشتىن ئاپتونومىيەسىنى قوللاشقا ئۆزگەرگەن.

موسكۋانىڭ شەرقىي تۈركىستان سىياسىتىنى ئۆزگەرتىشى ئۆز دۆلەت كۈچىنىڭ شەرقىي تۈركىستان مۇستەقىللىقىنى قوللاشقا بەرداشلىق بېرەلمەيدىغانلىقىدىن ئەمەس ئىدى، شۇنداقلا غۇلجا ھۆكۈمىتىنىڭ 40 - 50 مىڭ كىشىلىك مىللىي ئارمىيەسىنىڭ شەرقىي تۈركىستاننىڭ پايتەختى ئۈرۈمچىنى ھۇجۇم بىلەن ئېلىشىغا كۈچى يەتمىگەنلىكىدىنمۇ ئەمەس ئىدى، بەلكى خەلقئارا ۋەزىيەتنىڭ ئۆزگىرىشى ۋە بۇ خىل ئۆزگىرىشنىڭ سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ شەرقىي تۈركىستان سىياسىتىنى تەڭشىشىدە ئەكس ئېتىشى سەۋەبلىك ئىدى. يۇقىرىقى تەتقىقاتلاردىن كۆرۈۋېلىشقا بولىدۇكى، شېڭ شىسەي 1942 - يىلىدىن تارتىپ گومىنداڭ ھۆكۈمىتى تەرىپىدىن تەسلىم بولۇشقا چاقىرىلغان، شۇنداقلا سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ شەرقىي تۈركىستاندىكى كۈچىنى يوقىتىشقا ئۇرۇنغان، ئەمما موسكۋانىڭ قايتۇرما زەربىسىگە ئۇچرىغان. سوۋېت ئىتتىپاقى ئۆزىنىڭ شەرقىي تۈركىستاندىكى ئىقتىسادىي ۋە بىخەتەرلىك مەنپەئەتىنى كاپالەتلەندۈرۈش ئۈچۈن، بىر تەرەپتىن شەرقىي تۈركىستاندا جىددىي ۋەزىيەت پەيدا قىلىپ، گومىنداڭ ھۆكۈمىتىنى شېڭ شىسەينىڭ شەرقىي تۈركىستاندىكى بارلىق ۋەزىپىسىدىن ئېلىپ تاشلاشقا قىستىسا، يەنە بىر تەرەپتىن قاتتىق زۇلۇمغا ئۇچرىغان يەرلىك خەلقنى ئىسيان كۆتۈرۈپ، قارشىلىق بىلدۈرۈشكە ئىلھاملاندۇرۇپ، مۇستەقىل ھاكىمىيەت قۇرۇپ چىققان. سوۋېت ئىتتىپاقى كۈچلىرى شەرقىي تۈركىستاندىن قوغلاپ چىقىرىلغاندىن كېيىن، موسكۋا تۇنجى قېتىم غەلىبىلىك ھالدا شەرقىي تۈركىستان خەلقىنىڭ شېڭ شىسەي ھاكىمىيىتىگە بولغان نەپرىتىدىن مۇۋەپپەقىيەتلىك پايدىلىنىپ، گومىنداڭ ھۆكۈمىتىنى ئۆزىنى ئالدىن بېكىتىپ بولغان شەرقىي تۈركىستان سىياسىتىنى قوبۇل قىلىشقا مەجبۇرلىغان. شەرقىي تۈركىستان مەسىلىسىنىڭ تەشەببۇسكارلىق ھوقۇقى سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ قولىدا بولغانلىقتىن، ئامېرىكىنىڭ خىتاينىڭ ياپونغا قارشى ئۇرۇشى ئۈچۈن ياردەم قىلغان ماددىي ئەشيالىرىنى، شەرقىي تۈركىستان ئارقىلىق خىتاي ئۆلكىلىرىگە يەتكۈزۈش پىلانىمۇ

بۇ سەۋەبلىك ئەمەلدىن قالدۇرۇلغانىدى. سوۋېت ئىتتىپاقى «شەرقىي تۈركىستان مەسىلىسى» كوزىرىنى يارىتىپ چىقالىغاچقا، يالتا يىغىنىدا ئىشەنچ بىلەن گومىنداڭ ھۆكۈمىتىنىڭ ئىگىلىك ھوقۇقىغا پايدىسىز بولغان تەلەپلەرنى ئوتتۇرىغا قويۇپ، گومىنداڭ ھۆكۈمىتىنى يالتا مەخپىي كېلىشىمدە ئېرىشكەن مەنپەئەتلىرىنى قوبۇل قىلىشقا مەجبۇرلىدى. شۇنداقلا «خىتاي - سوۋېت دوستلۇق ۋە ئىتتىپاقداشلىق شەرتنامىسى»دىن پايدىلىنىپ، ئۆز مەنپەئەتىنى قانۇنىي يوسۇندا قانۇنلاشتۇرۇپ، خىتايغا قاراتقان تاشقى سىياسىتىنىڭ تەسىر كۈچىنى مۇستەھكەملىۋالدى. شۇنداقلا خىتاينىڭ ئاجىزلىقى ۋە ئامېرىكا، ئەنگلىيە قاتارلىق دۆلەتلەرنىڭ سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ شەرقىي تۈركىستان ئىستراتېگىيەسىنى ئانچە چۈشىنىپ كەتمەسلىكى، سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ شەرقىي تۈركىستان مەسىلىسىگە يېتەكچىلىك قىلىشىنى پۇرسەت بىلەن تەمىنلىدى. 1943 - يىلىدىن 1945 - يىلى ئىككىنچى دۇنيا ئۇرۇشى ئاخىرلاشقۇچە، سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ خىتاي سىياسىتىدە شەرقىي تۈركىستان مەسىلىسىنىڭ سايىسى ئىزچىل ئەگىشىپ ماڭدى. ئۇنىڭ ئۈستىگە، سوۋېت ئىتتىپاقى خەلقئارا ۋەزىيەت ۋە خىتاينىڭ ئىچكى سىياسىي ئېھتىياجىغا ئاساسەن، ئۆزىنىڭ شەرقىي تۈركىستان سىياسىتىنى دائىم ئۆزگەرتىپ، گومىنداڭ ھۆكۈمىتىگە بولغان بېسىمنى بارا - بارا كۈچەيتتى.

ئىككىنچى دۇنيا ئۇرۇشى ئاخىرلاشقاندىن كېيىن، سوۋېت ئىتتىپاقى شەرقىي تۈركىستان جۇمھۇرىيىتىنى ئۆزىنىڭ مۇستەقىل سىياسىي سالاھىيىتىنى ئەمەلدىن قالدۇرۇشقا قىستاپ، يەنىمۇ ئىلگىرىلىگەن ھالدا «شەرقىي تۈركىستان مەسىلىسى»دىن قايتا پايدىلىنىش ئارقىلىق، خىتايغا قارىتا سىياسىتىنى تەڭشىدى. گومىنداڭ ھۆكۈمىتى تاشقى ئىشلار مىنىستىرى ۋاڭ شىجيې ئەينى ۋاقىتتا بۇنى توغرا خۇلاسە قىلغان بولۇپ، شەرقىي تۈركىستان جۇمھۇرىيىتىنىڭ سىياسىي سالاھىيىتىنى ئاخىرلاشتۇرۇش، ئەمەلىيەتتە «خىتاي - سوۋېت شەرتنامىسى ئىمزالىنىشتىن بۇرۇن بېكىتىلگەن باسقۇچ بولۇشى مۇمكىن بولۇپ، ئىلگىرى ئاشكارىلانمىغانىدى» دەپ قارىغان.[89] تەرەققىيات باسقۇچىدىن قارىغاندا، سوۋېت ئىتتىپاقى پەيدا قىلغان «شەرقىي تۈركىستان مەسىلىسى» ئۆزىنىڭ بىرىنچى باسقۇچلۇق تارىخىي ۋەزىپىسىنى تاماملىغانىدى. ئۇنىڭ ئىككىنچى باسقۇچلۇق تارىخىي ۋەزىپىسى بولسا، غۇلجا ھۆكۈمىتىنىڭ ئاپتونومىيە ھوقۇقىغا ئېرىشىشىگە ياردەم بېرىش ئارقىلىق، شەرقىي تۈركىستاندىكى مەنپەئەتىگە چەكلىك ھالدا كاپالەتلىك قىلىش ئىدى. شۇنىڭ بىلەن بىرگە، سوۋېت ھۆكۈمىتى خىتاي كوممۇنىستىك پارتىيەسىنى قوللىمايدىغان بۇرۇنقى سىياسىتىنى ئۆزگەرتىپ، خىتاي كوممۇنىستىك پارتىيەسى كوزىرى ئارقىلىق خىتايغا قاراتقان تاشقى سىياسىتىنىڭ تەسىر كۈچىنى مۇستەھكەملىگەنىدى. دەل مۇشۇ تەرەققىيات بولغانلىقى سەۋەبلىك، گومىنداڭ ھۆكۈمىتىنى چەكلەيدىغان «شەرقىي تۈركىستان قارتى»نىڭ ئورنىنى ئاستا - ئاستا «خىتاي كوممۇنىستىك پارتىيەسى قارتى» ئىگىلىگەنىدى. بۇنىڭدىكى سەۋەب «شەرقىي تۈركىستان قارتى»غا قارىغاندا، «خىتاي كوممۇنىستىك پارتىيەسى قارتى»دىن پايدىلىنىش ئارقىلىق تېخىمۇ كەڭ دائىرىلىك مەنپەئەت نىشانىغا يەتكىلى بولاتتى ۋە شۇنداقلا «شەرقىي تۈركىستان قارتى»نىڭ بارلىق رولىنىڭ ئورنىنى باسالايتتى. گەرچە ئىككى قارتىنىڭ ئۆزىگە خاس رولى بولسىمۇ، ئەمما «خىتاي كوممۇنىستىك پارتىيەسى قارتى»دىن ئىستراتېگىيەلىك پايدىلانغاندا، «شەرقىي تۈركىستان قارتى» ئېلىپ كېلىدىغان مەنپەئەتكىمۇ ئېرىشكىلى بولاتتى. نەتىجىدە، ھەقىقىي ئەڭ ئېغىر زىيانغا ئۇچرىغۇچى يەنىلا شەرقىي تۈركىستان خەلقى بولۇپ، چوڭ دۆلەتلەر ئوتتۇرىسىدىكى مەنپەئەت تىركىشىشىنىڭ ئەڭ چوڭ قۇربانىغا ئايلانغانىدى.

# نەقىل ئېلىنغان كىتابلار كاتالوگى

## 1. ئارخىپ ماتېرىياللىرى


- The U.S. Department of State, *U.S. Relations with China with Special Reference to the Period 1944 - 1949* . Washington, D.C.: Government Printing Office, 1949.
- The United States Department of State, *Foreign Relations of the United States: Conferences at Malta and Yalta, 1945*. Washington, D.C.: U.S. Government Printing Office, 1955.
- The United States Department of State, *Foreign Relations of the United States: Diplomatic Papers, 1942: China*. Washington, D.C.: U.S. Government Printing Office, 1956.
- The United States Department of State, *Foreign Relations of the United States: Diplomatic Papers, The Conferences at Cairo and Tehran, 1943.* Washington, D.C.: U.S. Government Printing Office, 1961.
- The United States Department of State, *Foreign Relations of the United States: Diplomatic Papers, 1943: China*. Washington, D.C.: U.S. Government Printing Office, 1962.
- The United States Department of State, *Foreign Relations of the United States: Diplomatic Papers, 1944:China. Volume VI*. Washington, D.C.: U.S. Government Printing Office, 1967.
- The United States Department of State, *Foreign Relations of the United States: Diplomatic Papers, 1945: The Far East, China. Volume VII*. Washington, D.C.: U.S. Government Printing Office, 1969.
- The U. S. Department Of State Staff, *The China White Paper: August 1949.* Stanford: Stanford University Press, 1967.
- 中国第二历史档案馆编，《中华民国史档案数据汇编》第五辑第二编——外交。南京:江苏古籍 出版社，1997年。
- 王世杰，《王世杰日记》(手稿本)全十册。台北:中央研究院近代史研究所编印，1990年。 世界知识出版社编，《国际条约集》(1934 - 1944)。北京:世界知识出版社，1961年。
- 唐屹、蓝美华、赵竹成编著，《外交部档案丛书——界务类》 第四册 《新疆卷》(二)。台北: 外交部，2001年。
- 唐屹、蓝美华、赵竹成编著，《外交部档案丛书——界务类》第二册《中苏关系卷》。台北:外交部，2001年。
- 唐屹、蓝美华、赵竹成编著，《外交部档案丛书——界务类》第三册 《新疆卷》(一)。台北: 外交部，2001年。
- 秦孝仪主编，《中华民国重要史料初编——对日抗战时期》第七编《战后中国》(一)， 台北: 中国国民党中央委员会党史委员会，1981年。
- 秦孝仪主编，《中华民国重要史料初编——对日抗战时期》第三编《战时外交》。台北:中国国民党中央委员会党史委员会，1981年
- 中苏关系中的「东突」问题(1944 - 1945) 207 秦孝仪主编，《先总统蒋公思想言论总集》，第三十八卷。台北:中国国民党中央委员会党史委员会，1984年。
- 秦孝仪总编纂，《总统蒋公大事长编初稿》第五卷 (上、下册)。台北:中国国民党中央委员会党史委员会中正文教基金会，1978年。
- 郭廷以编著，《中华民国史事日志》，第四册(1938 - 1949)。台北:中央研究院近代史研究

所，1985年。

- 萨纳柯耶夫、崔布列夫斯基编，亚·菲舍尔注释《德黑兰、雅尔塔、波茨坦会议文件集》(北京外国语学院俄语专业，德语专业1971届工农兵学员译)。北京： 三联书店，1978年。

## 2 ـ كىتابلار

- Alperovitz, Gar, *Atomic Diplomacy: Hiroshima and Potsdam*. New York: Penguin Books, 1985.
- Alperovitz, Gar, *The Decision to Use the Atmic Bomb and the Architecture of an American Myth*. New York: Alfred A. Knopf, 1995.
- Beloff, Max, *Soviet Policy in the Far East, 1944 - 1951*. New York: Oxford University Press, 1953.
- Beloff, Max, *The Foreign Policy of Soviet Russia 1929 - 1941*. New York: Oxford University Press, 1953.
- Benson, Linda, *The Ili Rebellion: The Moslem Challenge to Chinese Authority in Xinjiang, 1944 - 1949.*
- New York and London: M. E. Sharpe, 1990.
- Bishop, Jim, *FDR's Last Year, April 1944 - April 1945*. New York: William Morrow, 1974.
- Byrnes, James F., *All One Lifetime.* New York: Harper and Brothers, 1958.
- Cheng, Tien - fong, *A History of Sino - Russian Relations*. Washington, D.C.: Public Affairs Press, 1957.
- Clubb, Edmund O., *China and Russia: The Great Game*. New York: Columbia University Press, 1971.
- Feis, Herbert, *Between War and Peace: The Potsdam Conference*. Princeton: Princeton University Press, 1960.
- Feis, Herbert, T*he China Tangle: The American Effort in China from Pearl Harbor to Marshall Mission.* Princeton: Princeton University Press, 1953.
- Forbes, Andrew D. W., *Warlords and Muslims in Chinese Central Asia: A Political History of Republican Sinkiang 1911 - 1949.*
- New York: Cambridge University Press, 1986.
- Forbes, Andrew D. W., *Warlords and Muslims in Chinese Central Asia: A Political History of*
- *Republican Xinjiang 1911 - 1949*. New York: Cambridge University Press，1986.
- Garver, John W., *Chinese - Soviet Relations, 1937 - 1945: The Diplomacy of Chinese Nationalism*. New
- York: Oxford University Press, 1988.
- Grew, Joseph C., *Turbulent Era: A Diplomatic Record of Forty Years 1904 - 1945*. Boston: Houghton Mifflin Co., 1952.
- Harriman, Willam Averell and Elle Abel, *Special Envoy to Churchill and Stalin 1941 - 1946*. New York: Random House, 1975.
- Hull, Cordell, *The Memoirs of Cordell Hull.* New York: The Macmillan Company, 1948.*208*
- Kotkin, Stephen and Bruce A. Elleman, *Mongolia in the Twentieth Century: Landlocked Cosmopolitan.*

New York and London: M. E. Sharpe, 1999, pp. 137 - 162.

- Leahy, William Daniel, *I Was There*. New York: Whittlesey House, 1950.
- Romanus, Charles F. and Riley Sunderland, *Stilwell's Mission to China.* Washington: Department of the Army, 1953.
- Roosevelt, Elliott, *As He Saw It.* New York: Duell, Sloan and Pearce, 1946.
- Schaller, Michael, *The American Occupation of Japan: The Origins of the Cold War in Asia.* New York: Oxford University Pres, 1985.
- Schmitz, David F., *Henry L. Stimson: The First Wise Man.* Wilmington: Scholarly Resources, 2001. Stimson, Henry L. and McGeorge Bundy, *On Active Service in Peace and War*. New York. Harper & Brothers, 1948.
- Tang, Tsou, *America's Failure in China, 1941 - 1950*. Chicago: University of Chicago Press, 1963.
- Westad, Odd Arne, *Cold War and Revolutions: Soviet - American Rivalry and the Origins of the Chinese Civil War, 1944 - 1946.*
- New York: Columbia University Press, 1993. Whiting, Allen S. and Sheng Shin - ts'ai, Sinkiang: Pawn and Pivot. East Lansing: Michigan State University Press, 1958.
- Zubok, Vladislav and Constantine Pleshakov, *Inside the Kremlin's Cold War: From Stalin to Khrushchev.* Cambridge: Harvard University Press. 1996.
- AmaçKarahoca, *Doğu Türkistan: Çin Müstemlekesi.* İstanbul: Fakülteler Matbaası, 1960.
- Бармин, В. А., Синьцзян *в* советско - китайских отношениях *1941 - 1949* гг. Монография. – Барнаул*:* Изд - во БГПУ, 1999.
- Бармин, В. А., Советский Союз *и* Синьцзян *1918 - 1941* гг. Барнаул: Изд - во БГПУ, 1998.
- Pehlivan, Gültekin Baykozi, *Dr. Mesut Sabri Baykozi ( 1887 - 1952) ve Kurtuluşu Arayan Doğu Türkistan.* Ankara: Güner Matbaacılık Ticaret Sanayi, 1990.
- Alptekin, İsa Yusuf, *Esir Doğu Türkistan İçin: İsa Yusuf Alptekin'in Mücadele Hatıraları* (Derleyen M.
- Ali Taşçı). İstanbul: Doğu Türkistan Neşriyat Merkezi, 1985 Saguni, Alihan Töre, *Türkistan Kaygısı*. İstanbul: Orient - Institut İstanbul, 2006.
- 丁宏、张国杰，《百年中国穆斯林》。银川:宁夏人民出版社，2002年。 上海人民出版社编，《德黑兰、雅尔塔、波茨坦会议记录摘编》。上海:上海人民出版社，1974 年。
- 戴维·达林(David J. Dallin)著、潘崖译，《苏联与远东》(Soviet Russia and the Far East)。台北:华国出版社，1950年。
- 中共中央文献研究室编，《朱德年谱》。北京:人民出版社，1986年。
- 中国中俄关系史研究会，《战后中苏关系走向(1945 - 1960):中俄(苏)关系学术论文选》。北京:社会科学文献出版社，1997年。
- 中国社会科学院近代史研究所译，《顾维钧回忆录》。北京:中华书局，1987年。
- 中国边政协会编，《盛世才怎样统治新疆》。台北:中国边政协会，1954年。

- 中国边疆历史语文学会编，《新疆研究》(中国边疆历史语文学会丛书之二)。台北:中国边疆历史语文学会，1964年。
- 王永祥，《雅尔塔密约与中苏日苏关系》。台北: 东大图书公司，2003年。
- 世界知识出版社编，《中美关系史资料汇编》，第一辑。北京:世界知识出版社，1957年。
- 包尔汉，《新疆五十年》。北京:文史资料出版社，1984年。
- 古屋奎二，《蒋总统秘录》，第一册。台北:中央日报社译印，1974年。
- 古屋奎二，《蒋总统秘录》，第十二册。台北:中央日报社译印，1977年。 古屋奎二，《蒋总统秘录》，第十三册。台北:中央日报社译印，1977年。
- 古屋奎二，《蒋总统秘录》第十四册，台北:中央日报社译印，1977年。
- 外交部主编，《苏联对新疆之经济侵略》，台北:外交部编印，1950年。
- 田保国，《民国时期中苏关系，1917 - 1949》，济南:济南出版社，1999年。 安宁，《新疆内幕》，出版地不详:创垦，1952年。
- 安德烈・梅福季耶、维奇・列多夫斯基(A. M.)著，陈春华、刘存宽等译，《斯大林与中国》。北京:新华出版社，2001年。
- 朱培民，《20世纪新疆史研究》，乌鲁木齐:新疆人民出版社，2000年。
- 朱培民，《新疆革命史》，乌鲁木齐:新疆人民出版社，1993年。
- 艾夫里尔・哈里曼、伊利・艾贝尔著，南京大学历史系英美对外关系研究室译《特使——与丘吉尔、 斯大林周旋记1941 - 1946》。北京:三联书店，1978年。
- 余湛邦，《张治中与中国共产党:张治中机要秘书回忆录》。北京:中共中央党校出版社，1991年。
- 余骏升主编，《新疆文史资料精选》第2辑。乌鲁木齐:新疆人民出版社，1998年。
- 余骏升主编，《新疆文史资料精选》第3辑。乌鲁木齐:新疆人民出版社，1998年。
- 余骏升主编，《新疆文史资料选辑》第1辑。乌鲁木齐:新疆人民出版社，1998年。
- 吴东之主编，《中国外交史——中华民国时期1911 - 1949年》。郑州:河南人民出版社，1990年。
- 吴相湘，《俄帝侵略中国史》。台北:正中书局，1965年。
- 吴相湘，《第二次中日战争史》上、下册。台北:综合月刊出版社，1973 - 1974年。
- 李丹慧，《北京与莫斯科:从联盟走向对抗》。桂林:广西师范大学出版社，2002年。
- 李嘉谷，《合作与冲突:1931 - 1945年的中苏关系》。桂林:广西师范大学出版社，1996年。
- 李嘉谷编，《中苏国家关系史资料汇编(1933 - 1945)》。北京:中国社会科学出版社，1997年。
- 沈予，《日本大陆政策史(1868 - 1945)》。北京:社会科学文献出版社，2005年。
- 沈志华，《战后中苏关系若干问题研究:来自中俄双方的档案文献》。北京:人民出版社，2006 年。
- 法眼晋作著，长靖等译《二战期间日本外交内幕》。北京:中国文史出版社，1993年。
- 弗朗西斯・克理佛德・琼斯(F. C. Jones)、休・博顿*(Hugh Borton)*、伯提・雷吉诺・皮尔恩(B. R.

Pearn) 著，复旦大学外文系英语教研组译《1942 - 1946年的远东》*(Survey of International Affairs, 1939 - 1946: The Far East)*，　上、下册。上海:上海译文出版社，1979年。

- 信夫清三郎编，天津社会科学院日本问题研究所译《日本外交史》上、下册。北京:商务印书馆，1980年。
- 唐义路主编，《中国人民解放军全国解放战争史》第一卷。北京:军事科学出版社，1997年。
- 唐纵，《在蒋介石身边八年——侍从室高级幕僚唐纵日记》。北京:群众出版社，1991年。
- 孙福坤编著，《苏联掠夺新疆纪实》。九龙 :自由出版社，1952年。
- 张大军，《新疆风暴七十年》。台北:兰溪出版社，1980年。
- 张其昀，《大陆沦陷的痛史与光复大陆的努力》。台北:中央文物供应社，1953年。
- 张治中，《张治中回忆录》。北京:中国文史资料出版社，1985年。
- 教育部主编，《中华民国建国史》第四篇:抗战建国。台北:国立编译馆，1990年。
- 梁之彦、曾景忠选编，《蒋经国自述》。北京:团结出版社，2005年。
- 梁仁编著，《塞外霸主——盛世才》。兰州:兰州大学出版社，1998年。　梁敬錞，《中美关系论文集》。台北:联经出版事业公司，1982年。
- 郭廷以，《俄帝侵略中国简史》。台北:台湾文海出版社，1983年。
- 郭寄峤口述，《敉平新疆伪「东土耳其斯坦人民共和国」经过纪要》。台北:国防部史政编译局印，1982年。
- 郭荣赵编译，《蒋委员长与罗斯福总统战时通讯》。台北:中国研究中心出版社，1978年。
- 陈立文，《宋子文与战时外交》。台北:国史馆，1991年。
- 陶文钊主编，《抗战时期中国外交》。成都:四川大学出版社，1989年。
- 章百家、牛军，《冷战与中国》。北京:世界知识出版社，2002年。
- 曾克林，《戎马生涯的回忆》。北京:解放军出版社，1992年。
- 华庆昭，《从雅尔塔到板门店》。北京:中国社会科学出版社，1992年。
- 华庆昭，《从雅尔塔到板门店》。北京:中国社会科学出版社，1992年。　黄建华，《国民党政府的新疆政策研究》。北京:民族出版社，2003年。
- 新疆三区革命史编纂委员会，《新疆三区革命大事记》。乌鲁木齐:新疆人民出版社，1994年。
- 新疆社会科学院民族研究所编著，《新疆简史》，第三册。乌鲁木齐:新疆人民出版社，1980 年。
- 杨奎松，《毛泽东与莫斯科的恩恩怨怨》。南昌:江西人民出版社，1999年。
- 邹谠著、王宁、周先进译，《美国在中国的失败1941 - 1950》。上海:上海人民出版社，1997年。
- 赫伯特・菲斯(Herbert Feis)著、林海等译，《中国的纠葛:从珍珠港事变到马歇尔使华美国在中国的努力》*(The China Tangle: the American Effort in China from Pearl Harbor to the*
- *Marshall Mission)*。北京:北京大学出版社，1989年。
- 刘志青，《恩怨历尽后的反思—— 中苏关系七十年》。北京:黄河出版社，1998年。

- 厉声主编，《中国新疆历史与现状》。乌鲁木齐:新疆人民出版社，2003年。
- 蒋中正，《苏俄在中国:中国与苏俄共三十年经历纪要》。台北:中央文物，1957年。
- 蒋永敬，《抗战史论》。台北:东大图书公司，1995年。
- 蒋经国，《负重致远》。台北:幼狮书店印行，1976年。
- 蒋经国先生全集编辑委员会编，《蒋经国先生全集》，第二册。台北:行政院新闻局，1992年。
- 蔡锦松，《盛世才在新疆》。郑州:河南人民出版社，1998年。
- 薛衔天编著，《中苏关系史(1945 - 1949) 》。成都 :四川人民出版社，2003年。
- 罗伯特・西华(*Robert E. Sherwood*)著、李秋生译，《罗斯福与贺浦金斯:战时白宫秘录》(*Roosevelt and Hopkins: An Intimate History*)。上海:上海中央日报社出版委员会，1948年。
- 罗伯特・达莱克著，陈启迪等译，《罗斯福与美国对外政策1932 - 1945》。北京:商务印书局，1984年。
- 罗志刚，《中苏外交关系研究(1931 - 1945)》。武汉:武汉大学出版社，1999年。 苏光文，《抗战时期重庆的对外交往》。重庆:重庆出版社，1995年。


## 3. ئىلمىي ماقالىلەر


- 牛军，“战后初期美苏共在中国东北地区的斗争”，《近代史研究》，期1，1987年，页217 - 243。
- 安德烈・梅福季耶维奇・列多夫斯基著、郭兴仁译，“1937 - 1949年间的苏联与中国:一位苏联驻华外交官的回忆”，《抗日战争研究》，总期6，1992年，页193 - 222。
- 朱培民，“1943至1949年苏联对新疆政策的演变”，《21世纪新疆史研究》。乌鲁木齐:新疆人民出版社，2000年。
- 宋凤英，“多变军阀盛世才”，《文史精华》，期3，2005年，页32 - 38。
- 宋凤英，“多变军阀盛世才的诡秘人生”，《军事史林》，期8，2005年，页43 - 49。
- 李帆群，“盛世才投靠国民党的前前后后”，《新疆文史资料精选》，第2辑。乌鲁木齐:新疆
- 人民出版社，1998年，页208 - 236。
- 李嘉谷，“《苏日中立条约》签订的国际背景及其对中苏关系的影响”，《世界历史》，期4，2002年，页79 - 88。
- 沈志华，“中苏结盟与苏联对新疆政策的变化(1944 - 1950)”，《近代史研究》，期3，1999年，页213 - 242。
- 周宁选辑，“军委会参事室主任王世杰关于改进中苏关系意见签呈，1944年7月10日”，《民国档案》，期2，2006年，页52。
- 郎道衡，“我所知道的‘新疆王’盛世才”，《新疆文史资料精选》第2辑。乌鲁木齐:新疆人民出版社，1998年，页164 - 173。
- 栗国成，“张嘉璈与战后初期中苏关于‘国民政府接收东北’之谈判(1945/10 - 1946/4)”，《政治科学论丛》，期19，2003年，页139 - 180。
- 乌传衮，“我国解放战争时期苏联对华政策简论(1945年8月 - 1949年10月)”，《苏联问题研究资料》，期2，1990年，页6 - 16。
- 茹莹，“1945年前美俄(苏)对华政策特点之比较”，《齐鲁学刊》，总期172，2003年，页133 - 138。

- 茹莹，“二战期间美国对苏联出兵远东态度的变化”，《战争史研究》，期3，2002年，页46 - 49。
- 张治中，“从迪化会谈到新疆和平解放新疆”，《新疆文史资料选辑》第21辑。乌鲁木齐:新疆人民出版社，1987年。
- 张勉励，“苏军红八团进驻新疆哈密述论”，《西域研究》，期1，1996年，页13 - 18。
- 张盛发，“从消极冷漠到积极支持——论1945 - 1949年斯大林对中国革命的立场和态度”，《世 界历史》，期6，1999年，页19 - 30。
- 曹国芳，“苏联与三区革命前夕新疆边境地区的社会政治局势”，《北京科技大学学报》(社会 科学版)，卷21期2，2005年，页123 - 127。
- 曹达诺夫・扎义尔，“新疆三区革命有关情况的回忆”，《新疆文史资料精选》第3辑。乌鲁木 齐:新疆人民出版社，1998年，页1 - 53。
- 陶文钊，“民国时期中美关系史研究述评”，曾景忠主编，《中华民国史研究述略》。北京:中 国社会科学出版社，1992年，页438 - 459。
- 曾小鲁，“吴忠信统治新疆经过”，《新疆文史资料选辑》第1辑。乌鲁木齐:新疆人民出版社，1979年，页83 - 97。
- 黄建华，“1943 - 1949年间国民党政府在新疆问题上的对苏政策”，《新疆大学学报》，卷30期1，2002年，页56 - 59。
- 黄建华，“国民党政府的新疆政策述论”，《西北史地》，期4，1994年，页64 - 72。
- 黄建华，“论国民党政府新疆政策的特点及成因”，《新疆师范大学学报》，期2，2002年，页53 - 56。
- 路文娟，“1945年8月 - 1946年4月苏联对中国东北政策的研究”，《鞍山科技大学学报》，卷28期5，2005年，页381 - 387。
- 赫伯特・菲斯著、林海译，“华莱士使华前后”，《国外中国近代史研究》第8辑。北京市:中国社会科学出版社，1985年，页118 - 157。
- 齐清顺，“新疆‘三区革命’称呼考察——兼谈对有关问题的断想”，《西北民族研究》，期1，1998年，页79 - 90。
- 欧阳云梓，“1942 - 1943年国民政府的新疆战略述评”，《中州学刊》，总期129，2002年，页92 - 94。
- 欧阳云梓，“四十年代中苏关于苏联势力撤出新疆问题的交涉”，《西域研究》，期4，2001年，
- 页39 - 45。 欧阳云梓，“盛世才被迫离新原因探析”，《绍兴文理学院学报》，卷24期6，2004年，页19 - 22。
- 欧阳云梓，“试论1942年中苏关于苏联势力撤出新疆问题的谈判和交涉”，《新疆大学学报》(社会科学版)，卷29期4，2001年，页43 - 48。
- 蔡锦松，“撰写《新疆简史》第三册中几个主要问题的指导思想”，《新疆历史研究》，期2，1986年，页 1 - 6。
- 霍斋・松哈什，“三区革命武装力量简述”，载伊犁哈萨克自治州委员会文史资料委员会编，《伊犁文史资料》，第14辑，1988年，页65 - 78。
- 薛衔天，“试论民族因素对苏联调停三区革命的影响”，《中共党史研究》，期1，2003年，页68 - 74。
- 薛衔天，“战后东北问题与中苏关系走向”，《近代史研究》，期1，1996年，页53 - 76。

- 谢承国，“论盛世才政权与苏联同盟关系的基础”，《史学月刊》，期 4，1999 年，页 61 - 65。

---

**ENDNOTES**

1 郭寄峤口述，《敉平新疆伪‘东土耳其斯坦人民共和国’经过纪要》(台北:国防部史政编译局印，1982 年)，页 13。另外，原国民政府外交部长叶公超曾对郭寄峤等收复新疆有一评述:“假如你不去迪化，则新疆一定 失陷，你收复新疆之结果，对中央政府帮助不大，对毛泽东却是帮了大忙。因为， 假如新疆陷入苏联所建之 伪‘东土耳其斯坦人民共和国’手中，那斯大林还会把它交给毛泽东吗?新疆没有了，等于中国西北部没有了， 也如同一把大刀，插入毛泽东的右胁下，那毛泽东还敢再以反苏来向国际招摇诈骗吗?”郭寄峤口述，《敉平 新疆伪‘东土耳其斯坦人民共和国’经过纪要》，页 18-19。

2 新疆三区革命史编纂委员会，《新疆三区革命大事记》，页 85。

3 有关伊宁民族军北、中、南三线全面攻击国民政府军的叙述，见新疆社会科学院民族研究所编著，《新疆简史》， 第三册，页 391-408。

4 新疆三区革命史编纂委员会，《新疆三区革命大事记》，页 98。

5 东突厥斯坦共和国最初的目标是民族解放，即完全独立。从东突厥斯坦共和国政府于 1945 年 1 月 5 日宣布的《政府宣言》第一条可知:“在东土耳其斯坦领土上彻底根除中国的专制统治”。然而，自伊宁政府同意与国 民政府进行谈判以后，其追求目标则改为“高度自治”。据张治中的回忆，伊宁政府“已经放弃了独立的要求， 不提东土耳其斯坦共和国，只要得到高度自治了”。张治中，《张治中回忆录》，页 435。伊宁政府所提出的「高度自治」的内容是，除了外交、交通、币制由中央政府主持外，地方的政治、经济、军事等则由当地人民 自理。余湛邦，《张治中与中国共产党: 张治中机要秘书回忆录》(北京:中共中央党校出版社，1991 年)， 页 120。中共官方历史学家对伊宁政府方面提出的“高度自治”要求并未提出异议，而对麦斯武德、伊敏及艾 沙等民族主义者提出的“高度自治”则解释为“独立的代名词”或“以高度自治为名，鼓吹新疆独立”。新疆 社会科学院历史研究所编著，《新疆简史》，第三册，页 461、496;厉声主编，《中国新疆历史与现状:历史 与现状》(乌鲁木齐:新疆人民出版社，2003 年)，页 212。实际上有一些国民党高官也将麦斯武德、伊敏及 艾沙等提出的“新疆自治”解读为“新疆独立”。唐纵，《唐纵日记》，页 306、307、312。

6 张治中，《张治中回忆录》，页 418。

7 张治中，《张治中回忆录》，页 419;唐屹、蓝美华、赵成竹编著，《外交部档案丛书—界务类》，第三册《新疆卷》(一)，页 304;新疆三区革命史编纂委员会，《新疆三区革命大事记》，页 108。从叶谢也夫的 响应中可推知，苏联政府内部就有关政治解决伊宁事件的决定在 9 月 14 日以前已达成共识，若非，苏联驻迪 化领事不可能擅自做出让国民政府提请苏联政府协助解决伊宁事件的建议。

8 张治中，《张治中回忆录》，页 419;唐屹、蓝美华、赵成竹编著，《外交部档案丛书—界务类》，第三册 《新疆卷》(一)，页 304。福布斯判断，苏联方面是在张治中“将苏联支持东突暴动公布于世”，即“最后 通牒”之威胁下方同意从中调和伊宁事件的。*See Andrew D. W. Forbes, Warlords and Muslims in Chinese Central Asia: A Political History of Republican Sinkiang, 1911-1949, pp. 190-191.* 其实并非如此。

9 *China and Russia: The Great Game (New York:Columbia University Press, 1971), p. 367.*

11 俄罗斯联邦国家档案馆「斯大林专档」(ГАРФ. Ф. Р-9401. с/ч. Оп. 2. Д. 66. Л. 7)，见 В. А. Бармин, Синьцзян в советско-китайских отношениях 1941-1949, стр. 96-97.

12 秦孝仪主编，《中华民国重要史料初编——对日抗战时期》，第七编，《战后中国》(一)(以下简称《战后中国》(一))(台北:中央文物供应社出版，1980 年)，页 765;唐屹、蓝美华、赵成竹编著，《外交部档 案丛书——界务类》，第三册《新疆卷》(一)，页 308。

13 唐屹、蓝美华、赵成竹编著，《外交部档案丛书——界务类》，第三册《新疆卷》(一)，页 309;王世杰， 《王世杰日记》，第五册，页 175。

14 秦孝仪主编，《战后中国》(一)，页 765-766;唐屹、蓝美华、赵成竹编著，《外交部档案丛书——界务类》， 第三册《新疆卷》(一)，页 307;张治中，《张治中回忆录》，页 420。

15 唐屹、蓝美华、赵成竹编著，《外交部档案丛书——界务类》，第三册《新疆卷》(一)，页 310。

16 秦孝仪总编纂，《总统蒋公大事长编初稿》，卷五(下)，页 844;秦孝仪主编，《战后中国》(一)，页 766。

17 新疆三区革命史编纂委员会，《新疆三区革命大事记》，页 79。

18 俄罗斯联邦国家档案馆，《斯大林专档》(ГАРФ. Ф. Р-9401. с/ч. Оп. 2. Д. 96. Л. 197)，见 В. А. Бармин, Синьцзян в советско-китайских отношениях 1941-1949, стр. 91.

19 俄罗斯联邦国家档案馆，《莫洛托夫专档》(ГАРФ. Ф. 9401с. Оп. 2. Д. 104. Л. 116)，见 В. А. Бармин, Синьцзян

в советско-китайских отношениях 1941-1949, стр. 80.

20 В. А. Бармин, Синьцзян в советско-китайских отношениях 1941-1949, стр. 80.

21 张大军，《新疆风暴七十年》，第十一册，页 6784;沈志华，“中苏结盟与苏联对新疆政策的变化(1944-1950)”，《近代史研究》，页 225。

22 吴相湘，《俄帝侵略中国史》，页 448-449。

23 Edmund O. Clubb, China and Russia: The Great Game, p. 367. 张大军也有类似的看法，见张大军《新疆风暴七十年》，第十一册，页 6784。但该论点有讨论的余地。

24 黄建华，“1943-1949 年间国民党政府在新疆问题上的对苏政策”，《新疆大学学报》(社会科学版)，卷 30 期 1(2002 年)，页 58。

25 沈志华，“中苏结盟与苏联对新疆政策的变化(1944-1950)”，《近代史研究》，页 221。

26 Andrew D. W. Forbes, Warlords and Muslims in Chinese Central Asia: A Political History of Republican Sinkiang, -1911 1949, pp. 194-193.

27 张大军，《新疆风暴七十年》，第十一册，页 6577。

28 Andrew D. W. Forbes, Warlords and Muslims in Chinese Central Asia: A Political History of Republican Sinkiang, -1911 1949, p. 196.

29 薛衔天，“试论民族因素对苏联调停‘三区革命’的影响”，《中共党史研究》，期 1 (2003 年)，页 68-74 。

30 薛衔天，《中苏关系史(1945-1949)》，〈前言〉，页 2。

31 伊传斌，“战后初期苏联对华政策初探”，《山东省工会管理干部学院学报》， 卷 2 期 11(2005 年 3 月)， 页 119。

32 沈志华，“中苏结盟与苏联对新疆政策的变化(1944-1950)”，《近代史研究》，页 227-228。

33 曹达诺夫•扎义尔，“新疆‘三区革命’有关情况的回忆”，《新疆文史资料精选》，第三辑(乌鲁木齐:新疆人民出版社，1998 年)，页 20。实际上许多参加过伊宁政府的高官在其回忆录及口述历史资料中常常隐晦该共和国与莫斯科的内在关系。移居境外者，常强调该共和国是其民族解放运动的结果;而定居境内者，则必须点明该共和国是因中共领导的民主主义革命所带来的结果。

34 沈志华认为，苏联出于对远东国际形势的考虑，恰恰是为了促成中苏条约的签订而改变了对新疆的策略，即策划“三区革命”、支持新疆独立和主张和平谈判都是莫斯科实现其对华政策目标的外交筹码。沈志华，“中苏 结盟与苏联对新疆政策的变化(1944-1950)”，《近代史研究》，页 225。苏联策动新疆事变和支持成立一个 独立国家的举措，不过是为莫斯科实现其在华根本利益而施展的手段罢了。沈志华，“中苏结盟与苏联对新疆 政策的变化(1944-1950)”，《近代史研究》，页 223。

35 薛衔天，“战后东北问题与中苏关系走向”，《近代史研究》(1996 年)，期 1，页 57。苏联对美国势力渗入满洲甚为担心。1945 年底蒋经国以蒋介石之私人代表前访问苏联，斯大林曾告诉蒋经国，“你们中国人要明白——美国人想要利用中国作为满足他的利益的工具，他必要的时候，是会牺牲你们的 !苏联愿意把本国的生产机器、汽车、以及中国所没有的东西供给中国时，也希望中国能把自己出产的矿物、农产品供给苏联;苏联又可以帮助中国在东北建立重工业，并发展新疆的经济。但是，我再三声明，也是我最大的一个要求:你们决不能让美国有一个兵到中国来;只要美国有一个兵到中国来，东北问题就很难解决了”。古屋奎二，《蒋总统秘录》，第十四册，页 44。

36 曾克林，《戎马生涯的回忆》(北京:解放军出版社，1992 年)，页 235。

37 中共中央文献研究室编，《朱德年谱》(北京:人民出版，1986 年)，页 278;王渔，《中共党史简编》(北 京:中共党校出版社，1988 年)，页 243-244;牛军，《从赫尔利到马歇尔》(厦门:福建人民出版社，1989 年)，页 128-129;曾克林，《戎马生涯的回忆》，页 229-235;牛军，〈论中苏同盟的起源〉，《中国社会科 学》，期 2(1996 年)，页 183-184;中国中俄关系史研究会，《战后中苏关系走向(1945-1960):中俄(苏) 关系学术论文选》(北京:社会科学文献出版社，1997 年)，页 14;唐义路主编，《中国人民解放军全国解放 战争史》，第一卷(北京:军事科学出版社，1997 年)，页 65;刘志青，《恩怨历尽后的反思——中苏关系七 十年》(北京:黄河出版社，1998 年)，页 328;薛衔天编著，《中苏关系史(1945-1949)》(重庆:四川人 民出版社，2003 年)，页 52。

38 杨奎松，《毛泽东与莫斯科的恩恩怨怨》(南昌:江西人民出版社，1999 年)，页 231。

39 乌传衮，“我国解放战争时期苏联对华政策简论(1945 年 8 月-1949 年 10 月)”，《苏联问题研究资料》，期 2(1990 年)，页 6-16;张盛发，“从消极冷漠到积极支持——论 1945-1949 年斯大林对中国革命的立场和态度”，《世界历史》，期 6(1999 年)，页 19-30;路文娟，“1945 年 8 月-1946 年 4 月苏联对中国东北政 策的研究”，《鞍山科技大学学报》，卷 28 期 5(2005 年 10 月)，页 381-387、391。

40 列多夫斯基著、郭兴仁译，“1937-1949 年间的苏联与中国:一位苏联驻华外交官的回忆”，《抗日战争研究》，总期 6(1992 年)，页 216-217。

41 章百家，牛军，《冷战与中国》(北京:世界知识出版社，2002 年)，页 75、77-78。

42 华庆昭，《从雅尔塔到板门店》(北京:中国社会科学出版社，1992 年)，页 145。

43 新疆三区革命史编纂委员会，《新疆三区革命大事记》，页 115-116。

44 新疆三区革命史编纂委员会，《新疆三区革命大事记》，页 116。

45 新疆三区革命史编纂委员会，《新疆三区革命大事记》，页 117。

46 新疆三区革命史编纂委员会，《新疆三区革命大事记》，页 118。

47 俄罗斯联邦国家档案馆，《莫洛托夫专档》(ГАРФ. Ф. 9401с. Оп. 2. Д. 104. Л. 296-297)，В. А. Бармин, Синьцзян в советско-китайских отношениях 1941-1949, стр. 109-110.

48 王永祥，《雅尔塔密约与中苏日苏关系》，页 451;*See Vladislav Zubok & Constantine Pleshakov, Inside the Kremlin's Cold War: From Stalin to Khrushchev (Cambridge: Harvard University Press, 1996), p. 56.*

49 王永祥，《雅尔塔密约与中苏日苏关系》，页 420。

50 俄罗斯联邦国家档案馆，《莫洛托夫专档》(ГАРФ. Ф. 9401с. Оп. 2. Д. 104. Л. 298-299)，В. А. Бармин, Синьцзян в советско-китайских отношениях 1941-1949, стр. 110.

51 Alikhan Töre Saguni, Türkistan Kaygısı, s.273.

52 张治中，《张治中回忆录》，页 422-423。

53 İsa Yusuf Alptekin, *Esir Doğu Türkistan İçin: İsa Yusuf Alptekin'in Mücadele Hatıraları* (艾沙回忆录:为了被奴役的东突厥斯坦) *(Derleyen M. Ali Taşçı)(İstanbul:Doğu Türkistan Neşriyat Merkezi, 1985), ss. 445-446*。

54 İsa Yusuf Alptekin, *Esir Doğu Türkistan İçin: İsa Yusuf Alptekin'in Mücadele Hatıraları, s. 446.*该"三先生"不仅是 国民政府之官员，也是反苏的民族主义者，因此，苏联驻迪化领事在内部要求伊宁政府谈判代表向国民政府争 取自治的同时，又告诫"三先生"要求自治是干涉中国内政。由此可知，除伊宁政府之外，苏联方面并没有与新疆其他势力进行合作的意图。

55 İsa Yusuf Alptekin, *Esir Doğu Türkistan İçin: İsa Yusuf Alptekin'in Mücadele Hatıraları,* ss. 439-440; Gültekin Baykozi Pehlivan, *Dr. Mesut Sabri Baykozi (1887-1952) ve Kurtuluşu Arayan Doğu Türkistan*(麦斯武德及寻求解放 的东突厥斯坦) (Ankara: Güner Matbaacılık Ticaret Sanayi, 1990), ss. 68-69.

56 Alikhan Töre Saguni, *Türkistan Kaygısı*, s. 278.

57 İsa Yusuf Alptekin, *Esir Doğu Türkistan İçin: İsa Yusuf Alptekin'in Mücadele Hatıraları*, ss. 440-442; Alihan Töre Saguni, *Türkistan Kaygısı, ss.234-235; AmaçKarahoca, Doğu Türkistan: Çin Müstemlekesi(*东突厥斯坦：中国的殖 民地）(İstanbul: Fakülteler Matbaası, 1960)，s. 21. 张大军指出，主张民族自治的麦斯武德、伊敏及艾沙等民族 主义者都认为伊宁事件无苏联人背景。张大军，《新疆风暴七十年》，第十二册，页 6803。然而，这些民族 主义者的回忆录中都强调伊宁事件背后有苏联人之背景。张大军之说恐有误。

58 俄罗斯联邦国家档案馆，《莫洛托夫专档》(ГАРФ. Ф. 9401с. Оп. 2. Д. 104. Л. 117)，В. А. Бармин, Синьцзян в советско-китайских отношениях 1941-1949, стр. 103.

59 俄罗斯联邦国家档案馆，《莫洛托夫专档》(ГАРФ. Ф. 9401с. Оп. 2. Д. 104. Л. 118)，В. А. Бармин, Синьцзян в советско-китайских отношениях 1941-1949, стр. 105.

60 俄罗斯联邦国家档案馆，《莫洛托夫专档》(ГАРФ. Ф. 9401с. Оп. 2. Д. 104. Л. 118)，В. А. Бармин, Синьцзян в советско-китайских отношениях 1941-1949, стр. 104-105.

61 Alikhan Töre Saguni, *Türkistan Kaygısı*, s. 274.

62 王永祥，《雅尔塔密约与中苏日苏关系》，页 451-452。

63 Alikhan Töre Saguni, *Türkistan Kaygısı*, s. 273. 南疆持续作战本为谈判成功之一策略。张大军，《新疆风暴七十年》，第十一册，页 6787。当谈判结果达到其预定目的之后，莫斯科有改变其东突策略，强行召回伊宁政府攻打南疆之部队。

64 Alikhan Töre Saguni, *Türkistan Kaygısı*, s. 274.

65 1945 年底，为解决中苏之间存在的诸多问题，如国民政府接收东北政权、中苏在东北的经济关系、大连港的使用等问题，蒋介石要求派私人代表赴莫斯科谒见斯大林。1945 年 12 月 3 日，苏联驻华大使彼得洛夫通知，斯大林准备于 12 月下半月接见蒋介石的代表。12 月 7 日，中国国民政府外交部部长王世杰接见彼得洛夫，告 诉他蒋介石决定派其儿子、东北特派员蒋经国于本月 25 日左右赴莫斯科。12 月 30 日，蒋经国一行抵达莫斯 科，并于当晚受到斯大林接见。在莫斯科逗留期间，蒋经国与斯大林进行了两次谈话，双方交换了各自的想法 和倾向性意见。1946 年 1 月 5 日，蒋经国离开莫斯科回国。

66 丁明、耿葆贞等翻译，沈志华编辑、校对和注释，《斯大林与蒋经国会谈的俄国解密档，1945 年 12 月至 1946 年 1 月》，http://www.shunz.net/mybook/history/histroy_015.htm (撷取时间 2004 年 6 月 16 日)

67 丁明、耿葆贞等翻译，沈志华编辑、校对和注释，《斯大林与蒋经国会谈的俄国解密档，1945 年 12 月至

1946 年 1 月》，http://www.shunz.net/mybook/history/histroy_015.htm（撷取时间 2004 年 6 月 16 日）;王永祥，《雅尔塔密约与中苏日苏关系》，页 452。

68 Alikhan Töre Saguni, *Türkistan Kaygısı,* ss. 279-278.

69 AlikhanTöreSaguni, *TürkistanKaygısı,*s.281;新疆三区革命史编纂委员会，《新疆三区革命大事记》，页173。

70 张治中，《张治中回忆录》，页 464。

71 张治中，《张治中回忆录》，页 454。

72 俄罗斯联邦国家档案馆，《贝利亚专档》(ГАРФ. Ф. Р-9401. Оп. 2. Д. 149. Л. 206-210)，见 В. А. Бармин, Синьцзян в советско-китайских отношениях 1941-1949, стр. 110.

73 В. А. Бармин, Синьцзян в советско-китайских отношениях 1941-1949, стр. 75.

74 张治中的和平政策之所以未能收获预期的成效，第一是由于历史上积累下来的民族仇恨，非短时间内所能消除净尽;第二是张氏没有得到足够的人力财力的支持，使他所宣示的如何发展经济，推广文化教育，改善人民生 活等等的诺言，无法迅速兑现，以致他的执行和平政策的诚意，不易为顽固分子所信任;第三是在野心家的恶 意宣传挑拨阻挠之下，使和平条款所规定的一切事项，不能顺利实施。伊宁方面的人物，始终未曾放弃过他们 建立「东土尔其斯坦共和园」的全盘企图，他们的签订和平协议，停止军事行动，不过是他们的一种策略。评 论见陈斯英，“伊宁事变前后的新疆政局”，原载《中国青年》(南京)，卷 1 期 9(1947 年)，见甘肃省 图书馆书目参考部编，《西北民族宗教史料文摘》(新疆分册)，页 422。有关张治中与三区政府周旋之状况， 见陶天白，“张治中与‘三区革命’”，载伊犁哈萨克自治州委员会文史资料委员会编，《伊犁文史资料》， 第 4 辑(1988 年)，页 55-80。

75 秦孝仪主编，《战后中国》(一)，页 737。

76 В. А. Бармин, Синьцзян в советско-китайских отношениях 1941-1949, стр. 186-189.

77 В. А. Бармин, Синьцзян в советско-китайских отношениях 1941-1949, стр. 71.

78 В. А. Бармин, Синьцзян в советско-китайских отношениях 1941-1949, стр. 90.

79 1949 年 1 月 30 日至 2 月 8 日米高扬与中共高层会面时表示苏联不会支持新疆独立。据 2 月 4 日米高扬电呈斯大林与中共会谈之报告，米高扬向中共主席毛泽东表示，莫斯科在解决民族问题时不支持民族独立运动。同时， 米高扬强调，将来中共建政时也不希望中共在解决民族问题时给予民族独立之地位，缩小中国版图。至多给予 民族自治之地位。据米高扬的报告，毛泽东对苏联民族问题之态度感到欣慰，从毛泽东的面部表情中也可以看 出毛泽东不可能给予民族独立之意图。见 В. А. Бармин, Синьцзян в советско-китайских отношениях 1941-1949, стр. 177-179.

80 Linda Benson, The Ili Rebellion, *The Moslem Challenge to Chinese Authority in Xinjiang*, 1949-1944, p.178; Colin Mackerras, *China's Minorities: Integration and Modernization in the Twentieth Century* (Armonk, N. Y. : M. E. Sharpe, 1990), p. 94.

81 王永祥，《雅尔塔密约与中苏日苏关系》，页 420。

82 Alikhan Töre Saguni, *Türkistan Kaygısı,* ss. 232-233.

83 Alikhan Töre Saguni, *Türkistan Kaygısı*, ss. 234-235.

84 秦孝仪主编，《战时外交》(二)，页 618。

85 唐屹、蓝美华、赵竹成编著，《外交部档案丛书——界务类》，第三册《新疆卷》(一)，页 331。另外，东突厥斯坦共和国建立以后，苏联驻迪化总领事叶甫塞也夫(叶谢也夫)邀请包尔汉• 沙赫德拉会面。据包尔汉的回忆，领事叶甫塞也夫办公室里还坐着一位不认识的苏联人。那人站起来同包尔汉寒暄而且问道:“伊犁革 命成立了东土耳其斯坦共和国，你对这个问题是怎样看的?”包尔汉回答:“我是坚决支持伊犁革命的，但是 他们脱离中国，成立独立的国家，我不同意”。那人没有肯定或否定包尔汉的观点。当时包尔汉感觉到:三区 的武装斗争得到苏联的支持和援助是无可怀疑的，苏联的外交人员对三区的斗争也存在着不甚相同的看法和估 价。此事过后，叶甫塞也夫对包尔汉说:“你的观点是正确的”。包尔汉，《新疆五十年》，页 282。

86 张治中，《张治中回忆录》，下册，页 420、428、441。

87 唐屹，蓝美华、赵竹成编著，《外交部档案丛书——界务类》，第四册《新疆卷》(二)(台北:外交部编印，2001 年)，页 408。

88 秦孝仪主编，《战时外交》(二)，页 437;郭廷以编著，《中华民国史事日志》，第四册(1938-1949)，页 208。

89 唐屹、蓝美华、赵竹成编著，《外交部档案丛书——界务类》，第三册《新疆卷》(一)，页 309;王世杰，《王世杰日记》，第五册，页 175。

## ياشلارنىڭ تاپتىن چىقىشىنىڭ جەمئىيەتشۇناسلىق نۇقتىسىدىن ئانالىزى:

# زەھەرلىك چېكىملىككە خۇمار بولغان ئۇيغۇر ياشلىرى

**ئاساسلىق مەزمۇنى:** بۇ ماقالىدە ياشلىق، ئۇيغۇر ياشلىرى، زەھەرلىك چېكىملىككە خۇمار بولۇپ قېلىش، تاپتىن چىقىش ۋە ئىستانبۇل سەفا كۆيدە ياشايدىغان بىر قىسىم ئۇيغۇر ياشلىرىنىڭ زەھەرلىك چېكىملىككە خۇمار بولۇپ «تاپتىن چىقىشى» تىلغا ئېلىنىدۇ. ماقالىمىزدا ئاساسلىقى باشتا زەھەرلىك چېكىملىككە خۇمار بولۇپ قېلىپ «تاپتىن چىققان»، كېيىنچە ئۆزلىرىنىڭ تىرىشچانلىقى ۋە شەرقىي تۈركىستان ياشلار مەركىزىنىڭ كۈچ چىقىرىشى بىلەن مەلۇم دەرىجىدە بولسىمۇ زەھەرلىك چېكىملىكتىن قۇتۇلغان ئۇيغۇر ياشلىرىنىڭ نېمە ئۈچۈن بۇنداق تۇيۇق يولغا كىرىپ قېلىپ«تاپتىن چىققانلىقى» جەمئىيەتشۇناسلىقتىكى ئىجتىمائىي رىشتە نەزەرىيەسى، ئىجتىمائىي ئۆگىنىش نەزەرىيەسى، ئىجتىمائىي بېسىم نەزەرىيەسى، ئىجتىمائىي تەرتىپسىزلىك نەزەرىيەسى ۋە ئەقلىي تاللاش نەزەرىيەسى قاتارلىق نەزەرىيەلەر بىلەن ئىزاھلىنىدۇ. ماقالىمىز جەمئىي بەش ماۋزۇدىن تەشكىل تاپىدىغان بولۇپ، بىرىنچى ماۋزۇدا ياشلار ۋە ياشلىق، ئىككىنچى ماۋزۇدا ياشلىققا دائىر جەمئىيەتشۇناسلىق نەزەرىيەلىرى، ئۈچىنچى ماۋزۇدا تاپتىن چىقىش، تۆتىنچى ماۋزۇدا ئۇيغۇر ياشلىرىنىڭ ئومۇمىي ئەھۋالى، بەشىنچى ماۋزۇدا ئۇيغۇر ياشلىرىنىڭ «تاپتىن چىقىشى»نىڭ نەزەرىيەۋى رامكىسى قاتارلىقلار بايان قىلىنىدۇ.



**ئادىل ئەرئۇيغۇر**

ئۇيغۇر تەتقىقات ئىنستىتۇتى تەتقىقاتچىسى

E-mail: eweting @ gmail.com

This article discusses youth, Uyghur youth, drug addiction deviation, and the “ deviation” of some Uyghur youth living in Safa Koy, Istanbul. In our article, the main reason why “young people” who have become addicted to drugs at first and then “get out of it” and then “get out” of drug addiction is, to some extent, due to the efforts of the East Turkestan Youth Center. Is explained by theories such as the theory of social pressure, the theory of social disorder, and the theory of intellectual choice. Our article consists of a total of five topics, the first of which is the theory of youth and youth, the second is the sociological theory of youth, the third is the theory of discovery, the fourth is the general condition of Uyghur youth, and the fifth is the theory of the “discovery” of Uyghur youth.

**ئاچقۇچلۇق كەلىمەلەر: ياشلىق، تاپتىن چىقىش، ئۇيغۇر ياشلىرى، جەمئىيەتشۇناسلىق**

## مۇقەددىمە

مىللەتلەر ۋە جەمئىيەتلەر مەۋجۇتلۇقىنى داۋاملاشتۇرۇش ئۈچۈن نەسلى ۋە تۈرىنى داۋام قىلىشقا مايىل كېلىدۇ. جەمئىيەت ۋە مىللەت بىئولوگىيەلىك ۋە نوپۇس جەھەتتىن ئاۋۇش فۇنكسىيەسىنى ئائىلە ئارقىلىق پەرزەنتلىك بولۇش بىلەن ئىشقا ئاشۇرىدۇ. ئائىلىدە يېڭى ئەۋلادلار دۇنيا كېلىپ كونا ئەۋلادلارنىڭ ئورنىنى تولۇقلاپ ماڭىدۇ، ئۇلارنىڭ يېشى چوڭىيىغانسېرى ئۆزلىرى تەۋە بولغان جەمئىيەت ۋە مىللەتنىڭ كۇلتۇرىنى ئۆگىنىپ ئىجتىمائىيلىشىدۇ. كۇلتۇر ئەۋلادتىن ئەۋلادقا داۋاملىشىش بىلەن بىرلىكتە، جەمئىيەتتە ئەنئەنىلەر، ئۆرپ-ئادەتلەر ۋە تۇرمۇش تەجرىبىلىرىنىڭ بىرىكىشى ۋە جۇغلىنىشى نەتىجىسىدە ھاياتلىق داۋاملىشىدۇ[1]. بۇ ھاياتلىق دائىرىسىدە ئىنسان ھايات مۇساپىسىدە بوۋاقلىق، باللىق، بالاغەت، ياشلىق، قۇراملىق، پېنسىيەلىك ۋە قېرىلىق قاتارلىق دەۋرلەرنى باشتىن كەچۈرىدۇ[2].

ئىنساننىڭ ياشلىق دەۋرى ئىنساننىڭ ھاياتىدا مۇھىم باسقۇچلاردىن بىرى بولۇپ، جەمئىيەت ۋە مىللەتلەرنىڭ تەرەققىياتى ۋە مەۋجۇتلۇقىنىڭ مۇھىم ئامىللىرىدىن بىرى بولۇپ ھېسابلىنىدۇ. ياشلىقتىن ھەم ياشلارنىڭ ئۆزى ھەمدە جەمئىيەت ۋە مىللەتلەر زور ئۈمىدلەرنى كۈتىدۇ. ياشلارنىڭ ئۆزلىرىنىڭ كەلگۈسى ھەققىدە ئارزۇ-ئارمانلىرى، نىشان ۋە غايىلىرى بولىدۇ، ئوخشاشلا جەمئىيەت ۋە مىللەتمۇ ياشلارنى ئۆزىنىڭ كېلەچىكى دەپ قارايدۇ. بۇنىڭدىن ياشلار بىلەن جەمئىيەت ۋە مىللەتنىڭ بىر نۇقتىدا يەنى كەلگۈسى دېگەن سۆز ئەتراپىدا بىرلەشكەنلىكىنى كۆرۈۋالالايمىز[3].

بەزى رەسمىي ئورگانلارنىڭ قارىشىچە، بىر جەمئىيەت ۋە مىللەتنىڭ ياشلىرى ئالىي مەلۇماتلىق بولسا، ئۆزلىرىنى ھەر جەھەتتىن ياخشى تەرەققىي قىلدۇرسا، جەمئىيەتنىڭ نىزاملىرىنى، نورمىلىرىنى ۋە قەدرىيەتلىرىنى ئۆزلىرىگە سىڭدۈرسە ۋە يۇقىرى ساپالىق بولسا ئۇ جەمئىيەت ۋە مىللەتنىڭ كەلگۈسىدىن سۆز ئېچىش مۇمكىندۇر. ياشلار بىلەن جەمئىيەت ۋە مىللەت ئوتتۇرىسىدىكى مۇناسىۋەت بىر-بىرىنى تولۇقلاش، تاماملاش، باغلىنىش ۋە ھەمكارلىق تەرىقىسىدە بولىدۇ. بۇنىڭدىن سىرت ياشلار بىلەن جەمئىيەت ۋە مىللەت بىر-بىرىگە ھەم ھەق-ھوقۇق ھەمدە مەسئۇلىيەت جەھەتلەردىن بېقىندى ھالەتتە بولىدۇ. بۇ ئىككى تەرەپ ئوتتۇرىسىدىكى مەسئۇلىيەت، بېقىندىلىق ۋە ھەمكارلىق ئاساسىغا تايانغانلىقتىن جەمئىيەت ۋە مىللەت ياشلارنى پىششىق تونۇشى، ئوخشاشلا ياشلارمۇ ئۆزلىرى تەۋە بولغان جەمئىيەت

ۋە مىللەتنى ئوبدان بىلىشى زۆرۈردۇر. لېكىن فىزىئولوگىيەلىك، زېھنىي، ھېسسىي، پسىخىكىلىق ۋە ئىجتىمائىي جەھەتلەرە مۇئەييەن ئۆزگىرىشلەرنى باشتىن كەچۈرىدىغان ياشلار، جەمئىيەتنىڭ نورمىلىرى، نىزاملىرى ۋە ئۆرپ-ئادەتلىرىگە مۇۋاپىق ھەرىكەت قىلىش جەھەتتە جەمئىيەتنىڭ بېسىمىغا دۇچ كېلىدۇ. دەل بۇ جەرياندا ياشلار بىلەن چوڭلار ئوتتۇرىسىدا سۈركىلىش، ھەتتا توقۇنۇش يۈز بېرىدۇ. بۇنداق ۋاقىتتا ھەر ئىككى تەرەپ بولۇپمۇ چوڭلار ياشلار بىلەن تۇيغۇداشلىق قۇرۇشقا ئەھمىيەت بېرىشى كېرەك. مۇنداقچە قىلىپ ئېيتقاندا، چوڭلار ياشلارنى تەنقىدلەش، ئەيىبلەش، چەتكە قېقىش، بېسىم قىلىش ھەتتا مۇناسىۋەتنى ئۈزۈۋېتىشنىڭ ئورنىغا، ئالدى بىلەن ئۇلارنى چۈشىنىپ ئۇنىڭغا قارىتا تەدبىر قوللىنىشقا تىرىشىش لازىم، بۇنى قىلىش ئۈچۈن يەنىلا پسىخولوگىيە، فىزىئولوگىيە ۋە جەمئىيەتشۇناسلىق قاتارلىق پەنلەرگە مۇراجىئەت قىلىشقا توغرا كېلىدۇ. ياشلىق ۋە ياشلارنى قانداق قىلغاندا مۇۋاپىق ۋە توغرا يوسۇندا چۈشەنگىلى بولىدۇ؟ ياشلار باشتىن كەچۈرىدىغان ھەر خىل ئۆزگىرىشلەر قايسىلار؟ نېمە ئۈچۈن بەزى ياشلار قائىدە-يوسۇن، قەدرىيەت، ئەخلاق ۋە نورمىلارغا زىت ھەرىكەت قىلىدۇ؟ بۇ ئۆزگىرىشلەرگە قانداق ئىنكاس قايتۇرۇش كېرەك؟بۇ سوئاللارغا مۇۋاپىق جاۋاپ تېپىش تولىمۇ زۆرۈردۇر.

يۇقىرىدا دېيىلگىنىدەك،بىراۋنىڭ ياشلىق دەۋرىدە بىئولوگىيەلىك، زېھنىي، جىنسىي، ھېسسىي،ئىجتىمائىي،كىشىلىك تەرەققىيات قاتارلىق جەھەتلەردە بارلىققا كەلگەن ئۆزگىرىشلەر تۈپەيلى بەزى مەسىلىلەر كۆرۈلىدۇ. بۇ بەزىدە دىن،ئەخلاق، ئۆرپ-ئادەت،قانۇن، نورما، قائىدە-يوسۇنلار ۋە باشقا ئىجتىمائىي قېلىپ - ئەندىزىلەرگە زىت ھالدا ئۆز ئىپادىلىرىنى تاپىدۇ. زاغرا تىل بويىچە ئېيتساق، ياشلارنىڭ بەزىلىرىدە تاپتىن چىقىش ئەھۋاللىرى كۆرۈلىدۇ. بۇ تاپتىن چىقىش ئەھۋاللىرى ئىچىدە زەھەرلىك چېكىملىك ياكى ھاراق قاتارلىق زىيانلىق نەرسىلەرگە خۇمار بولۇش قېلىش ئەڭ ئېغىرلىرىدىن بىرىدۇر.

خۇمار بولۇپ قېلىش بىراۋدا ھەم جىسمانىي ھەم روھىي جەھەتتە پەيدا بولغان كېسەللىك بولۇپ، پسىخىكىلىق ۋە ئىجتىمائىي مەسىلىلەر كەلتۈرۈپ چىقىرىدىغان سالامەتلىك مەسىلىسىدۇر. بۇ مەسىلە بىرەر ماددىغا خۇمار بولۇپ قالغان شەخسنىلا ئەمەس، ئۇ تەۋە بولغان ئائىلە، ئائىلىنى ئۆز ئىچىگە ئالغان جەمئىيەت ۋە كۈلتۈرگىچە چېتىلىدىغان بولۇپ، ئىجتىمائىي خاراكتېرلىك سالامەتلىك ۋە جەمئىيەت مەسىلىسى بولۇپ ھېسابلىنىدۇ.[4]

تەتقىقاتلارغا قارىغاندا، ياشلاردا زەھەرلىك چېكىملىككە خۇمار بولۇپ قېلىشنىڭ ئەڭ مۇھىم سەۋەبى«قىزىقىش»ئىكەن. ئىنسان بالاغەت ۋە ياشلىق مەزگىلىدە، باشقا ھاياتلىق مەزگىللىرىگە قارىغاندا بىئولوگىيەلىك، پسىخىكىلىق، زېھنىي ۋە ئىجتىمائىي جەھەتلەردە نىسبەتەن كۆپرەك ئۆزگىرىشلەرنى باشتىن كەچۈرىدۇ. ياشلاردا دەل بۇ ھالقىلىق مەزگىلدە ھاراق ۋە زەھەرلىك چېكىملىككە قىزىقىدىغان ئەھۋال كۆرۈلۈپ قالىدۇ. بىئولوگىيەلىك ۋە ئىجتىمائىي ئۆزگىرىشلەر پەيدا قىلغان بېسىمنى ئازايتىش، بىئولوگىيەلىك، بەختەرلىك (بەدەن، ئىش، ئەخلاق، ئائىلە، سالامەتلىك ۋە مال بىخەتەرلىكى)، تەۋە بولۇش- سۆيگۈ (دوستلۇق، ئائىلە، ئىجتىمائىي گۇرۇپپا)، ھۆرمەت (ئۆزىنى ھۆرمەت قىلىش، ئۆزىگە بولغان ئىشەنچ، مۇۋەپپەقىيەت،ئۆزگىلەرگە ھۆرمەت قىلىش ۋە ئۆزگىلەرنىڭ ھۆرمەت ۋە مۇئەييەنلەشتۈرۈشىگە ئېرىشىش، ئىجتىمائىي ئورۇن ۋە نوپۇز) ۋە ئۆز قىممىتى ۋە قابىلىيىتىنى جارى قىلدۇرۇش(ئەخلاقلىق، ئىجادچان، مەسىلىلەرنى ھەل قىلالايدىغان بولۇش، ھەقىقەتكە ھۆرمەت قىلىش) قاتارلىق ئىنسانىي ئېھتىياجلارنى[5] مۇۋاپىق يوسۇندا ھەل قىلالماسلىق ياكى ھەل قىلىشتىن ئاجىز كېلىش قاتارلىقلارمۇ ياشلارنىڭ ھاراق ۋە زەھەرلىك چېكىملىككە خۇمار بولۇپ قېلىشىنىڭ مۇھىم

سەۋەبلىرىدىن ھېسابلىنىدۇ. باشلاش سەۋەبى قانداق بولۇشىدىن قەتئىينەزەر زەھەرلىك چېكىملىككە باشلاش زەھەرلىك چېكىملىكنىڭ مىقدارىنى بارا-بارا كۆپەيتىش بىلەن داۋاملاشسا، ئاخىرىدا تاپتىن چىقىش ۋە جىنايەت سادىر قىلىش بىلەن تۈگەللىنىدىغانلىقى كۆرۈلمەكتە.

قىسقىسى، ياشلارنىڭ ھاراق ۋە زەھەرلىك چېكىملىككە خۇمار بولۇپ قېلىشىغا سەۋەب بولغان بىئولوگىيەلىك، پسىخىكىلىق ۋە ئىجتىمائىي قاتارلىق خەتەرلىك ئامىللار تۆۋەندىكىچە: بىرىنچى، بىئولوگىيەلىك ئامىللار: گېنلىق خۇسۇسىيەتلەردۇر، ئىككىنچىسى پسىخىكىلىق ئامىللار: نىرۋا ئاجىزلىقى، ھېسسىيات تۇراقسىزلىقى، ھېسسىياتنى كونترول قىلىش ئاجىزلىقى، ئىجتىمائىي قابىلىيەتلەردىكى ئاجىزلىق، ئىسيانكارلىق، ئاسان ئاچچىقلىنىش قاتارلىقلار، ئۈچىنچىسى، ئىجتىمائىي مۇھىت بولۇپ بۇ ئۆز ئىچىدە بىر نەچچە تۈرگە ئايرىلىدۇ، بىرىنچى ئائىلە مۇناسىۋەتلىرى: ئائىلىدە ھاراق، زەھەرلىك چېكىملىككە خۇمار بولغۇچىلارنىڭ بولۇشى، ئائىلىدە بۇلارغا نىسبەتەن ئىجابىي پوزىتسىيەدە بولغۇچىلارنىڭ بولۇشى، ئائىلىنىڭ قوللىشىنىڭ ئاجىز بولۇشى، ئائىلىنىڭ پەرزەنتلىرىگە ئاز كۆڭۈل بۆلۈشى، ئۆگىنىش دىتى ئاجىز بالىلارنى ئاتا-ئانىسىنىڭ يېتەرلىك دەرىجىدە يېتەكلىيەلمەسلىكى. ئىككىنچىسى، مەكتەپ بىلەن بولغان مۇناسىۋەتلەر: ئۆگىنىشىنىڭ ناچارلىقى، ئىنتىزامسىز ۋە بىخەتەر بولمىغان مەكتەپ مۇھىتى، ئوقۇتقۇچىلارنىڭ كۈتىدىغان تەلىپىنىڭ تۆۋەن بولۇشى، مەكتەپنىڭ ھاراق ۋە زەھەرلىك چېكىملىككە كۆنۈپ قالغان بالىلارغا نىسبەتەن تەدبىر قوللانماسلىقى،مەكتەپنىڭ مەسئۇلىيەتسىزلىكى، ساۋاقداشلارنىڭ چەتكە قېقىشى، دوستلار چەمبىرىكى: دوستلىرى ئىچىدە ھاراق ئىچىپ زەھەرلىك چېكىملىك چېكىدىغانلارنىڭ بولۇشى، بۇ نەرسىلەرگە ئىجابىي پوزىتسىيە ۋە مايىللىقى بارلارنىڭ بولۇشى، دوستلىرىنىڭ چەتكە قېقىشىدىن ئەنسىرەش، ئىجتىمائىي قابىلىيەتلىرىنىڭ ئاجىز بولۇشى، جەمئىيەت بىلەن بولغان مۇناسىۋەت: ئىقتىسادىي ۋە ئىجتىمائىي شارائىتلارنىڭ كەمچىل بولۇشى، مائارىپ شارائىتىنىڭ يېتەرسىز بولۇشى، قەدرىيەت،نورمىلار ۋە ئەخلاقنىڭ ئاجىزلاپ كېتىشى، جىنايەتنىڭ كۆپ بولۇشى، بۇ نەرسىلەرنى چەكلەشنىڭ ئاجىز بولۇشى ۋە باشقىلار[6]. تاپتىن چىققان بالىلارغا مۇناسىۋەتلىك تەتقىقاتلاردا «ياشلارنىڭ تاپتىن چىقىشىغا سەۋەب بولغان ئامىللارنىڭ ئوخشاشلا ياشلارنىڭ ئىجتىمائىيلىشىشىنى بەلگىلەيدىغان ئىجتىمائىي گۇرۇپپىلار(ئائىلە، مەكتەپ، دوستلۇق چەمبىرىكى، خىزمەت مۇھىتى، ئۈچۈر ئالاقە ۋاستىلىرى) ئىكەنلىكى»[7] ئەسكەرتىلىدۇ[8].

ئىستانبۇل سەفا كۆي رايونىدا ئولتۇراشقان ئۇيغۇر نوپۇسى ئىستانبۇلنىڭ باشقا رايونلىرىدا ياشايدىغان ئۇيغۇر نوپۇسىغا قارىغاندا نىسبەتەن كۆپ بولۇپ، چوڭلارنىڭ، ياشلارنىڭ ۋە بالىلارنىڭ قانچىلىك نىسبەتنى ئىگەللەيدىغانلىقىدىن ھازىرغىچە تولۇق خەۋەردار بولغىلى بولمىدى، ئوخشاشلا سەفا كۆيدىكى ئۇيغۇر نوپۇسىدا ئۇيغۇر ياشلىرىنىڭ قانچىلىك نىسبەتتە ئىكەنلىكى ھەققىدىمۇ ئېنىق مەلۇمات يوق، لېكىن ئۇيغۇر ياشلىرىنىڭ نوپۇسىنىڭ سەفا كۆيدىكى ئۇيغۇر نوپۇسىدا مەلۇم نىسبەتنى ئىگىلەيدىغانلىقى ئېنىق. بىر قىسىم ئۇيغۇر كۆزەتكۈچىلەرنىڭ ئېيتىشىچە، سەفا كۆيدىكى بىر قىسىم ئۇيغۇر ياشلىرىنىڭ زەھەرلىك چېكىملىككە خۇمار بولۇپ قېلىپ ھەم ئۆزلىرىگە زىيان يېرىش بىلەن بىرگە، ھەمدە سەفا كۆيدىكى ئۇيغۇر جامائىتى ئارىسىدا بەزى مەسىلىلەرنى پەيدا قىلغانلىقى مەلۇم بولماقتا. مىللىتىمىزنىڭ كېلەچىكى ھېسابلىنىدىغان بۇ ياشلارنىڭ نېمە ئۈچۈن زەھەرلىك چېكىملىككە مۇپتىلا بولۇپ قالغانلىقى ھەققىدە ئەستايىدىل ئويلىنىشقا توغرا كېلىدۇ. ماقالىمىزدا بۇ ياشلارنىڭ نېمە ئۈچۈن زەھەرلىك چېكىملىككە مۇپتىلا بولۇپ تاپتىن چىققانلىقىنى جەمئىيەتشۇناسلىق نۇقتىسىدىن ئىزاھلاشقا

تىرىشىمىز. بۇ تېمىنى يورۇتۇپ بېرىش ئۈچۈن جىنايەت جەمئىيەتشۇناسلىقىدىكى تاپتىن چىقىش ۋە جىنايەت ھادىسىلىرىنى ئىزاھلاشتا قوللىنىلىدىغان نەزەرىيەلەرگە مۇراجىئەت قىلىمىز. ماقالىمىزنىڭ مەقسىتى پەقەت ئۇيغۇر ئوغۇللىرىنىڭ «تاپتىن چىقىش»نىڭ تۈرلىرىدىن بىرى بولغان زەھەرلىك چېكىملىككە ۋە دورىغا خۇمار بولۇپ قېلىش ھادىسىسىگە مەركەزلىشىش ۋە بۇ ھادىسىنىڭ جەمئىيەتشۇناسلىق رامكىسىنى قىسقىچە سىزىپ چىقىشتىن ئىبارەت. تېمىمىز ياشلارغا مۇناسىۋەتلىك بولغانلىقى ئۈچۈن ئالدى بىلەن ياشلار ۋە ئىنساننىڭ ياشلىق دەۋرى ھەققىدە ئىزاھات بېرەيلى.

## 1. ياشلار ۋە ياشلىق

ياشلىق ئۇقۇمى ئومۇمەن بىئولوگىيەلىك ۋە ياش تەرتىپىگە ئاساسەن ئىزاھلانماقتا، بۇ ئىزاھات ئىنساننىڭ ياشلىق دەۋرىنىڭ تارىخىي ۋە ئىجتىمائىي ھادىسىلەرنىڭ تەسىرىگە ئۇچراش جەريانىدا باشتىن كەچۈرگەن ئۆزگىرىشلەرگە سەل قارايدۇ. مەلۇمكى، ياشلىقنىڭ دىنامىك، يېڭىلىققا مايىل ۋە جانلىقلىق قاتارلىق ئىجابىي تەرەپلىرىنى تەكىتلەيدىغان ئىزاھاتلار بولغىنىدەك، ياشلىقنىڭ قېنى قىزىقلىق، ئىسيانكار، جېدەلخورلۇق،رايىشىزلىق، مەسىلە پەيدا قىلىشقا مايىل قاتارلىق سەلبىي تەرەپلىرىنى تەكىتلەيدىغان ئىزاھاتلارمۇ مەۋجۇت. بەزى ئىزاھاتلاردا ياشلىق ۋە ياشلار جەمئىيەت ۋە مىللەتنىڭ كاپالىتى ۋە ئىقتىسادىي تەرەققىياتى ئۈچۈن مەبلەغ سېلىنىدىغان بىر ئوبيېكت ياكى ۋاستە سۈپىتىدە قارىلىدۇ. يەنە بىر ئىزاھاتتا ياشلىق ئىنساننىڭ بارلىق نۇقسان ۋە كەمچىلىكلىرى ئاشكارا بولىدىغان دەۋر سۈپىتىدە قارىلىدۇ. بەزىلەرنىڭ قارىشىچە، ياشلىق جەمئىيەتتىكى ھاكىمىيەت، نوپۇز ۋە كۈچ مۇناسىۋەتلىرىنىڭ مەۋجۇتلىقى بىلەن مەنە ۋە قىممەتكە ئىگە بولىدۇ.[9]

ئاكىنىنىڭ قارىشىچە، ياشلىق ئىنسان ھاياتىنىڭ ئەڭ دىنامىك ۋە پائال دەۋرى بولۇپ،مۇئەييەن كىملىككە تەلپۈنۈش، ئىزدەش ۋە شەكىللەندۈرۈش جەريانىدۇر[10]. كارانىڭ قارىشىچە، بىراۋ ياشلىق دەۋرىدە زېھنىي ۋە ئىدىيە جەھەتتىن ئېنېرگىيەگە تولغان بولىدۇ، شۇڭا بىراۋ ياشلىق دەۋرىدە توغرا يېتەكلىنەلىسە، نۇرغۇن مەسىلىلەرنى ھەل قىلالايدىغان قابىلىيەتكە ئىگە بولالايدۇ، توغرا يېتەكلەنمىسە تاپتىن چىقىدۇ[11].

بىرلەشكەن دۆلەتلەر تەشكىلاتىنىڭ بىلدۈرۈشىچە، ياشلىق دەۋرى ئىنساننىڭ 15 ياشتىن 25 ياشقىچە بولغان مەزگىللىرىنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ. ياشلىق دەۋرى ئىنساننىڭ بالاغەت يېشىغا كىرىشى بىلەن باشلاپ، 18 ياشتىن كېيىن نىسبىي ھالدا قۇرامىغا يېتىشكە قاراپ تەرەققىي قىلىشىنى كۆرسىتىدۇ. بۇ ئىزاھات بىئولوگىيەلىك ئامىل نەزەرگە ئېلىنىپ ئېلىپ بېرىلغان بولۇپ، ئومۇمەن بۇ بەكرەك قوبۇل قىلىنىدۇ. يۇقىرىدا تىلغا ئېلىنغىنىدەك، ياشلىق بىئولوگىيەلىك ئامىللاردىن باشقا ئىجتىمائىي ۋە پسىخىكىلىق ئامىللار بىلەنمۇ زىچ مۇناسىۋەتلىك12. ھەر قايسى دۆلەتلەرنىڭ بىراۋنىڭ ياشلىق دەۋرىنى ھېسابلاش ئۇسۇللىرى پەرقلىنىدۇ. مەسىلەن: گىرېتسىيە، گوللاندىيە ۋە نورۋېگىيەدە ياشلىقنىڭ مۇقەددىمىسى ئۈچۈن ئېنىق ئۆلچەم يوق، ئېستونىيەدە 7 ياش ۋە ئۇستىدىكىلەردىن باشلىنىدۇ. گېرمانىيە ۋە ئىتالىيەدە 14 ياشتىن باشلانسا، تۈركىيەدە 12 ياشتىن باشلىنىدۇ13.

ئۆتكۈنچى دەۋر دەپمۇ ئاتىلىدىغان ياشلىق ئۇقۇمىنى تەبىرلەشتە دۇچ كېلىنىۋاتقان ئەڭ قىيىن مەسىلە بولسا «كۇلتۇر نىسبىيلىكى» ئۇقۇمىغا دائىر بولۇپ، ئوخشىمىغان كۇلتۇرلەر ۋە جەمئىيەتلەر ياشلىق ئۇقۇمىغا پەرقلىق تەبىرلەرنى بېرىدۇ. بەزى تەتقىقاتچىلار ياشلىق دەۋرىنىڭ مۇقەددىمىسىنى بىئولوگىيەلىك ئۆزگىرىشلەر

بىلەن، خاتىمىسىنى بولسا ئىقتىسادىي مۇستەقىللىققە ئېرىشىشكە ئوخشاش ئىجتىمائىي ئامىللار بىلەن ئىزاھلىشىدۇ. ئۇلارنىڭ قارىشىچە، ياشلىق دەۋرى بىراۋنىڭ بىئولوگىيەلىك ۋە ھېسسىي جەريانلاردىكى ئۆزگىرىشلەر بىلەن باشلاپ، جىنسىي، پسىخىكىلىق ۋە ئىجتىمائىي جەھەتلەردە پىشىپ يېتىلىشكە قاراپ تەرەققىي قىلىش بىلەن داۋاملىشىپ، مۇستەقىل ۋە ئىجتىمائىي يېڭىلىقلارنى ۋۇجۇدقا چىقارغان مەجھۇل بىر مەزگىلدە ئاخىرلىشىدىغان دەۋردۇر.[14]

فرىبس ياشلىقنىڭ ئىجتىمائىي ئامىللار بىلەن بولغان مۇناسىۋىتىنى مۇنۇ تەرىقىدە ئىزاھلايدۇ: ياشلىق ئىنسانلارنىڭ ئىجتىمائىي ئورنىنىڭ ئىپادىسى بولۇپ، بىراۋنىڭ بىئولوگىيەلىك يېشى ئۇنىڭ ئىجتىمائىي ئورنىغا تەسىر كۆرسەتسىمۇ، لېكىن مۇتلەق بەلگىلەش خاراكتېرىگە ئىگە ئەمەس. ياشلىق بېقىندىلىق بىلەن مۇستەقىللىق ئارىلىقىدىكى ئۆتكۈنچى دەۋردۇر.[15]

- ياشلارنى ئىجتىمائىي ئورنى، شارائىتى، ئىمكانىيەتلىرى ۋە تۇرمۇش شەكىللىرى نۇقتىسىدىن بىر نەچچە تۈرگە ئايرىش مۇمكىن.
- ناھىيە-بازار-نامراتلار رايونى-شەھەر ياشلىرى
- پاسسىپ-ئاكتىپ جەمئىيەت ياشلىرى
- ئىشلەپچىقارغۇچى-ئىستېمالچى ياشلار
- ئوقۇغان-ئوقۇمىغان ياشلار
- يېڭىلىقچى-كونىلىقچى ياشلار
- مودېرن-مۇھاپىزىكار ياشلار
- ئوقۇغۇچى ياشلار: ئوتتۇرا مەكتەپ ياشلىرى، ئالىي مەكتەپ ياشلىرى
- ئوقۇغۇچى بولمىغان ياشلار: ئەمگەكچى ياشلار، سەھرالىق ياشلار، ئىشسىز ياشلار، نامرات رايون ياشلىرى
- ئالاھىدە ئەھۋالدىكى ياشلار: جىسمانىي ۋە ئەقلىي جەھەتتىن كەمتۈك ياشلار، كۆچمەن ۋە چەت ئەللەردە ياشايدىغان ئىشچىلارنىڭ پەرزەنتلىرى، جىنايەتچى ياشلار، ئائىلە ئەزالىرىدىن ئايرىلىپ قالغان ياكى قوغدىلىشقا مۇھتاج ياشلار

تۈركدوغان ياشلارنى بەش تۈرگە ئايرىيدۇ[16]:

سىياسىي جەھەتتىن ئاڭسىز ياشلار

ياتلاشقان ياشلار: ئەنئەنىۋى جەمئىيەت، مەدەنىيەت ۋە ئەخلاققا ئىسيان قىلىدىغان ياشلار

ئىندىۋىدۇئاللىققا مايىل ياشلار:

ھەرىكەتچان ياشلار: نوپۇز، ھاكىمىيەتلەرگە قارشى، سىياسىي ۋە ئىجتىمائىي ھادىسىلەرگە قىزىقىدىغان ياشلار.

يۇقىرىقىلاردىن سىرت مەلۇم بىر ئىدېئولوگىيە، سىياسىي ۋە دىنىي ئېقىملارنىڭ تەسىرىگە ئۇچرىغان ياشلار تۈرمۇ مەۋجۇت[17].

ياشلىق ۋە ياشلارنى تېخىمۇ ياخشى چۈشىنىش ئۈچۈن ياشلىق كۇلتۇرى ھەققىدە توختىلىشقا توغرا كېلىدۇ. نوپۇزلۇق جەمئىيەتشۇناس پارسونس ياشلىق كۇلتۇرى ئۇقۇمىنى بىراۋنىڭ ياش ۋە جىنسىيەت روللىرىنى تۈتقا قىلغان ئاساستا ئوتتۇرىغا قويىدۇ. ئۇ ياشلىق ئۇقۇمىنى مەسئۇلىيەت ۋە مەسئۇلىيەتسىزلىك ئۇقۇملىرىدىن پايدىلىنىپ تۇرۇپ ئىزاھلايدۇ. بۇنىڭغا ئاساسلانغاندا، ياشلىق كۇلتۇرى قۇرامىغا يەتكەنلەرنىڭ دۇنياسىنى شەكىللەندۈرىدىغان ئىشلەپچىقىرىش ۋە خىزمەت شەكلىگە، قېلىپلىشىپ كەتكەن ئىش-ھەرىكەتلەر ۋە مەسئۇلىيەت دائىرىسىگە زىت ھالدا، تەتۈر نىسبەتلىك قەدرىيەتلەرنى قوبۇل قىلىدۇ. ياشلىق ئىستېمال، زوق ۋە كەيپ ئاتا قىلىدىغان پائالىيەتلەر ۋە مەسئۇلىيەتسىزلىك قاتارلىق ئىشلاردا قېلىپ ۋە قەدرىيەتلەر ۋۇجۇدقا چىقىرىدۇ. يىغىنچاقلىغاندا، ياشلىق كۇلتۇرى بىر تۈركۈم ياشلارغا ئورتاق بولغان ئېتىقاد، ئىشىنىش، قەدرىيەتلەر، سىمۋوللار ۋە

ھەرىكەت قېلىپلىرىنى كۆرسىتىدۇ.[18]

فىرىس ياشلار ئوتتۇرىسىدىكى ئىجتىمائىي پەرقلەرنى ئۈچ تۈرگە ئايرىيدۇ:

ياشلار ئوتتۇرىسىدىكى ئەڭ چوڭ پەرق جىنسىيەت ئايرىمىدۇر. قىزلار بىلەن ئوغۇللار ئوتتۇرىسىدىكى پەرق ئىجتىمائىي مەسئۇلىيەت، روللار، چەكلىمىلەر، قەدرىيەتلەر، ئېتىقاد، ئىشلەپچىقىرىش شەكلى قاتارلىق جەھەتلەردە ئىپادىلىنىدۇ. قىزلار بىلەن ئوغۇللار ئوتتۇرىسىدا ئوخشىمىغان ھەرىكەت شەكىللىرى ۋە ئىجتىمائىيلىشىش قېلىپلىرى مەۋجۇتتۇر[19].

ياشلار ئوتتۇرىسىدىكى ئىككىنچى پەرق بولسا ئىجتىمائىي تەبىقە ۋە سىنىپتۇر. ئىجتىمائىي تەبىقە ۋە سىنىپ پەرقى توقۇنۇش نەزەرىيەسىنىڭ ئاساسلىق تېمىسىنى تەشكىل قىلىدۇ. پەرقلىق ئىجتىمائىي قاتلاملاردىن تەشكىل تاپقان بىر جەمئىيەتتە، ياشلارمۇ ئائىلىسى تەۋە بولغان تەبىقە ياكى سىنىپقا تەۋە بولىدۇ ۋە ئۇ قاتلامنىڭ دۇنيا قارىشى ۋە تۇرمۇش شەكلى قاتارلىقلارنى قوبۇل قىلغان ئاساستا ئىجتىمائىيلىشىدۇ.

ياشلار ئوتتۇرىسىدىكى يەنە بىر گەۋدىلىك پەرق بولسا ئىرقىي، ئېتنىك ۋە دىنىي پەرقلەردۇر. بۇنىڭدىن سىرت شەھەردە، ناھىيەدە ياكى يېزا ۋە سەھرالاردا ياشاشمۇ ياشلار ئوتتۇرىسىدا پەرق پەيدا قىلىدۇ[20].

ئومۇمەن ئۆتكۈنچى دەۋر تەرىقىسىدە ئىزاھ-لىنىدىغان ياشلىق ئۇقۇمىغا مۇناسىۋەتلىك تەكىتلەشكە تېگىشلىك يەنە بىر مەسىلە بولسا، بىراۋنىڭ ئىجتىمائىيلىشىشىدا زور رول ئوينايدىغان ۋە بىر- بىرىنى تولۇقلاش رولىنى ئۆتەيدىغان كىملىك ۋە كىشىلىك خاراكتېر ئۇقۇملىرىدۇر. ياشلىق دەۋرى بىراۋنىڭ كىملىك ۋە كىشىلىك خاراكتېر شەكىللەندۈرۈشتە زور تىرىشچانلىق كۆرسىتىدىغان دەۋردۇر. بۇ ئىككى ئۇقۇمنى بىر-بىرىدىن پەرقلەندۈرىدىغان ئاساسلىق ئالاھىدىلىك بولسا كىملىك كوللېكتىپ ئاساستا، كىشىلىك خاراكتېر شەخسىي ئاساستا شەكىللىنىدۇ.

بىراۋ بالىلىق ۋە قۇرامىغا يەتكەن مەزگىللىرى ئارىسىدا ئۆتكۈنچى ياكى كۆۋرۈك ھېسابلىنىدىغان ياشلىق دەۋرىدە،تەڭتۇشلىرى بىلەن ئارىلىشىش ۋە ئۇلارنىڭ ئېتىراپ قىلىشى، بىر جىنسىي رولنى قوبۇل قىلىش، ھېسسىي جەھەتتىن مۇستەقىل بولۇش، ھەمكارلىق ۋە لىدىرلىق قابىلىيەتلىرىنى جارى قىلدۇرۇش، ئۆزگە مۇۋاپىق تۇرمۇش پەلسەپىسى تەرەققىي قىلدۇرۇش، كەسىپ تاللاشقا تەييارلىق قىلىش، ئۆز كىملىكىنى تېپىش ۋە بۇنى قوبۇل قىلىش قاتارلىقلارغا مايىل كېلىدۇ. بۇ دەۋردە ئۆزگىلەردىن پەرقلىق ئۆزگىچە كىملىك شەكىللەندۈرۈشكە مايىل ياشلار ھېچ كۈتۈلمىگەن بىر ئىشلارنى قىلىپ سېلىشى مۇمكىن، خەتەرلىك ئىشلارغا تەۋەككۇل قىلىشى ۋە ئۆزگە قارىتىلغان ئىنكاسلارغا پەرۋاسىز قارىشى مۇمكىن، تېخىمۇ ئېغىرراقى تاپتىن چىقىشى مۇمكىن21. ياشلارنى جىسمانىي جەھەتتىكى ئۆزگىرىشلەر، زېھنىي قابىلىيىتىنىڭ تەرەققىي قىلىشى ۋە بۇنىڭ كەسىپ، تۇرمۇش قۇرۇش ۋە كېلەچەككە دائىر مۇھىم قارارلارنى چىقىرىش قاتارلىق تېمىلاردا ياشلارنى كىملىك ئىزدەشكە ئىتتىرىدۇ.

ئائىلىدە سەممىمىي ۋە مۇئەييەنلەشتۈرۈشنى ئاساس قىلغان مۇناسىۋەتلەر، ياشلارنىڭ مۇستەقىللىق ياكى ئۆز ئۆزىگە خوجا بولۇش تۈيغۇسىنى كۈچەيتىش بىلەن بىرگە، ئۇلارنىڭ ئىجابىي كىملىك تۈيغۇسى ۋە ئۇقۇمىنى شەكىللەندۈرۈشىدە رول ئوينايدۇ. تولۇق ئوتتۇرا مەكتەپ ئوقۇغۇچىلىرى ئۈستىدە ئېلىپ بارغان بىر تەتقىقاتتا، ئاتا-ئانىسىغا تايىنىش ۋە باغلىنىش تۈيغۇسى كۈچلۈك بولغان ياشلارنىڭ تەڭتۇشلىرىگە باغلىنىش تۈيغۇسى ئاجىز بولىدىغانلىقى، ئاتا- ئانىسىغا بىخەتەر ھالدا باغلانغانلارنىڭ كېيىنكى مەزگىللەردە تەڭتۇشلىرى بىلەن ئوچۇقلۇق مۇناسىۋەت ئورنىتالايدىغانلىقى، دوستلىرى تەرىپىدىن ياخشى كۆرۈلىدىغان كىشىلەر

بولىدىغانلىقى، قىزلارنىڭ ئوغۇللارغا قارىغاندا تەڭتۇشلىرىگە بەكرەك باغلىنىدىغانلىقى ئوتتۇرىغا قويۇلىدۇ[22]. دوستلۇق گۇرۇپپىسى ئائىلىدىن قالسا بىراۋنىڭ ھاياتىنىڭ ھەر باسقۇچىدا لازىم بولىدىغان، ئالاقە گۇرۇپپىلىرىنىڭ بارلىق ئالاھىدىلىكلىرىنى ئۆز ئىچىگە ئالىدىغان، ئورتاق ھەرىكەت قېلىپلىرى ۋە تۇتۇملىرى ئورتاقلىشىلىدىغان، يېڭى ھەرىكەت قېلىپلىرى ۋە تۇتۇملار شەكىللەندۈرۈلىدىغان ئەڭ كىچىك ئىجتىمائىي بىرلىك ھېسابلىنىدۇ. دوستلۇق بولسا تەۋەلىك تۇيغۇسى، ھېسسىي پۈتۈنلۈك ۋە قەتئىيلىك، ئالاقە پۇرسىتى، ياردەم ۋە قوللاش، قەدىرلىنىش، كىشىلىك خاراكتېر شەكىللەندۈرۈش ۋە ئۆزگىلەرگە ياردەم قىلىش پۇرسىتى قاتارلىقلارنى ئىشقا ئاشۇرۇش ئارقىلىق، ياشلارنىڭ ئۆزىنى يارامىلىق ھېس قىلىشىدا رول ئوينايدۇ. دوستلۇق مۇناسىۋىتى يەنە بىراۋنىڭ ساغلام پسىخىكا شەكىللەندۈرۈشىدىمۇ مۇئەييەن رول ئۆتەيدۇ. قىسقىسى، ياشلارنىڭ دوستلىرى ۋە تەڭتۇشلىرى تەرىپىدىن ياخشى كۆرۈلۈشى، مۇئەييەنلەشتۈرۈلۈشى ياشلارنىڭ ئۆزلۈك تۇيغۇسىنىڭ ساغلام شەكىللىنىشىدە شەرتتۇر[23]. ھارتېر ئۆزىنىڭ تەتقىقاتىدا، دوستلۇق مۇناسىۋىتىنىڭ بىراۋنىڭ ئۆزھۆرمەت تۇيغۇسى بىلەن مۇناسىۋەتلىك ئىكەنلىكىنى، دوستلارنىڭ قوللىشىنىڭ بىراۋنىڭ يۇقىرى ئۆزھۆرمەت تۇيغۇسى بىلەن زىچ ئالاقىسى بارلىقىنى، ئىجتىمائىي ئالاقىدە پاسسىپ بولغان ياشلارنىڭ ئۆز ھۆرمەت تۇيغۇسىنىڭ تۆۋەن بولىدىغانلىقىنى ئوتتۇرىغا قويىدۇ[24].

بىراۋنىڭ ياشلىق دەۋردە ۋە كېيىنكى مەزگىللەردە كۆنۈپ قالغان يامان ئادەتلىرى ۋە تاپتىن چىققان ھەرىكەتلىرى، ئاساسەن بۇ دەۋردە پەيدا بولغان ئىشەنچسىزلىك، خەۋپ ۋە بىنورمال كىشىلىك خاراكتېر ئالاھىدىلىكىنىڭ نەتىجىسىدە شەكىللىنىدۇ. بۇ دەۋردە بىراۋنىڭ يېنىدا ئۇنى يېتەكلەيدىغان بىرەر چوڭنىڭ بولماسلىقى، باشقا ئىجتىمائىي ۋاستىلارنىڭ تىزگىنسىز ھالدا ئۇنى يېتەكلىشىگە سەۋەب بولىدۇ. كىملىك شەكىللەندۈرۈش باسقۇچىدا تۇرۇۋاتقان بىراۋ ياكى ياش بۇ مەزگىلدە يېقىن-يورۇقلىرىنىڭ كۆڭۈل بۆلۈشىگە ئېرىشەلمەسلىكى سەۋەبىدىن تېلېۋىزور، ئىنتېرنېتكە ئوخشاش مەۋھۇم دۇنيا ۋە باشقا جەمئىيەت تەرىپىدىن قوبۇل قىلىنمايدىغان ئىجتىمائىي گۇرۇپپىلارنىڭ تەسىرىگە ئۇچراپ تاپتىن چىقىدۇ. كىشىلىك خاراكتېرنىڭ شەكىللىنىشىدە بىراۋنىڭ ئىجتىمائىي تۇرمۇش ئەسناسىدا ئىگە بولغان شەخسىي ئالاھىدىلىكلىرى ۋە جىنسىي، ئائىلىۋى، ئېتىكىلىق (ئەخلاقىي)، ئىجتىمائىي ئالاھىدىلىكلەر ۋە روللارنىڭ جۇغلانمىسى مۇھىم رول ئوينايدۇ.

## 2. ياشلىققا دائىر جەمئىيەتشۇناسلىق نەزەرىيەلىرى

يۇقىرىدا ياشلار ۋە ياشلىق تېمىسىنى ئىزاھلاش ئۈچۈن بىئولوگىيە نەزەرىيەلىرى، پسىخولوگىيە نەزەرىيەلىرى ۋە جەمئىيەتشۇناسلىق نەزەرىيەلىرى بارلىقىنى تىلغا ئېلىپ ئۆتكەندۇق. بىئولوگىيە نەزەرىيەلىرى ياشلارنىڭ فىزىئولوگىيەلىك ئۆزگىرىشلىرىنى، جىنسىي ۋە جىسمانىي پىشىپ يېتىلىشىنى كۆرسىتىدۇ. پسىخولوگىيە نەزەرىيەلىرى ياشلارنىڭ ئىچكى دۇنياسىدىكى بىلىش، ھېسسىي، جىنسىي ئاڭ ۋە كىشىلىك تەرەققىياتىغا مەركەزلىشىدۇ. جەمئىيەتشۇناسلىق نەزەرىيەلىرى بولسا جەمئىيەت، ئىجتىمائىي مۇناسىۋەت شەكىللىرى، ئىجتىمائىي ھادىسىلەر ۋە ئىجتىمائىي مۇئەسسەسەلەرنىڭ ياشلارغا كۆرسىتىدىغان تەسىرلىرىگە مەركەزلىشىدۇ. جەمئىيەتشۇناسلىقتا قۇرۇلمىلىق فۇنكسىيەچىلىك نەزەرىيەسى، قۇرۇلمىلىق توقۇنۇش نەزەرىيەسى، سىمۋوللۇق ئالاقە نەزەرىيەسى ۋە گۇرۇھ كۇلتۇر نەزەرىيەسى قاتارلىقلار ياشلار ۋە ياشلىق تېمىسى ئۈستىدە ئەتراپلىق

ئانالىزلارنى ئېلىپ بارىدۇ.

### 1.2. قۇرۇلمىلىق فۇنكسىيەچىلىك نۇقتىسىدىن ياشلىق نەزەرىيەلىرى

بۇ نەزەرىيە جەمئىيەتنى بىر- بىرىگە زىچ مۇناسىۋەتلىك ۋە پۈتۈنلەشكەن سىستېما سۈپىتىدە تەسۋىرلەيدۇ. جەمئىيەت قۇرۇلمىسىدا مەيدانغا كەلگەن ئۆزگىرىشلەر جەمئىيەت قۇرۇلمىسىنىڭ ئاساسلىق تەركىبلىرىدىن بىرى بولغان نوپۇسنىڭ كاتېگورىيەلىك قىسمىنى تەشكىل قىلىدىغان ياشلارنىمۇ ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ. جەمئىيەت قۇرۇلمىسىدىكى ئۆزگىرىشلەر بارلىق ئىجتىمائىي مۇئەسسەسەلەرگە تەسىر كۆرسىتىدىغانلىقتىن، بىر ئىجتىمائىي مۇئەسسەسەدە كېلىپ چىققان ئۆزگىرىش ياكى ئۆزگىرىشلەر يەنە بىر ئىجتىمائىي قۇرۇلمىدا ئۆزگىرىش پەيدا قىلىدۇ. مەسىلەن: ياشلىق بىراۋنىڭ تەرەققىياتى نۇقتىسىدىن ئۆتكۈنچى دەۋر ھېسابلىنىدۇ، دەل بۇ مەزگىلدە ياشلىق ياكى ياشلار مۇئەييەن ئىجتىمائىي رولغا ئىگە بولىدۇ، بۇ يەردىكى رول فۇنسكىيەلىك ئالاھىدىلىككە ئىگە بولۇپ، ئىجتىمائىي پۈتۈنلىشىش نۇقتىسىدىن بەلگىلىك رول ئوينايدۇ. بىراۋنىڭ يېشىنى ئىجتىمائىي رول ئايرىمى ئۈچۈن مۇھىم ئامىل دەپ قارايدىغان قۇرۇلمىلىق فۇنكسىيەچىلەر، ياشلىقنى يېڭى رولLارغا تەييارلارش دەۋرى سۈپىتىدە كۆرىدۇ. بۇ سەۋەبتىن روللار ۋە ئىجتىمائىي ئورۇنلارنىڭ تەقەززاسى بويىچە، ياشلارنىڭ ھەق-ھوقۇقلىرى ۋە مەسئۇلىيەتلىرى دائىرىسىدە جەمئىيەت بىلەن ماسلىق ئىچىدە ئىجتىمائىي مۇناسىۋەت شەكىللەندۈرۈلۈشى تەلەپ قىلىنىدۇ. ياشلىق دەۋرىدىكى ئىجتىمائىيلىشىش نەتىجىسىدە، ياشلار جەمئىيەتنىڭ نورمىلىرى، قەدىرىيەتلىرى ۋە قائىدىلىرىگە ماس ھەرىكەت قىلىدۇ ۋە جەمئىيەت بىلەن بىر پۈتۈنلىشىدۇ[25].

ئىجتىمائىيلىشىش دېگەندە بىراۋنىڭ جەمئىيەتكە ماسلىشىش ۋە جەمئىيەت بىلەن بىر پۈتۈنلىشىش ھادىسىسى كۆزدە تۇتۇلىدۇ. بىراۋ ناۋادا ئۆزى تەۋە بولغان جەمئىيەتكە ماسلىشالمىسا ياكى كىشىلىك مۇناسىۋەتلەرنى نورمال بىر تەرەپ قىلالمىسا ۋە ياكى باشقا كىشىلەر بىلەن توقۇنۇش ھالىتىدە بولسا بۇ ئىجتىمائىيلىشالمىغانلىق ۋە جەمئىيەتكە ماسلىشالمىغانلىقنىڭ نەتىجىسى ھېسابلىنىدۇ. مۇنداقچە دېگەندە تاپتىن چىقىدۇ. ئەمەلىيەتتە، بىراۋنىڭ ئىجتىمائىيلىششى تۇغۇلغاندىن ئېتىبارەن باشلىنىدۇ. لېكىن ياشلىق دەۋرىدە كىملىك ئىزدىنىشى ئىچىدە تۇرۇۋاتقان ياشلارنىڭ ئىجتىمائىيلىشىش سۈرئىتى نىسبەتەن تېز بولىدۇ. بۇ دەۋردە ياشلار داۋاملىق ئۆزىنى، كىملىكىنى ئىزدەشنىڭ كويىدا يۈرۈيدۇ. ئىجتىمائىيلىششتا مۇھىم رول ئوينايدىغان يەنە بىر ئامىل بولسا، بىراۋنىڭ جەمئىيەتتىكى روللىرى بولۇپ، مۇۋەپپەقىيەتلىك ئىجتىمائىيلىشىش بىراۋغا ئىجابىي تەسىرلەرنى ئېلىپ كېلىدۇ. مەسىلەن: بىراۋنىڭ ئۆزىگە بولغان ئىشەنچىسى ئاشىدۇ، يوشۇرۇن كۈچىنى جارى قىلدۇرالايدۇ، جەمئىيەتنىڭ نورمىلىرىغا، قائىدە-يوسۇنلىرىغا، قەدىرىيەتلىرىگە ماسلىشالايدىغان ئالاھىدىلىك شەكىللەندۈرەلەيدۇ، كىشىلىك مۇناسىۋەتنى نورمال ئېلىپ ماڭالايدۇ، باشقىلارنىڭ ئورنىغا ئۆزىنى قويالايدۇ،يەنى تۈيغۇداشلىق قابىلىيىتىنى قۇۋۋەتلەندۈرەلەيدۇ. ياشلار نۇقتىسىدىن ئەڭ مۇھىم ئىجتىمائىيلىشىش ۋاسىتىلىرى بولسا ئائىلە، مەكتەپ، دوستلار چەمبىرىكى، تېلېۋىزور، ئىنتېرنېت، ئىجتىمائىي تاراتقۇلاردۇر[26]. ناۋادا ياشلار جەمئىيەت بىلەن بىر پۈتۈنلىشەلمىسە ۋە جەمئىيەتنىڭ نورمىلىرى، قائىدە-يوسۇنلىرى، ئۆرپ-ئادەتلىرى ۋە قەدىرىيەتلىرىگە ماسلىشالمىسا، ئەۋلادلار ئوتتۇرىسىدا توقۇنۇش ۋە سۈركىلىش يۈز بېرىدۇ. كۈنىمىزدە جەمئىيەت قۇرۇلمىسىنى تەشكىل قىلىدىغان سىياسىي، تېخنولوگىيەلىك، ئىقتىسادىي، ئىجتىمائىي ۋە باشقا ساھەلەردە بارلىققا كەلگەن ئۆزگىرىشلەر ۋە يەر شارىلاشقان كۈنىمىزدە ئائىلىلەر ياشلارنىڭ ئىجتىمائىيلىششىدا ئاكتىپ رول ئويناشتىن ئاجىز كەلمەكتە. ئوخشاشلا ئۆز

يولىنى ئۆزى تېپىشتا قىيىنلىشۋاتقان ياشلار كەملىك ۋە كەمشىلىك خاراكتېرنى شەكىللەندۈرۈشتە قىينالماقتا. قۇرۇلمىلىق فۇنكسىيەچىلىك نەزەرىيەسى جەمئىيەت قۇرۇلمىسىدىكى ئۆزگىرىشلەرنى نەزەرگە ئالغان ئاساستا، ياشلارنىڭ جەمئىيەت بىلەن پۈتۈنلىشىشى ۋە جەمئىيەتكە ماس ھالدا ھەرىكەت قىلىشى ئۈچۈن ئىجتىمائىي مۇئەسسەسەلەرنىڭ ماس ھالدا ھەرىكەت قىلىشىنى تەشەببۇس قىلىدۇ.

### 2.2. قۇرۇلمىلىق توقۇنۇش نەزەرىيەسى نۇقتىسىدىن ياشلىق نەزەرىيەسى

توقۇنۇش نەزەرىيەسى جەمئىيەتتىكى كۈچ، ھاكىمىيەت، نوپۇز، ھوقۇق، ئىجتىمائىي قاتلام، تەبىقە ۋە سىنىپلار ئوتتۇرىسىدىكى تەڭسىزلىكلەرگە مەركەزلىشىدۇ. كۈچنىڭ تەڭسىز شەكىلدە تەقسىم بولۇشى جەمئىيەتتە ھەر قايسى قاتلام ۋە گۇرۇپپىلار ئوتتۇرىسىدىكى رىقابەتنى كۈچەيتىدۇ ۋە مەنپەئەتلەر كۈچلۈكلەرنىڭ پايدىسىغا بولىدىغان ۋەزىيەت شەكىللىنىدۇ. بۇ نەزەرىيەنىڭ قارىشىچە، ئىلىم-پەن ۋە تېخنولوگىيەلىك تەرەققىيات تۈرتكىسىدە قۇرۇلمىلىق ئۆزگىرىشلەر بارلىققا كېلىدۇ، ئىجتىمائىي مۇناسىۋەتلەرنىڭ خاراكتېرى ۋە شەكلى ئۆزگىرىدۇ، ئۆرپ- ئادەتلەر، نورمىلار ۋە قەدرىيەتلەرگە ئوخشاش كۇلتۇر ئامىللىرى بۇرۇنقىدىن پەرقلىق ھالغا كېلىشكە باشلايدۇ، بۇرۇنقى جەمئىيەت نورمىلىرى، قائىدىلىرىگە زىت ھەرىكەتلەر ئوتتۇرىغا چىقىدۇ، ئەخلاقىي ۋە ئىجتىمائىي-ئىقتىسادىي مەسىلىلەر كۆرۈلىدۇ[27].

توقۇنۇش نەزەرىيەسىنىڭ بەرپاچىلىرىدىن بولغان ماركسنىڭ قارىشىچە، ئىجتىمائىي قۇرۇلما كىشىلىك مۇناسىۋەتلەرنى بەلگىلەيدۇ، بۇ نۇقتىدىن قارىغاندا ياشلارنىڭ ئىش-ھەرىكەتلىرى ۋە دۇنيا قارىشىنى ئۇلار تەۋە بولغان سىنىپنىڭ خاراكتېرى بەلگىلەيدۇ. فىرانسۇز جەمئىيەتشۇناس بوردىيو ياشلارنىڭ كۇلتۇر سەرمايىسىنىڭ[28] ئۇلارنىڭ ئىجتىمائىي سەرمايىسىنى كۈچەيتىدىغانلىقىنى دەيدۇ. كۇلتۇر سەرمايىسى دېگەندە بىراۋنىڭ مائارىپ مۇئەسسەسەلىرى ئارقىلىق ئىگە بولغان بىلىم قۇرۇلمىسىنى كۆرسەتسە، ئىجتىمائىي سەرمايە بولسا بىراۋنىڭ كىشىلىك مۇناسىۋەت تورىنى كۆرسىتىدۇ. بوردىيو يەنە كۈنۈش (habitus)ئۇقۇمى بىلەن بالىلار چوڭ بولغان ئائىلىنىڭ بارلىق نورمىلىرىنى،ئادەتلىرىنى ئۆگىنىدىغانلىقىنى ۋە بۇلارنى كۇلتۇر سەرمايىسى بىلەن بىرلەشتۈرۈپ ھەرىكەت قىلىدىغانلىقىنى، نەتىجىدە مۇئەييەن زوق ۋە مايىللىقلارنى شەكىللەندۈرىدىغانلىقىنى تەكىتلەيدۇ[29]. بوردىيونىڭ سەرمايە نەزەرىيەسىدىن بىزنىڭ ئەھۋالىمىزغا قىسقىچە قاراپ چىقايلى: شەرقىي تۈركىستاندا خىتايلار سىياسىي ئۈستۈنلۈكى تۈپەيلى كۈچ، نوپۇز ۋە ھوقۇق جەھەتتىن ئۇيغۇرلاردىن ئۈستۈن ئورۇندا تۇرىدۇ. بۇ ئەھۋال ھەر ۋاقىت خىتايلارغا پايدىلىق پۇرسەت ۋە ئىمتىيازلارنى ئېلىپ كەلدى. ئۇيغۇرلار بولسا ھەر ۋاقىت خىتايلارغا قارىغاندا كۈچسىز ئورۇندا تۇرۇپ كەلدى. ھوقۇق، كۈچ ۋە نوپۇزغا ئىگە بولۇۋالغان خىتايلار بىلەن بۇلاردىن مەھرۇم بولغان ئۇيغۇرلار ئوتتۇرىسىدا ھەر قايسى ساھەلەردە توقۇنۇش ۋە سۈركىلىش يۈز بەردى. ئوخشاشلا، خىتاي ياشلىرى ئۇيغۇر ياشلىرىغا قارىغاندا مائارىپ جەھەتتىنمۇ شارائىتى ياخشى مەكتەپلەردە تەلىم ئالدى، بۇ ئەھۋال خىتاي ياشلىرىنىڭ كۇلتۇر سەرمايىسىنى ئۇيغۇر ياشلىرىنىڭ سەرمايىسىگە قارىغاندا ئۈستۈن قىلدى. كۇلتۇر سەرمايىسى نىسبەتەن يۇقىرى بولغان خىتاي ياشلىرى ئۇيغۇر ياشلىرىغا قارىغاندا ئىجتىمائىي سەرمايە جەھەتلەردىنمۇ پايدىلىق ئورۇنغا ئىگە بولۇۋالدى. كۇلتۇر ۋە ئىجتىمائىي سەرمايە ئوتتۇرىسىدىكى بۇ پەرق تەبىئىي ھالدا ئۇيغۇر ياشلىرى بىلەن خىتاي ياشلىرى ئوتتۇرىسىدا سۈركىلىش پەيدا قىلىپ، تېخىمۇ تەڭسىز ۋەزىيەت شەكىللەندۈردى . قىسقىسى، بوردىيونىڭ نەزەرىدىكى سەرمايە كۈچ ۋە بايلىقتۇر.

توقۇنۇش نەزەرىيەسى توقۇنۇش ۋە سۈركىلىشنىڭ مەنبەسىنىڭ جەمئىيەت قۇرۇلمىسى، خاراكتېرى

ۋە شەكلى بىلەن زىچ مۇناسىۋەتلىك ئىكەنلىكىنى تەكىتلەيدۇ. يەنى بارلىق مەسىلىلەرنىڭ تېگىدە جەمئىيەتنىڭ ئۆزى ياتىدىغانلىقىنى تەشەببۇس قىلىدۇ. توقۇنۇش نەزەرىيەسىنىڭ قارىشىچە، جەمئىيەت ئەسلىدىنلا كۆچ تەڭسىزلىكلىرىنى ئاساس قىلىپ قۇرۇلىدۇ، كۆچ تەڭسىز ھالەتتە تەقسىم قىلىنغان جەمئىيەتتە چوقۇم توقۇنۇش ۋە سۈركىلىش يۈز بېرىدۇ. چوڭلار بۇ تۈزۈمدىن قانداق نېسىۋىسىنى ئالغان بولسا، ئوخشاشلا ياشلارمۇ بۇ تەڭسىزلىكتىن نېسىۋىسىنى ئالىدۇ. ئەمما بۇ توقۇنۇش ۋە سۈركىلىش جەمئىيەتتە فۇنكسىيەلىك رول ئوينايدۇ. كۈنىمىزدە جەمئىيەت قۇرۇلمىسىنىڭ ئۆزگىرىشىدە رول ئويناۋاتقان ئامىللار ئىچىدە تېخنولوگىيەلىك تەرەققىياتلار باشقا ئامىللارغا قارىغاندا نىسبەتەن مۇھىم رول ئوينايدۇ، دېيىشكە بولىدۇ. تېخنولوگىيەلىك تەرەققىياتلارنىڭ مەھسۇلاتى بولغان ئۇچۇر ئالاقە ۋاستىلىرى، تېلېۋىزور، ئىجتىمائىي تاراتقۇلار ياشلارنىڭ ئىجتىمائىيلىشىشىدا مەلۇم دەرىجىدە رول ئويناۋاتىدۇ، ئائىلىلەر پەرزەنتلىرىنىڭ ئىجتىمائىيلىشىشىدا يېتەرلىك دەرىجىدە رول ئويناشتىن ئاجىز كېلىۋاتىدۇ، بىر قىسىم ياشلار نورمىلار، قائىدە-يوسۇنلار ۋە قەدىرىيەتلەرگە ماس ھەرىكەت قىلالمايۋاتىدۇ. مائارىپ، سەھىيە ۋە تەنتەربىيە قاتارلىق مۇلازىمەتلەردىن يېتەرلىك دەرىجىدە پايدىلىنالمايۋاتىدۇ، بولۇپمۇ ئىقتىسادىي جەھەتتىن يېتەرلىك مەنبەگە ئىگە بولالمايۋاتىدۇ. توقۇنۇش نەزەرىيەسى بۇ ئەھۋاللارنى جەمئىيەت تۈزۈلمىسىدىكى كۆچ تەڭسىزلىكىگە باغلاپ چۈشەندۈرىدۇ. بۇ نەزەرىيەگە ئاساسەن، خىتاي بەرپا قىلغان سىياسىي، كۇلتۇر، ئىقتىسادىي، مائارىپ ۋە ئىجتىمائىي تۈزۈلمىلەر ماھىيىتى ۋە تەبىئىتى نۇقتىسىدىن ئادالەتسىز بولۇپ، بۇلارنى شەرقىي تۈركىستانلىقلار بولۇپمۇ ئۇيغۇرلارنىڭ بېشىغا كەلگەن بارلىق مەسىلە، زۇلۇم ۋە كۈلپەتلەرنىڭ مەنبەسى دېگەن خۇلاسىگە كېلىشكە بولىدۇ.

## 3.2. سىمۋوللۇق ئالاقە نۇقتىسىدىن ياشلىق نەزەرىيەسى

سىمۋوللۇق ئالاقە نەزەرىيەسىنىڭ چىقىش نۇقتىسىنى ئىجتىمائىي مۇناسىۋەتلەر تەشكىل قىلىدۇ. بىراۋنىڭ گۇرۇپپىدىكى ئورنىغا ئۇنىڭ پائالىيەت ۋە ئىش- ھەرىكەتلىرىنى ئاساس قىلغان ھالدا مەركەزلىشىدۇ. سىمۋوللۇق ئالاقە نەزەرىيەسىنىڭ غوللۇق ۋەكىللىرىدىن بىرى بولغان مېدنىڭ قارىشىچە، بىر ئىنساننىڭ ئۆزلۈكى ئۇنىڭ بىئولوگىيەلىك ۋە پسىخىكىلىق ئۆزى بىلەن ئىجتىمائىي قېلىپ ۋە ئەندىزىلەرنىڭ دىئالېكتىلىك مۇناسىۋىتى نەتىجىسىدە مەنە ۋە قىممەتكە ئىگە بولىدۇ. بۇ نۇقتىدىن ئۆزلۈك ئىجتىمائىي قۇرۇلمىنىڭ نورمىلىرى ۋە قەدىرىيەتلىرىنىڭ، ئۆگىنىش ۋاستىسى ئارقىلىق سىڭدۈرۈلۈشىنى ياكى بۇلارغا قارىتا بىراۋنىڭ سۇبيېكتىپ قارىشىنىڭ ئىپادىلىنىشىنى كۆرسىتىدۇ. بۇ ئەھۋالدا ياشلار جەمئىيەتنىڭ كۇلتۇر قېلىپلىرىنى، ئەندىزىلىرىنى ئۆگىنىش بىلەن بىرگە، بۇلار ھەققىدە مەلۇم كۆز قاراشلارغا ئىگە بولىدۇ ۋە بۇلارغا مەنە يۈكلەيدۇ. ياشلارنىڭ ئۆزلۈكى جەمئىيەتتە باشقا شەخسلەرنىڭ رولىنى ئۆتەشنى ئۆگەنگەندە ۋە مەلۇم ئويۇنغا قاتناشقاندا تەرەققىي قىلىدۇ. ياشلار يالغۇز قالغاندىكى ئەھۋالى بىلەن باشقىلار بىلەن بىرلىكتە ھەرىكەت قىلغاندىكى ھالىتىنىڭ پەرقلىق ئىكەنلىكىنى بىلىدۇ. چۈنكى باشقىلار بىلەن بىرلىكتە بولغاندا ئويۇننىڭ قائىدىلىرىگە ۋە ئۆزگىلەرنىڭ روللىرىنى نەزەرگە ئېلىشقا مەجبۇردۇر. بۇ جەرياندا ياشلار ئىجتىمائىي تۇرمۇشنىڭ قائىدىلىرىگە ماسلىشىش بىلەن بىرگە، ئىجتىمائىي تۇرمۇش ھەققىدە مۇئەييەن قاراشلارغا ئىگە بولىدۇ، يەنى ياشلار جەمئىيەت قائىدىلىرىگە ماسلاشقاندىن سىرت، جەمئىيەت قائىدىلىرىنى ئۆزىنىڭ نۇقتىسىدىن ئىزاھلاپ چۈشىنىپ ماڭىدۇ[30]. ياشلار ھاياتىنىڭ بۇ مەزگىلىدە ئىشلەتكەن تىل، ئىشارەتلەرنىڭ نېمىلەر ئىكەنلىكى

ۋە بۇلارنىڭ مەنىسى ھەققىدە مەلۇماتقا ئىگە بولىدۇ. بۇ مەلۇماتلار باشقىلار بىلەن مۇناسىۋەت ئورناتقاندا ئوخشىمىغان مەنە ۋە چۈشىنىشلەرگە سەۋەب بولىدۇ. يەنى ياشلار ئۆزى ئالاقە ئىچىدىكى گۇرۇپپىنىڭ ئالاقە شەكىللىرىنىڭ مەنىلىرىنى تاللايدۇ، شاللايدۇ، كونترول قىلىدۇ، قايتىدىن ئىزاھلايدۇ، ھەتتا ئۆزگەرتىدۇ. ياشلارنىڭ بۇ پائالىيىتى قېلىپلىشىپ كەتكەن ئىجتىمائىي قېلىپلارغا تولۇق بويسۇنۇشتىن ھالقىپ، ئۆزلىرىنىڭ ھەرىكەتلىرىگە ئۆزلىرى ئىگە ۋە خوجا بولۇپ يېتەكلەيدۇ ۋە ھەرىكەت شەكىللىرىنى ئۆزلىرى شەكىللەندۈرىدۇ. قىسقىسى، ياشلار پاسسىپ ئويۇنچى بولۇشتىن ھالقىپ ئاكتىپ ئويۇنچى بولىدۇ. سىمۋوللۇق ئالاقە نەزەرىيەسى نۇقتىسىدىن ياشلار ئۆز ھاياتىنى ئۆزى شەكىللەندۈرىدۇ. چۈنكى ياشلار ئىجتىمائىي مۇناسىۋەتلەردە بىر تەرەپتىن جەمئىيەت نورمىلىرىغا يۈزلەنسە، يەنە بىر تەرەپتىن ئۆز قائىدىلىرىنى تىكلەپ ماڭىدۇ. لېكىن ياشلارنىڭ ئۆزلىرى بېكىتكەن قائىدىلىرىنى ئۆزگەرمەس تۇتۇۋالمايدۇ، بەلكى شارائىتقا ئاساسەن ئۆزگەرتىپ ماڭىدۇ.[31]

### 4.2. گۇرۇھ كۇلتۇر نەزەرىيەسى

ھەر جەمئىيەتتە ھۆكۈمران ۋە غول كۇلتۇر ئىچىدە ياشلار ئۆزلىرىنى پەرقلىق تەرىقىدە ئىپادىلەش مەقسىتىدە ئوتتۇرىغا قويغان ئۆزگىچە نورما، قائىدە ۋە قەدرىيەتلەرگە ئاساسەن ھەرىكەت قىلىدىغان گۇرۇھ كۇلتۇر مەۋجۇتتۇر. بۇ كۇلتۇرنىڭ ئالاھىدىلىكىنى كىيىم كىيىش شەكلى، ئاڭلايدىغان مۇزىكا، چاچ پوسۇنى، ئالاقە ۋاسىتىلىرى، تىل ئۇسلۇبلىرى، قائىدە ۋە نورمىلىرىغا ئوخشاش تەركىبلەر شەكىللەندۈرىدۇ. گۇرۇھ كۇلتۇرگە ئىگە ياشلار ئۆزلىرىنى ئاقلاش، چوڭلار تاڭغان ياكى تەۋسىيە قىلغان قائىدىلەر،نورمىلار ۋە قەدرىيەتلەرگە قارشى چىقىش، روھىي دۇنياسىدىكى ئىسيانىي ئاشكارىلاش، ئۆز تاللاشلىرىغا، مايىللىقلىرىغا ھۆرمەت قىلىنىشىنى كۈتۈش مەقسىتىدە ھەرىكەت قىلىدۇ.[32]

ياشلار بېقىندى ۋە بالىلارچە ھەرىكەت قىلىشتىن قۇتۇلۇپ مۇستەقىل ۋە ئەركىن بولۇشقا يۈزلىنىدۇ ۋە ئائىلە قۇرۇلمىسى ۋە ئاتا-ئانىسى تەۋە بولغان ئىجتىمائىي-ئىقتىسادىي گۇرۇپپىنىڭ سەۋىيەسىگە ئاساسەن ئىجتىمائىيلىشىدۇ. بۇ سەۋەبتىن ھەر ئائىلىنىڭ پەرزەنت تەربىيەلەش ئۇسۇلى، ئالاقە شەكلى، ئىگە بولغان كۇلتۇر، ئىجتىمائىي ۋە ئىقتىسادىي سەرمايىلىرى پەرقلىق بولىدۇ. بولۇپمۇ ئىقتىسادىي ۋە كۇلتۇر سەرمايىسىنىڭ ئازلىقى ياكى كۆپلىكى مۇئەييەن تەبىقە ۋە دەرىجە پەرقى پەيدا قىلىدۇ. نەتىجىدە ئائىلىنىڭ ئىجتىمائىي-ئىقتىسادىي سەۋىيەسى ئۆزگىچە مۇناسىۋەت تۈرى شەكىللەندۈرىدۇ. بۇ ئەھۋالدا ئوخشىمىغان ئىجتىمائىي-ئىقتىسادىي سەۋىيەدىكى ئائىلىلەرنىڭ پەرزەنتلىرىدە كۆرۈلگەن كەمتۈك ئىجتىمائىيلىشىش ياشلارنىڭ ئائىلىسىدىن ئايرىم، ئۆز ئالدىغا مۇستەقىللىقنى جاكارلاپ ئاسىي ھەرىكەتلەرنى قىلىدىغان بىر كۇلتۇرنىڭ شەكىللىنىشىگە سەۋەب بولىدۇ. جەمئىيەتنىڭ ئومۇمىي نورمىلىرى ۋە قەدرىيەتلىرىگە قارشى چىققان ياشلار ئۆزلىرىگە خاس ئالاقە شەكلى شەكىللەندۈرۈپ ئىجتىمائىي مۇئەسسەسەلەرگە قارشى چىقىدۇ ۋە ئىسيانكار بولۇشقا باشلايدۇ، مۇنداقچە قىلىپ ئېيتقاندا تاپتىن چىقىدۇ.[33]

ئادەتتە شەھەرنىڭ چەترەك رايونلىرىدا تۆۋەن سەۋىيەلىك تۇرمۇش ئىمكانىيەتلىرىگە ئىگە تۆۋەن ئىجتىمائىي-ئىقتىسادىي، ئوتتۇرا ئىجتىمائىي-ئىقتىسادىي ۋە ئۈستۈن ئىجتىمائىي-ئىقتىسادىي سەۋىيەلەردىكى ياشلار شەكىللەندۈرگەن گۇرۇھ كۇلتۇرلار، پەرقلىق تەرزلەردە ئومۇمىي ۋە غول كۇلتۇرگە زىت ھالدا ھەرىكەت قىلىپ ئاسىيلارچە ھەرىكەت قىلىدۇ ۋە جەمئىيەتتە سۈركىلىش پەيدا قىلىدىغان قىلمىشلارنى قىلىدۇ. گۇرۇھ كۇلتۇرنى قوبۇل قىلغان ياشلار ئۆزگە خاس

ئۇسۇلدا تەشكىللىنىپ گۇرۇپپا ۋە مۇناسىۋەت تورى شەكىللەندۇرىدۇ ۋە چوڭلارنىڭ تەبىرى بويىچە تاپتىن چىقىدۇ. ياشلارنىڭ بۇ تەشكىللىنىشى جەمئىيەتنىڭ نورمىلىرى، قائىدىلىرى ۋە قەدىرىيەتلىرىگە زىت بولۇش بىلەن بىرگە، ياشلارنىڭ بۇ گۇرۇپپىسىغا تەۋە يېڭى نورمىلار ۋە قائىدىلەرنىڭ ئوتتۇرىغا چىقىشىغا سەۋەب بولىدۇ. ئولتۇراقلاشقان ماكانلارنىڭ ياشلارنىڭ گىرۇۋەك كۇلتۇر شەكىللەندۇرۇشتە مۇھىم رول ئوينايدىغانلىقى تەكىتلىنىدۇ. مۇنداقچە قىلىپ ئېيتقاندا، ياشلار ۋە ئائىلىسى ئولتۇراقلاشقان ماكانلىرى ۋە پەرقلىق تۇرمۇش شەكىللىرى ياشلارنىڭ گىرۇۋەك كۇلتۇر شەكىللەندۇرۇشىدە رول ئوينايدۇ[34].

## 3. تاپتىن چىقىش (deviation)

تاپتىن چىقىش رەسمىي ۋە غەيرى رەسمىي قائىدە-يوسۇنلارغا زىت ئىش-ھەرىكەتلەرنى كۆرسىتىدۇ. جەمئىيەتشۇناسلىق نۇقتىسىدىن، جەمئىيەتنىڭ ئورتاق ئېتىقاد ۋە ھەرىكەت قېلىپلىرىنى ئورتاقلاشقان كىشىلەر نورمال دەپ قارالسا، بۇلارغا زىت ھەرىكەت قىلغۇچىلار تاپتىن چىققۇچىلار ھېسابلىنىدۇ. ئومۇمەن جەمئىيەتتە ياخشى كۆرۈلمەيدىغان، قارشى ئېلىنمايدىغان سەلبىي قىلمىشلارنىڭ بەزىلىرى تاپتىن چىقىشقا مىسال بولالايدۇ. تاپتىن چىقىش ئىجتىمائىي مەسىلە بولسىمۇ، لېكىن بارلىق ئىجتىمائىي مەسىلىلەر تاپتىن چىقىش بولمايدۇ. ئىشسىزلىق بىر ئىجتىمائىي مەسىلىدۇر، لېكىن تاپتىن چىقىش ئەمەس. جەمئىيەتتىكى ھەرىكەت قېلىپلىرىغا يېتەكچىلىك قىلىدىغان، شەكىللەندۇرىدىغان، جەمئىيەت تەرىپىدىن قوبۇل قىلىنغان بىر قاتار نورمىلار بار بولۇپ، ھەر جەمئىيەت ئۆزىگە خاس ئىجتىمائىي كونترول مېخانىزملىرى تۇرتكىسىدە ئەزالىرىنىڭ بۇ نورمىلارغا رىئايە قىلىشىنى تەلەپ قىلىدۇ، بۇ نورمىلارغا رىئايە قىلىنمىسا ئىجتىمائىي بېسىم شەكىللىنىدۇ ۋە بۇنداق ئەھۋالدا كونترولدىن چىقىش ھادىسىسى مەيدانغا كېلىدىغان بولۇپ، بۇنىڭغا تاپتىن چىقىش دېيىلىدۇ. ئىنسان ئۆزى ئۇچۇن قائىدە بېكىتەلەيدىغان، نورمىلار، ئۆلچەملەر ۋە قەدىرىيەتلەر شەكىللەندۇرەلەيدىغان ئىجتىمائىي مەخلۇق بولۇپ، باشقا تۈرلىرى بىلەن بىرلىكتە ياشاش ئۇچۇن ئورتاق ھەرىكەت شەكىللىرى، ئورتاق سىمۋوللار،قەدىرىيەتلەرنى ۋۇجۇدقا كەلتۇرىدۇ ۋە بۇلارنى ئەۋلادتىن ئەۋلادقا يەتكۇزىدۇ. قائىدىلەرنى بېكىتكەن ئىنسان بۇلارغا ماس ھەرىكەت قىلىش ئۇچۇن ئۆزىگە بېسىم قىلىشقا مەجبۇر، چۈنكى قائىدىلەر ۋە نورمىلارنىڭ كۆپ قىسمى ئىنسانلارنىڭ ئارزۇ- ھەۋەسلىرى، نەپسىگە زىتتۇر[35].

رەسمىي قائىدىلەرگە زىت قىلمىش سادىر بولغاندا قانۇنىي جەھەتتىن جازا يۈرگۈزۈلىدۇ. غەيرى رەسمىي قائىدە-يوسۇنلار ۋە نورمىلارغا زىت ھەرىكەت يۈز بەرگەندە بەزىدە بۇ ھەرىكەت دىققەت تارتمىسا، بەزىدە چەتكە قېقىلىدىغان،مەسخىرە قىلىنىدىغان جازالار ئېلىپ بېرىلىدۇ. جەمئىيەت ئەزالىرىدىن نورمىلارغا، قائىدە-يوسۇنلىرىغا، ئۆرپ-ئادەتلىرىگە ۋە قەدىرىيەتلىرىگە ماس ھەرىكەت قىلىشىنى تەلەپ قىلىدۇ، كۈتىدۇ ۋە بۇنى ئىشقا ئاشۇرۇش ئۇچۇن بېسىم ئىشلىتىدۇ. بۇ بېسىم جەمئىيەت ئەزالىرىنىڭ قائىدىلەرگە ماس ھەرىكەت قىلىشىدا رول ئوينايدۇ، لېكىن جەمئىيەت ئەزالىرىنىڭ ھەممىسى قائىدىلەرگە، نورمىلارغا ماس ھەرىكەت قىلمايدۇ. تاپتىن چىقىش ھەر ۋاقىت سەلبىي مەنىگە ئىگە بولسىمۇ، قائىدە-يوسۇنلارغا زىت ھەرىكەتلەر ھەر ۋاقىت سەلبىي ھەرىكەت شەكىللەندۇرمەيدۇ. بەزى ئەھۋاللاردا قائىدە-يوسۇن ۋە نورمىلارغا زىت ھەرىكەت سادىر بولۇشنىڭ ئەكسىچە، ئۇ ھەرىكەت ئىجابىي ۋە جەمئىيەت تەرىپىدىن قوبۇل قىلىنىدۇ،

ئىجتىمائىي قائىدە-يوسۇنلار ۋە نورمىلار ئەنئەنە، ئۆرپ-ئادەتلەر ۋە كۇلتۇرلەرگە ئاساسەن ئوخشاش بولمايدۇ. بەزى جەمئىيەتلەردە جازاغا ئۇچرايدىغان بىر قىلىق باشقا بىر جەمئىيەتتە نورمال بولىدۇ[36]. ئۇيغۇرلاردا يەرگە تۈكۈرۈش ۋە مەشقىرىش ئەيىب سانالسا، خىتايلاردا نورمال ھېسابلىنىدۇ، نورمال ۋاقىتلاردا ئادەم ئۆلتۈرۈش جىنايەت ھېسابلانسا، ئۇرۇشتا ئۆزى قوغداش ئۈچۈن ئادەم ئۆلتۈرسە نورمال ھېسابلىنىدۇ.

تاپتىن چىقىشنىڭ تۆت خىل تۈرى بار بولۇپ، ئۇلار رەسمىي، غەيرى رەسمىي، سەلبىي ۋە ئىجابىي قاتارلىقلاردىن ئىبارەت. رەسمىي تاپتىن چىقىش قانۇنلارغا خىلاپلىق قىلىش، جىنايەت سادىر قىلىشنى كۆرسىتىدۇ. غەيرى رەسمىي تاپتىن چىقىش بولسا ئۆرپ-ئادەت، ئەنئەنە، نورمىلار، قائىدە - يوسۇنلار، قەدرىيەتلەر ۋە ئىجتىمائىي قانۇنلارغا زىت ھەرىكەت سادىر بولغاندا پەيدا بولىدۇ. ئىجابىي تاپتىن چىقىش جەمئىيەتنى تەرەققىي قىلدۇرىدىغان يېڭىلىقلارنى كۆرسەتسە، سەلبىي تاپتىن چىقىشلار جەمئىيەتتە ئەيىب سانىلىدىغان، قارشى ئېلىنمايدىغان ئىش- ھەرىكەتلەرنى كۆرسىتىدۇ. تاپتىن چىقىش بىلەن جىنايەت ئوتتۇرىسىدا ئورتاقلىق ۋە ئوخشاشلىق بولسىمۇ، يەنىلا پەرقلىنىدۇ. تاپتىن چىقىش جىنايەتكە قارىغاندا دائىرىسى كەڭ بولىدۇ. بارلىق جىنايەتلەر تاپتىن چىقىش بولىدۇ، لېكىن بارلىق تاپتىن چىقىشلار جىنايەت ھېسابلانمايدۇ. قانۇنلارغا زىت ھەرىكەت قىلىش جىنايەت ھېسابلانسا، تاپتىن چىقىشقا نۇرغۇن ئامىل سەۋەب بولىدۇ. تاپتىن چىقىشلارنىڭ ھەممىسى جىنايەت دائىرىسىگە كىرمەيدۇ. تاپتىن چىقىش كوللېكتىپ ئەيىبلەشكە دۇچ كېلىدۇ. ئىنسانلار تاپتىن چىققان شەخس ياكى شەخسلەرگە قارشى تەدبىر قوللىنىشنى ۋە جازا يۈرگۈزۈشنى ئويلايدۇ. تاپتىن چىقىش كوللېكتىپنىڭ ئەيىبلىشىگە دۇچ كەلگەندىن سىرت، تامغىلاشنىمۇ پەيدا قىلىدۇ. يەنى تاپتىن چىققانلارغا قالپاق كىيدۈرۈلىدۇ ۋە تامغىلىنىدۇ. تامغىلانغان شەخسلەر بۇ تامغىدىن ئاسان قۇتۇلالمايدۇ. تامغىلانغان بەزى شەخسلەر تامغىدىن قۇتۇلۇش ئۈچۈن ھەرىكەت قىلسىمۇ، بەزىلىرى تامغىلاشنىڭ زور تەسىرىگە ئۇچراپ تېخىمۇ تاپتىن چىقىدۇ.

زەھەرلىك چېكىملىككە خۇمار بولۇپ قېلىش جەمئىيەتتە كۆرۈلگەن تاپتىن چىقىش قىلمىشلىرىدىن بىرى بولۇپ، بۇ ھادىسە جەمئىيەتكە نۇرغۇن جەھەتتىن تەسىر كۆرسىتىدۇ. زەھەرلىك چېكىملىككە خۇمار بولۇپ قالغۇچىلار زەھەرلىك چېكىملىكنى ساقلاش، سېتىش، ئۇنىڭغا ئېرىشىش ئۈچۈن جەمئىيەت تەرىپىدىن ئەيىبلىنىدىغان قىلمىشلارنى ئاسانلا سادىر قىلىدۇ ۋە زەھەرلىك چېكىملىك تەسىرىدىن جىنايەت سادىر قىلىدىغان ياكى جىنايەت سادىر قىلىشقا مايىل كىشىلەر بىلەن ئالاقە ئورنىتىپ جەمئىيەتنىڭ قەدرىيەت، نورمال ۋە قائىدىلىرىدىن يىراقلىشىدۇ. زەھەرلىك چېكىملىككە خۇمار بولۇپ قالغۇچىلارنىڭ نورمال ئىجتىمائىي ئالاقىسى بۇزۇلىدۇ، ئىجتىمائىي قەدرىيەتلەردىن مەھرۇم قېلىپ، ئۆزى ئەھمىيەت بېرىدىغان ياكى چوڭ بىلىدىغان «قەدرىيەت»لەرنى شەكىللەندۈرىدۇ. ئۇلار ئۆزىگە خاس ئىجتىمائىي مۇھىت ۋۇجۇدقا چىقىرىپ، باشقا «تەقدىرداش»لىرى بىلەن «ئورتاق بەختەرلىك تۈرى ۋە مۇھىتى» پەيدا قىلىدۇ. بۇ «ئورتاق بەختەرلىك تۈرى ۋە مۇھىت» ئۇلارغا نىسبەتەن ئايرىم بىر دۇنيا شەكىللەندۈرۈپ، نورمال ئىجتىمائىي گۇرۇپپىدىن پەرقلەندۈرۈپ تۇرىدۇ. جەمئىيەت تەرىپىدىن تاپتىن چىقىش دەپ قارىلىدىغان قەدرىيەت ۋە نورمىلارنىڭ زەھەرلىك چېكىملىككە خۇمار بولۇپ قالغۇچىلارغا نىسبەتەن قىممىتى بولمايدۇ. زەھەرلىك چېكىملىككە خۇمار بولۇپ قېلىش بىراۋنىڭ ئۆزگىلا قاراتقان زوراۋانلىق بولماستىن، ئىجتىمائىي مۇناسىۋەتلەرنى تەرتىپكە سالىدىغان قەدرىيەت سىستېمىلىرىغا قارشى سادىر قىلىنغان ئىنكاستۇر[37].

تاپتىن چىقىشنىڭ سەۋەبلىرىنى تۆۋەندىكى بىر نەچچە نۇقتىغا يىغىنچاقلاش مۇمكىن:

- بىراۋ ئىجتىمائىي بېسىمدىن قۇتۇلۇپ «ئەركىن ۋە مۇستەقىل»بولماقچى بولغاندا،
- جەمئىيەتتە تاپتىن چىقىش قىلمىشلىرىغا قارشى جازالار، بېسىملار ۋە ئىجتىمائىي كونترول ئاجىزلاشقاندا،
- تاپتىن چىقىشقا قارشى جازا ۋە بېسىملارنى ئەمەلىيلەشتۈرۈشكە سەل قارالغاندا،
- ئىشسىزلىق، ئادالەتسىز كىرىم تەقسىماتى، نامراتلىق، نادانلىققا ئوخشاش ئىجتىمائىي ھادىسىلەر كۆپەيگەندە،
- بىراۋنىڭ كىشىلىك خاراكتېرىنىڭ ئاجىز بولۇشى،نېرۋا ئاجىزلىقى،
- تاپتىن چىققۇچىلارنىڭ قىلمىشىنى ئاقلاشقا باشلىغاندا،
- جەمئىيەت نورمىلىرى ۋە قائىدىلىرىنىڭ قىممىتى، رولى ۋە مەزمۇنى ئېنىق بولمىغاندا، شۇنداقلا بىراۋ جەمئىيەت نورمىلىرى ۋە قائىدىلىرىنىڭ قىممىتى، رولى ۋە مەزمۇنىنى ئېنىق چۈشىنەلمىگەندە، بىراۋنىڭ ئىجتىمائىي رول ۋە مەسئۇلىيىتىنىڭ پاسىللىرىنى ۋەدائىرىسىنى ئاڭقىرالمىغاندا،
- تاپتىن چىقىشنى يوشۇرۇن سادىر قىلىش ئاسان بولۇشقا باشلىغاندا،
- گىرۋەك كۇلتۇرنىڭ بىراۋنىڭ تاپتىن چىقىشىنى نورمال دەپ قاراشقا ۋە تاپتىن چىققۇچىلارغە ئىگە چىقىشقا باشلىغاندا،
- ئەخلاق، ئېتىقاد، قەدرىيەتلەرنىڭ رولى ۋە قىممىتى ئاجىزلاشقاندا[38]،
- ئۇرۇش، ئىشغالىيەت،ئىقتىسادىي ۋە سىيا-سىي كىرىزىس، كۆچ، ئىنقىلابقا ئوخشاش زور ئۆزگىرىشلەر يۈز بەرگەندە (نۇرغۇن مەسىلىلەرگە دۇچ كېلىشى سەۋەبىدىن).
- كۇلتۇر توقۇنۇشلىرى، مەسىلەن: يېزىدىن شەھەرگە ياكى بىر دۆلەتتىن باشقا بىر دۆلەتكە كۆچكەن ئىنسانلار، يات بىر كۇلتۇر مۇھىتىغا كىرگەندە ئۇ كۇلتۇر ۋە جەمئىيەتكە ماسلىشىشتا قىيىنىلىپ سۈركىلىش ۋە توقۇنۇشقا دۇچ كەلگەندە،
- بىراۋنىڭ ئىجتىمائىيلىشىش جەريانىدا جەمئىيەتنىڭ كۇلتۇرىنى، ئۆرپ-ئادەتلىرىنى، قەدرىيەتلىرىنى، نورمىلىرىنى، ئېتىقاد سىستېمىلىرىنى، قائىدە-يوسۇنلىرىنى ئۆگىنەلمىگەندە ۋە بىراۋ جەمئىيەتكە ياتلىشىشقا باشلىغاندا،
- جەمئىيەت ۋە مىللەت تەرىپىدىن قوبۇل قىلىنغان مەقسەتلەر بىلەن بۇلارنى ئىشقا ئاشۇرۇش ئۇسۇللىرى ۋە ۋاستىلىرى ئوتتۇرىسىدىكى مۇۋازىنەتسىزلىكلەر. مەسىلەن: كۈنىمىزدە بەزى كىشىلەرگە نىسبەتەن مۇھىم مەقسەتلەردىن بىرى ئۇتۇق قازىنىشتۇر، بۇ بىراۋنىڭ مەدەنىيەت ساپاسى بىلەن ئۆلچىلىنىدۇ. بۇ سەۋەبتىن يېتەرلىك شارائىتى، ئىمكانىيىتى، ماددىي كۈچى ۋە قابىلىيىتى بولمىغان بەزى ئىنسانلارنىڭ ئۇتۇق قازىنىشتىن ئىبارەت مەقسىتىگە يېتىشى ئىنتايىن قىيىن بولىدۇ. جەمئىيەتتە ئۇتۇق قازىنىش مەقسىتى بولغان لېكىن مەقسىتىگە يەتكۈزىدىغان يوللارنىڭ يېپىق ئىكەنلىكىنى كۆرگەن بەزى ئىنسانلار، مەقسىتىگە يېتىش ئۈچۈن ناتوغرا يوللارنى تاللاپ تاپتىن چىقىشى مۇمكىن. ئوغرىلىق، يالغانچىلىققا ئوخشاش ئىشلارنى قىلىپ مەقسىتىگە يېتىشى مۇمكىن.

تاپتىن چىقىش نەتىجىسىدە كېلىپ چىقىدىغان بەزى سەلبىي نەتىجىلەر تۆۋەندىكىچە:

- جەمئىيەتنىڭ قەدرىيەتلىرى، نورمىلىرى، ئەخلاقىي ئۆلچەملىرى، قائىدە- يوسۇنلىرى،

ئېتىقاد سىستېمىلىرىنىڭ تەسىرى، قىممىتى ۋە مەنىسى ئاجىزلايدۇ. بۇنداق ئەھۋالدا بىراۋ قايسى ئىش-ھەرىكەتنىڭ توغرا، قايسىسىنى خاتا ئىكەنلىكىنى پەرق ئېتىشتە قىينىلىدۇ. بولۇپمۇ بىراۋ خاتا ئىش-ھەرىكەتلىرىنىڭ يېتەرلىك جازاغا، بېسىمغا ئۇچرىمىغانلىقىنى بىلسە قەدرىيەت ۋە نورمىلارنىڭ كۈچىدىن گۇمانلىنىشقا باشلايدۇ ۋە تاپتىن چىقىشنى داۋاملاشتۇرىدۇ.

- ئىقتىسادىي مەنبەلەرنىڭ ئىسراپ قىلىنىشىنى كەلتۈرۈپ چىقىرىدۇ. مائارىپ، سەھىيە، بىلىم ۋە تېخنولوگىيەگە ئوخشاش مۇھىم ساھەلەرگە ئاجرىتىلىدىغان ئىقتىسادىي مەنبەلەر تاپتىن چىقىش قىلمىشىنىڭ ئالدىنى ئېلىشقا قوللىنىلىدۇ.
- جەمئىيەت ۋە مىللەت بىلەن بىراۋ ئوتتۇرىسىدىكى ئىشەنچ، باغلىنىش رىشتىسى ئاجىزلايدۇ. چۈنكى ئىنسان ئۆزگىلەرنىڭمۇ ئۆزىگە ئوخشاش جەمئىيەتنىڭ قائىدە-يوسۇنلىرىغا، نورمىلىرىغا، قەدرىيەتلىرىگە ۋە ئەخلاق ئۆلچەملىرىگە رىئايە قىلىشىنى كۈتىدۇ. لېكىن ئىنساننىڭ بۇ كۈتۈشلىرى ئىشقا ئاشماي قالسا، ئۇنىڭ جەمئىيەت ۋە ئۇ جەمئىيەتنىڭ پۇقرالىرىغا بولغان ئىشەنچىسى ئاجىزلايدۇ. ئىنسان ئىش-ھەرىكەتلىرىدە جەمئىيەت قائىدىلىرىنى، نورمىلىرىنى، قەدرىيەتلىرىنى، ئېتىقاد سىستېمىلىرى نى ، كو للېكتىپنىڭ مەنپەئەتىنى ئەمەس، بەلكى شەخسىي مەنپەئەت، ئارزۇ-ئىستەك ۋە نەپسىنى ئالدىنقى ئورۇنغا قويىدۇ. ئىنساننىڭ ئۆزىگە، ئائىلىسىگە، ئۆزى تەۋە بولغان ئىجتىمائىي گۇرۇپپا، جەمئىيەت ۋە مىللەتكە بولغان مەسئۇلىيىتى ئاجىزلايدۇ. بىراۋنىڭ كوللېكتىپ كىملىكى سۇسلايدۇ، ئىنسان ئىنساندىن تەپ تارتمايدىغان ئەھۋال ئومۇملىشىدۇ.

قۇرۇلمىلىق فۇنكسىيەچىلىك نەزەرىيەسىنى قوبۇل قىلغان جەمئىيەتشۇناسلار تاپتىن چىقىش ھادىسىسىگە ئوبيېكتىپ ھادىسە سۈپىتىدە قارىسا، سىمۋوللۇق ئالاقە نەزەرىيەسىنى قوبۇل قىلغان جەمئىيەتشۇناسلار تاپتىن چىقىشنى سۇبيېكتىپ مەسىلە سۈپىتىدە قارايدۇ. رۇبىنتون ۋە ۋېيىنبېرگە ئوخشاش جەمئىيەتشۇناسلار قۇرۇلمىلىق فۇنكسىيەچىلىك نەزەرىيەسىنى قوبۇل قىلغان جەمئىيەتشۇناسلارنىڭ ئۈچ نۇقتىنى تۇتقا قىلىپ تاپتىن چىقىش ھادىسىنى ئانالىز قىلىدىغانلىقلىرىنى دەيدۇ:

- جەمئىيەتتىكى نورمىلار، قەدرىيەتلەر، قائىدە-يوسۇنلار ھەققىدە ئورتاق قاراش ۋە بىردەكلىك مەۋجۇتتۇر، بۇ ئورتاقلىق تەبىئىي ھالدا تاپتىن چىقىش ھادىسىسىنىڭ تەبىرىنىمۇ ئاسانلاشتۇرىدۇ.
- تاپتىن چىقىش ئەيىبلەش، ئىجتىمائىي كونترول، بېسىم ياكى قانۇنىي ھەرىكەتلەرگە ئوخشاش جازالارنى ھەرىكەتلەندۈرىدۇ.
- تاپتىن چىقىشقا قارىتىلغان ئىنكاسلار جەمئىيەتنىڭ ئورتاق قەدرىيەت، ئەخلاق ئۆلچەملىرى، نورمىلار ۋە قائىدە-يوسۇنلىرىنى رولىنى، قىممىتىنى يەنە بىر قېتىم تونۇپ يېتىشكە تۈرتكە بولىدۇ[39].

نوپۇزلۇق جەمئىيەتشۇناس ئېمىل دۇركھېيىم تاپتىن چىقىشنىڭ جەمئىيەتكە نىسبەتەن نورمال،ھەتتا زۆرۈر ئىكەنلىكىنى تەشەببۇس قىلىدىغان بولۇپ، تاپتىن چىقىشنىڭ تۆۋەندىكىدەك تۆت فۇنكسىيەسى بارلىقىنى ئەسكەرتىدۇ.

- تاپتىن چىقىش بىر جەمئىيەتنىڭ نورمىلىرى، قەدرىيەتلىرى ۋە قائىدىلىرىنى

ئەسلىتىپ ئۇلارنىڭ قىممىتىنى، نوپۇزىنى ۋە رولىنى مۇئەييەنلەشتۈرىدۇ. رەزىللىك بولماي تۇرۇپ ياخشىلىق بولمايدۇ ۋە جىنايەت، تاپتىن چىقىش بولماي تۇرۇپ ئادالەت تەجەللى بولمايدۇ.

- تاپتىن چىقىش ھادىسىسى بىلەن ئەخلاقىي پاسىللارنى پەرقلەندۈرگىلى ۋە سىزغىلى بولىدۇ، ئىنسانلار تاپتىن چىقىشنى پەرقلەندۈرۈش ئارقىلىق توغرىنى خاتادىن ئايرىيالايدۇ.
- ئېغىر تاپتىن چىقىش ھادىسىسى جەمئىيەت ئەزالىرىنى ئىتتىپاقلاشتۇرۇپ بۇنىڭغا قارشى ئىنكاس ھەتتا تەدبىر قوللىنىشقا مەجبۇرلايدۇ.
- تاپتىن چىقىش جەمئىيەتنىڭ ئەخلاقىي ئۆلچەملىرى، نورمىلىرى ۋە قەدىرىيەتلىرىگە بېسىم ئېلىپ كېلىدۇ ۋە بۇ ئەھۋال جەمئىيەتتە ئۆزگىرىش قىلىدۇ.

لېكىن جەمئىيەت ئەزالىرىنىڭ كۆپ قىسمى تاپتىن چىققاندا، ئىجتىمائىي نىزام ۋە ئەخلاق بۇزۇلۇپ يوق بولىدۇ. دۇركېھېيم جەمئىيەت ئەزالىرى رىئايە قىلىدىغان قائىدە-يوسۇنلارنى ئىجتىمائىي ۋىجدان دەپ تەبىرلەيدۇ. ئۇنىڭ قارىشىچە، ئىجتىمائىي ۋىجدان بولمىغان بولسا، ئىجتىمائىي مۇئەسسەسەلەر ياكى ئىجتىمائىي قاتلام ۋە سىنىپلاردا ئەخلاقنىڭ قىممىتى بولمايتتى[40].

فۇنكسىيەچىلىك نەزەرىيەسىنىڭ ۋەكىللىرىدىن بولغان ئېرىكسوننىڭ قارىشىچە، تاپتىن چىقىش ھادىسىسىنىڭ سەلبىي نەتىجىلىرىدىن سىرت، ئىجتىمائىي دىنامىكلىق نۇقتىسىدىن نورمال ۋە فۇنكسىيەلىك رولى بار. جەمئىيەتتە تولىمۇ مۇھىم شاللاش مېخانىزمى بار بولۇپ، بۇ مېخانىزم «ئىجتىمائىي كونترول»نى ئىشقا ئاشۇرىدۇ. ئىش-ھەرىكەتلىرى بۇ شاللاش مېخانىزمىدىن ئۆتمىگەن ئىنسانلار تاپتىن چىقىدۇ. بىر سىستېمىنىڭ غول تەشكىللىنىش ھەرىكىتىگە مەركەز- قېچىش نۇقتىسىدىن قارىغىلى بولىدۇ. جەمئىيەت مەركىزىدە غول قەدىرىيەت ۋە نورمىلار بار بولۇپ، سىستېمىنىڭ پاسىللىرىنىڭ گىرۋەكلىرىدىن مەركەزدىكى ئىش-ھەرىكەتلەرگە قارىتا بىر تارتىش كۈچى بولىدۇ. مەركەزگە يېقىنلاشقان ئىش-ھەرىكەتلەر جەمئىيەتتە مۇكاپاتلىنىدۇ، ئىش-ھەرىكەتلەر مەركەزدىن قانچىلىك ئۇزاقلاشسا، بۇ ئىش-ھەرىكەت تاپتىن چىقىش بولىدۇ[41].

تاپتىن چىقىشنى سۇبيېكتىپ مەسىلە سۈپىتىدە كۆرىدىغان سىمۋوللۇق ئالاقە نەزەرىيەسىنىڭ قاراشلىرى تۆۋەندىكىچە:

شەخس ۋە گۇرۇپپىلار بىر- بىرى بىلەن ئورتاق سىمۋوللار ئارقىلىق ئالاقە قىلىدۇ. ئىنسانلار بۇ سىمۋوللۇق ئالاقە ۋاسىتىلىرى ئارقىلىق بىر-بىرىنى تېپىلەشتۈرىدۇ، كاتېگورىيەگە ئايرىيدۇ، قاتلامغا بۆلىدۇ، خىلغا ئايرىيدۇ ۋە ئىش-ھەرىكەتلىرىنى بۇنىڭغا ئاساسەن فورمىلاشتۇرىدۇ ياكى قېلىپقا سالىدۇ.

بىر ئىش- ھەرىكەتنىڭ تاپتىن چىقىش دەپ تامغىلىنىشى، مەلۇم مەنىدىن ئېيتقاندا تاپتىن چىققان ياكى چىقمىغان، كېسەل ياكى ئەمەس، جىنايەتچى ياكى ئەمەس، ياخشى ياكى ئەمەس، رەزىل ياكى ئەمەس، خائىن ياكى ئەمەس دېگەنلەر ئوتتۇرىسىدا پەرق پەيدا قىلىدىغان سىمۋوللاشتۇرۇشتۇر.

كىشىلەر ئۆزگىلەرگە قارىتىلغان سۈپەتلەر، تەبىرلەر، تامغىلار، خۇسۇسىيەتلەر، لەقەملەر ۋە پوزىتسىيەلەرگە ئاساسەن ھەرىكەت قىلىدۇ. مەسىلەن: بىراۋ ئوغرى، كېسەل، نادان، خائىن، تاپتىن چىققۇچى، بۇزۇق دەپ تامغىلانسا، ئۇنىڭغا مۇشۇنداق مۇئامىلە قىلىنىشقا باشلىنىدۇ ياكى بىراۋ ئۆزگىلەرنى نادان، خائىن، بۇزۇق دەپ تامغىلاشقا باشلىغان ھامان، قارشى تەرەپكە مۇشۇنداق مۇئامىلە قىلىشقا باشلايدۇ.

تاپتىن چىقىش ھادىسىسىنى سۇبىيېكتىپ مەسىلە سۈپىتىدە قارايدىغان تامغىلاش نەزەرىيەسىمۇ، تاپتىن چىقىشنى نوقۇل تاپتىن چىققۇچىنىڭ ئىش- ھەرىكىتىنى تۇتقا قىلىش ئارقىلىق ئىزاھلىغىلى بولمايدىغانلىقىنى، بۇنداق ھەرىكەتلەرنى باشقا ئىجتىمائىي ھەرىكەتلەرگە ئوخشاش، نۇرغۇن ئىجتىمائىي ھەرىكەتلەر بىلەن بىرلىكتە ئىزاھلاش لازىملىقىنى ئەسكەرتىدۇ[42].

## 4. ئۇيغۇر ياشلىرىنىڭ ئومۇمىي ئەھۋالى

بۇ ئۇيغۇر ياشلىرى نۆۋەتتە ئىستانبۇل سەفا كۆي رايونىدىكى شەرقىي تۈركىستان ياشلار مەركىزى ۋە بۇ مەركەزنىڭ سىرتىدا تۇرۇۋاتقان بولۇپ، تۈرلۈك تەلىم-تەربىيە پىروگراممىلىرىغا ئىشتىراك قىلىش بىلەن بىرگە، تىرىكچىلىك بىلەنمۇ شۇغۇللانماقتا. بۇ ياشلار بۇرۇن زەھەرلىك چېكىملىككە كۆنۈپ قالغان لېكىن ھازىر ئۆزلىرىنىڭ ۋە شەرقىي تۈركىستان ياشلار مەركىزىنىڭ تىرىشچانلىقى ۋە كۈچ چىقىرىشى تۈرتكىسىدە مەلۇم دەرىجىدە زەھەرلىك چېكىملىكنى تاشلاپ نورمال ھاياتىنى داۋاملاشتۇرۇش ئۈچۈن ھەرىكەت قىلماقتا. سەفا كۆيدىكى شەرقىي تۈركىستان ياشلار مەركىزىدە تۇرۇۋاتقانلارنىڭ ئومۇمىي سانى 28 بولسا، سىرتتا تۇرۇۋاتقانلارمۇ مۇئەييەن نىسبەتنى ئىگىلەيدۇ. بۇ ياشلارنىڭ بەزىلىرى مەدرىسىدە ئوقۇغان بولسا، بەزىلىرى ئوتتۇرا مەكتەپنى پۈتتۈرگەن. ھازىر ئۇلارنىڭ توققۇزى ھۈنەر ئۆگىنىۋاتقان بولسا، 12 سى كۈنلۈك ياكى ئايلىق ئىشلەيدۇ(بەزىسى بىكار بولۇپ قالىدۇ)، يەتتىسى ئوقۇغۇچى بولۇپ، كۆرۈسقا بېرىپ ئىنگىلىزچە ئوقۇيدۇ. يىگىرمىگە يېقىن ياشلارنىڭ ئاتا- ئانىسى تىجارەتچى ۋە دېھقان بولسا، قالغانلىرىنىڭ ئاتا-ئانىسى كادىر بولۇپ خىزمەت قىلغان. نۆۋەتتە بۇ ياشلارنىڭ تۆتىنىڭ يېنىدا يا ئانىسى ياكى دادىسى بار، لېكىن ئاساسەن دېگۈدەك كۆپ قىسمىنىڭ ئاتا- ئانىسى ۋەتەندە ياشايدۇ. يېنىدا ئاتا-ئانىسى بولغان ياشلارنىڭ بولسا ئىككى تەرەپىنىڭ بىرسى ئۆگەي. بۇ ياشلارنىڭ شەرقىي تۈركىستان ياشلار مەركىزىگە تۇنجى كىرگەندە ئائىلىسى بىلەن پۈتۈنلەي ئالاقىسى يوق بولۇپ، مەركەزگە كىرىپ بىر مەزگىلدىن كېيىن ئالاقىسى تەدرىجى ئەسلىگە كەلگەن. ھەتتا بەزىلىرىنىڭ ئاتا- ئانىسى پات-پات شەرقىي تۈركىستان ياشلار مەركىزىگە كېلىپ ئۇلارنى يوقلاپ كەلگەن.

شەرقىي تۈركىستان ياشلار مەركىزى بۇ ياشلارغا قارىتا خىزمەت تېپىش، تۇرمۇش ئىشلىرىغا ياردەم قىلىش ۋە تۈرلۈك تەلىم- تەربىيە پروگراممىلىرى ئورۇنلاشتۇرۇش قاتارلىقلار پائالىيەتلەرنى ئېلىپ بارماقتا. شەرقىي تۈركىستان ياشلار مەركىزىدە ئەمەس، سىرتتا ئۆي ئىجارىگە ئېلىپ تۇرۇۋاتقان ئۇيغۇر ياشلىرىمۇ بار بولۇپ، بەش ئالتىسى بىر ئۆيدە تۇرىدۇ. زەھەرلىك چېكىملىككە كۆنۈپ قالغان بالىلارنىڭ سانى( خىروئىن) 40 تىن ئاشمايدۇ . بۇ ياشلارنىڭ 18 نى ھازىرغا قەدەر ئۆزلىرىنىڭ تىرىشچانلىقى ۋە شەرقىي تۈركىستان ياشلار مەركىزىنىڭ كۈچ چىقىرىشى ۋە ياردىمى ئاستىدا ئۈزۈلۈپ كەتكەن. قالغانلىرىنىڭمۇ ئۈزۈلۈپ كېتىشى ئۈچۈن بولسا تىرىشچانلىق كۆرسىتىۋاتقانلىقى بىلدۈرۈلمەكتە. نەشىگە كۆنۈپ قالغان بالىلار سانى ئېنىق ئەمەس، ئەمما مەلۇم ساندا نەشە چېكىدىغانلارنىڭ بارلىقى ئېنىق بولۇپ، بۇ ساننىڭ يۈز ئەتراپىدا ئىكەنلىكى تەخمىن قىلىنماقتا. مۇز ۋە مىت قاتارلىق دورىلارغا كۆنۈپ قالغانلارمۇ بار بولۇپ، بۇلارنىڭ سانى تەخمىنەن ئەللىك ئەتراپىدا. بۇ ياشلارنىڭ بەزىلىرى زەھەرلىك چېكىملىكنى ئويۇن- تاماشا سورۇنلىرىدا دوستلىرىنىڭ تەۋسىيە قىلىشى بىلەن چېكىشكە باشلىغان بولسا، بەزىلىرى ئۆزىنىڭ ئاچچىق قىسمەتلىرىنى ئۇنتۇش ۋە بۇ «رەھىمسىز دۇنيا«دىن

بۇرۇنراق كېتىش ئۈچۈن چېكىشكە باشلىغان. يەنە بەزىلىرى دوستلىرىنىڭ ئالدام خالتىسىغا چۈشۈپ ئۆگىنىپ قالغان بولسا، بەزىلىرى قىزلارنىڭ «بىر قېتىملىقتا ھېچنېمە بولمايدۇ» دېگەندەك گەپلىرىگە ئالدىنىپ چېكىشكە باشلىغان. شەرقىي تۈركىستان ياشلار مەركىزىنىڭ مەسئۇلىنىڭ دېيىشىچە، بۇ ياشلارنىڭ زەھەرلىك چېكىملىككە ئېرىشىدىغان يوللىرى نۇرغۇن بولۇپ، خىتايغا ئىشلەيدىغان كىشىلەر بۇ ئىشتا ئاساسلىق رول ئوينىغان، بۇنىڭدىن باشقا يەرلىكلەرمۇ بۇ ياشلارغا زەھەرلىك چېكىملىك ساتقان. بۇ ياشلار زەھەرلىك چېكىملىككە خۇمار بولۇپ قالغاندىن سىرت، ئېلىپ سېتىش، ھەتتا ئوغرىلىقتا ئارىلىشىپ قالغان.

ئىگىلىنىشىچە، بۇ ياشلارنىڭ ئائىلىسىدىن ھازىرغا قەدەر زەھەرلىك چېكىملىككە خۇمار بولۇپ قالغانلار چىقمىغان. لېكىن بۇ ياشلار بۇرۇن زەھەرلىك چېكىملىككە خۇمار بولۇپ قالغانلارنى كۆرگەن. بۇ ياشلار ئۆز-ئارا جەمئىيەت ۋە دۇنيانىڭ «رەزىل» ئىكەنلىكى توغرىسىدا پاراڭ سېلىشىدىكەن. نۆۋەتتە بۇ ياشلار ئۆزلىرىنىڭ زەھەرلىك چېكىملىك يولىغا كىرىپ قالغانلىقلىرى ئۈچۈن ناھايىتى ئەپسۇسلىنىدىكەن ۋە قايغۇرىدىكەن. ئۇلار بۇنىڭدىن تولۇق قۇتۇلۇش ئۈچۈن تىرىشچانلىق كۆرسىتىۋاتقان بولسىمۇ، لېكىن بۇ ئۇنچىۋىلا ئاسان بولمىغاچقا، بۇ قېيىنغا توختاۋاتقانلىقى مەلۇم[43].

## 5. ئۇيغۇر ياشلىرىنىڭ «تاپتىن چىقىشى»نىڭ نەزەرىيەۋى رامكىسى

بىر قىسىم ئۇيغۇر ياشلىرىنىڭ نېمە ئۈچۈن «تاپتىن چىققانلىقى»نى، جەمئىيەتشۇناسلىقنىڭ تارماق پەنلىرىدىن بولغان جىنايەت جەمئىيەتشۇناسلىقىدا ئاساسلىق ئورۇندا تۇرىدىغان ئىجتىمائىي رىشتە نەزەرىيەسى، بېسىم نەزەرىيەسى، ئىجتىمائىي ئۆگىنىش نەزەرىيەسى، ئەقلىي تاللاش نەزەرىيەسى ۋە ئىجتىمائىي تەرتىپسىزلىك نەزەرىيەسى قاتارلىقلارنى قوللىنىپ ئىزاھلاپ چىقىمىز.

ئىجتىمائىي كونترول نەزەرىيەسىنىڭ غوللۇق ۋەكىللىرىدىن بولغان، نەزەرىيەسىنى ھوببېس ۋە دۇركھېيىم قاتارلىق مۇتەپەككۇر ۋە جەمئىيەتشۇناسلارنىڭ قاراشلىرىنى ئاساس قىلىپ ئوتتۇرىغا قويغان تراۋىس ھىرسچى (Travis Hirschi)، تاپتىن چىقىش ۋە تاپتىن چىقىشنىڭ بىر تۈرى بولغان جىنايەتنى ئىزاھلاش ئۈچۈن ئىجتىمائىي رىشتە نەزەرىيەسىدىن پايدىلىنىدۇ. ئۇ تاپتىن چىقىشنى بىراۋنى جەمئىيەتكە باغلاپ تۇرىدىغان ئىجتىمائىي رىشتىلەرنىڭ ئاجىزلىشىشى ۋە ئۈزۈلۈشى بىلەن ئىزاھلايدۇ[44]. تراۋىسنىڭ ئىجتىمائىي رىشتە ئۇقۇمىنىڭ تېگىدە ئەسلىدە ماسلىشىش ئۇقۇمى ياتىدۇ. ئۇنىڭ قارىشىچە، ماسلىشىش بىراۋ ئىجتىمائىيلىشىش نەتىجىسىدە شەكىللىنىدىغان، بىراۋ بىلەن جەمئىيەت ئوتتۇرىسىدا تايىنىش-باغلىنىش(بېقىندىلىق، ساداقەت)، بېغىشلاش[45]، ئىشتىراك ۋە ئېتىقادتىن ئىبارەت تۆت غول تەركىبتىن تەشكىل تاپقان ئىجتىمائىي رىشتىدۇر. بۇ تەركىبلەر ئومۇمەن ئىجتىمائىي رىشتە شەكىللەندۈرىغان ئېلېمېنتلار بولۇپ، بۇ تۆت ئامىلنىڭ ھەر بىرى قانچىلىك كۈچلۈك بولسا، بىراۋنىڭ تاپتىن چىقىش ئېھتىمالى شۇنچە ئاز بولىدۇ. بىراۋ ئۆزى تەۋە بولغان ئىجتىمائىي گۇرۇپپا بىلەن مۇناسىۋىتى قانچىلىك ئاجىز بولسا، بىراۋ ئۇ گۇرۇپپىدىن شۇنچە يىراقلىشىدۇ. بۇ ئەھۋال بىراۋنىڭ تەۋە بولغان گۇرۇپپىسىدىن بەكرەك ئۆزىگە بولغان مايىللىقىنى كۈچەيتىدۇ، مۇنداقچە قىلىپ ئېيتقاندا، بىراۋ تەۋە بولغان گۇرۇپپىنى ئەمەس ئۆزىنىلا ئويلايدىغان

ۋە ئۆزىنىڭ مەنپەئەتىنى كۆزلەيدىغان بولىدۇ، مەنپەئەتى ۋە ھېرسى ئۈچۈن ھەرىكەت قىلىدۇ، جەمئىيەت ۋە ئۆزى تەۋە گۇرۇپپىنىڭ قائىدىلىرىنى نەزەردىن ساقىت قىلىدۇ[46].

ئىجتىمائىي رىشتىنى شەكىللەندۈرىدىغان تۆتىنچى تەركىب بولسا تايىنىش- باغلىنىشتۇر. تايىنىش- باغلىنىش بىراۋنىڭ ئائىلە ۋە يېقىن- يورۇقلىرى بولۇپ جەمئىيەت بىلەن بولغان رىشتىسى ۋە مۇناسىۋىتىنى كۆرسىتىدۇ. بىراۋنىڭ ئىجتىمائىي گۇرۇپپىغا بولغان بېقىندىلىقى، باغلىنىشى، رىشتىسى قانچىلىك كۈچلۈك بولسا، ئۇ جەمئىيەت نورمىلىرىغا، قائىدىلىرى ۋە قەدرىيەتلىرىگە شۇنچە ماس ھەرىكەت قىلىدۇ. كۈچلۈك رىشتە بىراۋنى ئۆزگىلەرنىڭ كۆز-قارىشى، ئارزۇسى، تەلپى ۋە ئىنكاسلىرىغا نىسبەتەن ئىخچىمۇ سەزگۈر قىلىشۇيتىدۇ ۋە ئۇنىڭغا ماس ھەرىكەت قىلىشقا ئۈندەيدۇ. ئوخشاشلا ئىجتىمائىي رىشتە ئاجىزلىسا، مۇنداقچە قىلىپ ئېيتقاندا بىراۋنىڭ ئۆزى تەۋە بولغان ئىجتىمائىي گۇرۇپپىغا بولغان باغلىنىشى ۋە بېقىندىلىقى ئاجىزلىسا، ئۇقائىدىلەر، نورمىلار ۋە قەدرىيەتلەردىن يىراقلىشىپ شۇنچە تاپتىن چىقىدۇ. قىسقىسى، بىراۋنى جەمئىيەتكە باغلاپ تۇرىدىغان رىشتىلەر بىلەن تاپتىن چىقىش ئوتتۇرىسىدا تەتۈر تاناسىپلىق مۇناسىۋەت بار، كۈچلۈك ئىجتىمائىي باغلىنىش بىراۋنى جەمئىيەتكە كۈچلۈك ماسلىششىنى تەقەززا قىلىدۇ، ئىجتىمائىي باغلىنىش ئاجىزلىسا تاپتىن چىقىش ۋە جىنايەت ئېھتىماللىقىمۇ شۇنچە ئاشىدۇ[47]. ھېرسچى ئۆزگىلەرگە باغلىنىش ۋە تايىنىشتىن مەھرۇم بولۇشنىڭ ئەخلاقىي چەكلىمىلەردىن قۇتۇلۇش بولىدىغانلىقىنى ۋە ۋىجدان ياكى ئاڭنىڭ يوقلىقىدىن دېرەك بېرىدىغانلىقىنى دەيدۇ. بۇنىڭدىن مۇنۇ خۇلاسىنى چىقىرىشقا بولىدۇ: ئۆزگىلەرگە باغلانماسلىق ۋە تايانماسلىق ۋىجدان كەمتۈكلىكى بىلەن ئوخشاشتۇر[48]. پىروفېسسور دوكتور نەۋزات تارھان ياشلاردا باغلىنىش ۋە تايىنىش تۈيغۇسىنىڭ بولۇشىنىڭ مۇھىملىقىنى تەكىتلەپ مۇنداق دەيدۇ: «تايىنىش- باغلىنىش ئىنسانغا نىسبەتەن تولىمۇ مۇھىمدۇر، چۈنكى ئىنساننى ھاياتقا باغلايدىغان، ھاياتنى مەنىگە ئىگە قىلىدىغان دەل تايىنىش-باغلىنىش تۈيغۇسىدۇر. بۇ تۈيغۇ ئىنساننىڭ بوۋاق ۋاقتىدا ئانىسى بىلەن بولغان ئالاقىسىدا باشلىنىدۇ، كېيىنچە ئوغۇل باللار ئاكىسى، دادىسى، تاغىسى قاتارلىقلار بىلەن بۇ تۈيغۇنى ئورنىتىدۇ. تايىنىش- باغلىنىش تۈيغۇسىنى شەكىللەندۈرەلمىگەن ياكى بۇنداق بىر تۈيغۇنى تېتىپ باقمىغان ياشلاردا ئۈچ خىل ئىنكاس شەكىللىنىدۇ. تۇنجى ئىنكاستا چۈشكۈنلىشىدۇ ۋە پسىخكىسى بۇزۇلۇشقا باشلايدۇ، ئىككىنچى ئىنكاستا ھاراقتا ياكى چېكىملىككە يۈزلىنىدۇ، ئۈچىنچى ئىنكاسنىڭ ئاقىۋىتى خەتەرلىك بولۇپ، ئۆزىنى ئۆلتۈرىۋېلىشى مۇمكىن. بۇ تۈيغۇدىن مەھرۇم ياشلارنىڭ بۇنداق قىلىشىدىكى سەۋەبىنىڭ تېگىدە، دەل كىچىك ۋاقتىدا شەكىللەندۈرەلمىگەن تايىنىش- باغلىنىش تۈيغۇسىنى تېپىش ئۈچۈندۇر. بۇ تۈيغۇدىن مەھرۇم ياشلار ئۆزىنى يالغۇز، ھامىيسىز ۋە مۇداپىئەسىز ھېس قىلىدۇ»[49].

بىراۋنىڭ ئائىلىسىگە ياكى ئاتا-ئانىلىرى، ئۇرۇق-تۇغقانلىرىغا تايىنىش ۋە باغلىنىش تۈيغۇسى ئائىلىسىدە شەكىللىنىدۇ. ئائىلە بىراۋنىڭ يەنى ياشلارنىڭ تۇنجى ئىجتىمائىي مۇھىتى ۋە ئىجتىمائىيلىشىش مۇئەسسەسەسى ھېسابلىنىدۇ. بىراۋ تۇغۇلغاندىن باشلاپ ئۆمرىنىڭ ئاخىرىغىچە داۋاملىشىدىغان ئىجتىمائىيلىشىش مۇساپىسىنىڭ ئوڭۇشلۇق داۋاملىشىشىدا ئائىلىنىڭ رولى چوڭدۇر. ئائىلە بىراۋنىڭ ھاياتىدا مۇھىم ئورۇندا تۇرىدىغان ئۆزۈقلىنىش، تەربىيە، مېھىر- مۇھەببەت، پسىخكىلىق تەرەققىيات، قەدرىيەت ۋە نورمىلارنى ئۆگىنىش، ساغلام ئەقلىي تەرەققىياتقا ئوخشاش ئەقەللىي ئېھتىياجلارنى ھەل قىلىدىغان مۇھىم مۇئەسسەسەدۇر. ئائىلە ئەزالىرى ئوتتۇرىسىدىكى

مۇناسىۋەتلەر ۋە ئائىلە مۇھىتى، پىسخىكىلىق ۋە ئىجتىمائىي جەھەتلەردە تەرەققىي قىلغان بىراۋ پائالىيەت ئېلىپ بارىدىغان يەردۇر. بۇ مۇناسىۋەتلەر بىراۋنىڭ ئۆزىگە ئىشىنىشى، ئۆزى ۋە باشقىلارنى قەدىرلىشى، ئۆزى ۋە باشقىلارنى سۆيۈشى ۋە ھۆرمەت قىلىشى، كىملىك ۋە خاراكتېر شەكىللەندۈرۈش، ئىجتىمائىي قابىلىيەت يېتىلدۈرۈش ۋە جەمئىيەتكە ماسلىشىشنى تېزلەشتۈرۈش ۋە ئاسانلاشتۇرۇشتا رول ئوينايدۇ. ئاتا-ئانا ۋە ئائىلىنىڭ پەرەنتلىرىگە كۆرسىتىدىغان تەسىرى زور بولۇپ، ئاتا-ئانىنىڭ خاراكتېرى، مائارىپ ساپاسى، كەسپى، ئەقلىي قابىلىيىتى، جىسمانىي ۋە روھىي ئالاھىدىلىكلىرى، پىسخىكىلىق ۋە ئىجتىمائىي ئالاھىدىلىكلىرى، يېتىشكەن مۇھىتى قاتارلىقلار پەرزەنتلىرىگە زور تەسىر كۆرسىتىدۇ. ئاتا- ئانىنىڭ پەزەنتلىرىگە كۆرسىتىدىغان تەسىرىدىن باشقا، ئائىلىنىڭ ئىجتىمائىي ۋە ئىقتىسادىي ئەھۋالى، ئائىلىنىڭ تېخنولوگىيەدىن پايدىلىنىش دەرىجىسى، ئائىلە شارائىتى، ئائىلىدىكى خاتىرجەملىك ۋە ئىناقلىق، ئائىلە ئەزالىرى ئوتتۇرىسىدىكى ئىناقلىق، ئائىلە تەۋە بولغان ئىجتىمائىي ئىقتىسادىي مۇھىت، شارائىت، مەكتەپ ۋە ئوقۇتقۇچى ئەھۋالى، ئۇرۇق-تۇغقان ۋە خولۇم خوشنا، سەھىيە، ئۇچۇر- ئالاقە قاتارلىقلارمۇ بالىنىڭ يېتىلىشىگە تەسىر كۆرسىتىدۇ. ئائىلىدىكى روللار ۋە مەسئۇلىيەتلەرمۇ بالىغا تەسىر كۆرسىتىدۇ. ئائىلە مۇئەسسەسەسىدە پەيدا بولغان ئۇڭۇشسىزلىقلار، ياشلارنىڭ ئىجتىمائىيلىشىش مۇساپىسىگە سەلبىي تەسىرلەرنى ئېلىپ كېلىدۇ ۋە ياشلارنىڭ تاپتىن چىقىشىغا سەۋەب بولىدۇ. ئاتا-ئانىنىڭ پەرزەنتىگە بولغان سۆيگۈسى ۋە كۆيۈمچانلىقىنىڭ ئاجىز ۋە يېتەرسىز بولۇشى، پەرزەنتلىرىنى قوغدىيالماسلىقى، پەرزەنتلىرىگە ئىگە چىقالماسلىقى، پەرزەنتلىرى بىلەن ئۇنۇملۇك مۇناسىۋەت ئورنىتالماسلىقى، ئائىلە ئەزالىرىنىڭ بىر-بىرىگە بولغان سەلبىي تۇتۇملىرى ۋە ھەرىكەتلىرى، ئائىلە زوراۋانلىقى، ئائىلە ئىنتىزامىنىڭ بولماسلىقى، ئاتا-ئانىنىڭ ئاجرىشىشى، ئۆلۈم، ئاتا-ئانىنىڭ بىرىنىڭ ئائىلىنى تەرك ئېتىشى ياكى شۇنىڭغا قىستىلىشى، ئائىلە ئىقتىسادىنىڭ ناچارلىقى، ئاتا-ئانىنىڭ مەدەنىيەت ساپاسىنىڭ تۆۋەنلىكىگە ئوخشاش سەلبىي ئائىلە مۇناسىۋەتلىرى، ياشلارنىڭ ئائىلىسىگە باغلىنىش ۋە تايىنىش تۇيغۇسىنى ئاجىزلىتىپ تاپتىن چىقىشىغا سەۋەب بولىدۇ[50]. بۇنىڭغا ئاساسەن، زەھەرلىك چېكىملىككە خۇمار بولۇپ قالغان ئۇيغۇر ياشلىرىنىڭ ئائىلىسى، جەمئىيىتى ۋە مىللىتىگە بولغان تايىنىش - باغلىنىش تۇيغۇسى ۋە رىشتىسى كۈچلۈك بولغان بولسا بۇ تۇيۇق يولغا كىرىپ قالمىغان ۋە تاپتىن چىقمىغان بولاتتى، دېگەن خۇلاسىگە كەلگىلى بولىدۇ.

ئىجتىمائىي رىشتىلەرنىڭ ئىككىنچى تەركىبى «بېغىشلاش» بولۇپ، بىراۋنىڭ قەدىرىيەت، نورمىلار، قائىدە-يوسۇنلارغا ئۆزىنى بېغىشلىشىنى كۆرسىتىدۇ. مۇنداقچە قىلىپ ئېيتقاندا، بىراۋنىڭ جەمئىيەتنىڭ قەدىرىيەت، نورمىلار ۋە قائىدە-يوسۇنلارنى ئىگىلەپ، بۇلار بىلەن قوراللىنىشنى ۋە بۇلارغا ئاساسەن ياشىشىنى كۆرسىتىدۇ. ناۋادا بىراۋنىڭ بۇلارغا ئۆزىنى بېغىشلىشى ئاجىزلىسا بىراۋنىڭ تاپتىن چىقىشى شۇنچە ئاسان بولىدۇ. ۋىياترووۋسكى (Wiatrowski) ھېرسچىنىڭ «بېغىشلاش»تەركىبىنىڭ «ۋەدە، نىشان ۋە غايە»ئىكەنلىكىنى دەيدۇ. ۋىياترووۋسكى ۋەدىنىڭ بىراۋنىڭ ئىجتىمائىي ئورنىنى يۇقىرى كۆتۈرۈشى ئۈچۈن نىشان بېكىتىشكە مۇناسىۋەتلىك ئىكەنلىكىنى دەيدۇ. ئۇنىڭ قارىشىچە، بىراۋ بۇ نىشانلارغا يېتىش ئۈچۈن زور تىرىشچانلىق كۆرسىتىشنى ئۆزىگە سالغان مەبلەغ سۈپىتىدە كۆرىدۇ. نىشانى ۋە غايىسى ئېنىق بولغان ياشلارنىڭ،نىشانى ۋە غايىسى مەۋھۇم بولغان ياشلارغا قارىغاندا تاپتىن چىقىش ئېھتىمالى تۆۋەن بولىدۇ. ھېرسچى ۋەدە، نىشان ۋە غايىنىڭ جەمئىيەتكە«ماسلىشىش»بىلەن

بىۋاستە مۇناسىۋەتلىك ئىكەنلىكىنى دەيدۇ. ئۇ ئىنسانلارنىڭ قائىدىلەرگە ماس ھەرىكەت قىلىش نىيىتىنىڭ، ئىش-ھەرىكىتىنىڭ نەتىجىسىدە دۇچ كېلىدىغان نەتىجىلەردىن باشقا بىر نەرسە ئەمەسلىكىنى دەيدۇ. ماسلىشىش ئەمەلىيەتتە ئەمەلىي ۋە ئەقلىي ئويلاشنىڭ نەتىجىسى بولۇپ، بىراۋ ئىش-ھەرىكىتىنىڭ ئاقىۋەتلىرىدىن ئەنسىرەپ جەمئىيەتنىڭ قائىدە-يوسۇنلىرى، نورمىلىرى ۋە قەدرىيەتلىرىگە ماس ھەرىكەت قىلىش ئۈچۈن ئۆزىنى بۇنىڭغا بېغىشلايدىغانلىقىنى، بۇنداق ئەھۋالدا بىراۋنىڭ تاپتىن چىقىش ئېھتىمالىنىڭ تۆۋەنلىكىنى، ھەتتا نۆل ئىكەنلىكىنى ئەسكەرتىدۇ. ھېرسچى بېغىشلاشنىڭ بىراۋنىڭ ئەنئەنىۋى قائىدە-يوسۇن، قەدرىيەت ۋە نورمىلارغا ئاجرىتىلغان ۋاقىت ۋە ئەجىر قاتارلىقلار ئىكەنلىكىنى دەيدۇ. بۇ يەردە تىلغا ئېلىنغان ۋاقىت ۋە ئەجىر ھېرسچىنىڭ نەزىرىدە مەبلەغدۇر، يەنى بىراۋنىڭ سەرمايىسىدۇر. ئوخشاشلا كېلەچەكى ياكى نىشان ۋە غايىسى ئۈچۈن ۋاقىت، ئېنېرگىيە ۋە ئەجىر سەرپ قىلىدىغان بىراۋ، ئۆزىنى نىشانى ۋە غايىسى ئۈچۈن بېغىشلىغانلىقى ۋە بۇنى ئىشقا ئاشۇرۇش ئۈچۈن ئەتراپىدىكىلەرگە ۋە ئۆزىگە ۋەدە بەرگەنلىكى ئۈچۈن، ئۇنىڭ تاپتىن چىقىشقا ۋاقتى بولمايدۇ. چۈنكى ئىنسان ئۆزىنى بىر ئىشقا ئاتىسا ياكى بېغىشلىسا چوقۇم ئۇنىڭ ئۈچۈن زور تىرىشچانلىق كۆرسىتىدۇ، مۇنداقچە قىلىپ ئېيتقاندا زور مەبلەغ سالىدۇ، بۇ سەۋەبتىن بۇ ئىنساننىڭ ئالدىراپ ياكى يەڭگىلتەكلىك قىلىپ تاپتىن چىقىشنى تەسەۋۋۇر قىلىشى تەس. پەرەز قىلايلى: نىشانى ۋە غايىسى بولغان بىرى بۇنىڭغا كۆپ ۋاقىت ئاجرىتالماي قالدى، لېكىن بۇ نىشان زور ئەجىر ۋە ئېنېرگىيە تەلەپ قىلىدۇ، شۇنداقتىمۇ بۇ ئىنسان ئۆزىنىڭ سەرمايىسىنى خەتەرگە ئىتتىرمەسلىك ئۈچۈن تاپتىن ئاسانلىقچە چىقمايدۇ. ھېرسچىنىڭ نەزەرىيەسى، بىراۋنىڭ نېمە ئۈچۈن تاپتىن چىقىدىغانلىقىنى ئەمەس، نېمىشقا تاپتىن چىقمايدىغانلىقىغا بەكرەك مۇناسىۋەتلىك[51].

نەۋزات تارھان دىجىتال دۇنيادا بىر قىسىم ياشلارنىڭ ھاياتىدىكى ئەڭ چوڭ خەتەرنىڭ غايىسىزلىك ئىكەنلىكىنى ئەسكەرتىپ مۇنداق دەيدۇ: «بىر قىسىم ياشلار بىر نەرسىگە ئاسانلا ئېرىشكىلى بولىدىغانلىقىنى ئويلىۋالىدۇ، ياشلار دىجىتال دۇنيانىڭ يەرلىكلىرى بولۇپ قالدى، چوڭلار بولسا دىجىتال دۇنياغا كۆچمەن بولدى، بۇرۇنقىلار قىيىنچىلىق ۋە يوقلۇق ئىچىدە پىشىپ يېتىلگەن بولسا، ھازىرقىلارنىڭ كۆپ قىسمى راھەت ئىچىدە چوڭ بولىدۇ، بۇ ئەھۋال ئۇلارنى مەن مەركەزچى قىلىپ قويىدۇ. بىر ھەسەل ھەرىسى كۈندە 400 تال گۈلنى كېزىپ چىقىدىكەن، ھەسەل ھەرىسىنىڭ ھەسەل يىغىش ئۈچۈن قانچىلىك ئەجىر سىڭدۈرىدىغانلىقىنى تەسەۋۋۇر قىلىپ بېقىڭ، ئىنسانمۇ ھەسەل ھەرىسىدەك، تىرىشسا ۋە ئەجىر قىلسا ۋە نىشانى ۋە غايىسى بولسا ئۇ نەتىجە قازىنىدۇ. نۆۋەتتە ياشلار دۇچ كېلىۋاتقان ئەڭ چوڭ خەتەر غايىسىزلىك ۋە نىشانسىزلىقتۇر. ئۇلارنىڭ بەدەل تۆلەيدىغان، پىداكارلىق قىلىدىغان، ئەجىر سىڭدۈرىدىغان، تەرلىتىدىغان، ھاردۇرىدىغان، ھاياتىنى مەنىگە ئىگە قىلىدىغان نىشان ۋە غايىلىرىنىڭ بولماسلىقىدۇر. نىشانى ۋە غايىسى بولغان ياشلار ھايات مۇساپىسىدا مەزمۇت قەدەملىرىنى تاشلاپ ماڭالايدۇ، نىشانسىزلىق ۋە غايىسىزلىك دۇنياۋى مەسىلە بولۇپ، ماتېرىيالىزم نۇرغۇن قەدرىيەتنى يوق قىلدى، ئاۋام كۈلتۈرى ۋە كاپىتالىزم ئىستېمالنى ئاشۇرۇش ئۈچۈن ئىنسانلارنى زوقفا ۋە كەيىپ-ساپاغا يۈزلەندۈردى.»[52].

ئىجتىمائىي رىشتىلەرنىڭ ئۈچىنچىسى ئىشتىراكتۇر. بۇنى ئىجتىمائىي پائالىيەتلەر دېسەكمۇ بولىدۇ. ئىگىلىك تىكلەش، تەنتەربىيە، ئىجتىمائىي ۋە مەدەنىيەت-سەنئەت پائالىيەتلىرىگە ئىشتىراك قىلىش، سىياسىي پارتىيە ياكى ئاممىۋى تەشكىلاتقا ئەزا بولۇپ بۇلارنىڭ پائالىيەتلىرىگە ئاكتىپ قاتنىشىش قاتارلىقلار بىراۋنىڭ تاپتىن چىقىشىغا توسالغۇ بولىدۇ. رەسمىي ئىجتىمائىي

پائالىيەتلەردە ئاكتىپ ئورۇن ئېلىش بىراۋنىڭ ۋاقتىنى ۋە ئېنېرگىيەسىنى سەرپ قىلىشنى تەلەپ قىلىدىغان بولغاچقا، ئۇنىڭ تاپتىن چىقىشى ئۈچۈن ئىمكان ۋە پۇرسەت بولمايدۇ. ئوخشاش، بىراۋ ئۆزىنىڭ ئىجتىمائىي رولى ۋە مەسئۇلىيىتىنىڭ تەقەززاسى بويىچە ئىش قىلىش ئۈچۈن ۋاقىت ۋە ئېنېرگىيە ئاجراتسا، بۇ ۋاقىتتا تاپتىن چىقىش ئۈچۈنمۇ ۋاقىت بولمايدۇ. ھېرسچى ئەنئەنىۋى پائالىيەتلەرگە ئاكتىپ ئىشتىراك قىلغان بىرىنىڭ «ئىشقا، ۋەزىپىگە، پىلان ۋە پىروگراممىلىرى ۋە بۇنىڭغا ئوخشاش ئىشلارغا مەركەزلىشىدىغانلىقىنى، تاپتىن چىقىشقا پۇرسىتى بولمايدىغانلىقىنى» دەيدۇ.

بىر تولۇق ئوتتۇرا مەكتەپ ئوقۇغۇچىسى نۇقتىلىق بىر ئالىي مەكتەپكە ئۆتۈشكە قەتئىي نىيەت قىلىپ قارار قىلسا، ئۇ ئالىي مەكتەپكە ئۆتىدۇ ۋە ياخشى نەتىجە بىلەن ئالىي مەكتەپنى پۈتتۈرىدۇ، ياخشى خىزمەت تاپالايدۇ، يەنى بۇ ئوقۇغۇچىنىڭ ۋەدىسى ۋە نىشانىنى ئىشقا ئاشۇرۇشقا مەركەزلەشمەسلىك ۋە ئىشتىراك قىلماسلىقتىن باشقا چارىسى يوق[53]. بۇ ئوقۇغۇچىنىڭ نۇرغۇن ئەجىر سىڭدۇرۇپ ئىشقا ئاشۇرۇش ئۈچۈن كۈچ چىقارغان نىشانىنى بىر چەتكە قايرىپ قويۇپ تاپتىن چىقىشنى تەسەۋۋۇر قىلىش ھەقىقەتەن تەس.

ئىجتىمائىي رىشتىنىڭ تۆتىنچى ۋە ئاخىرقى تەركىبى بولسا ئېتىقاد بولۇپ، بۇ ئەخلاق، قەدرىيەت ۋە نورمىلارنىڭ مەنىۋى قىسمىغا بولغان ئىشىنىشنى كۆرسىتىدۇ. باشقىچە ئېيتساق، دىندۇر. بىراۋ دىنغا، قەدرىيەتلىرىگە قانچىلىك كۈچلۈك ئىشەنسە ۋە سادىق بولسا ياكى ئۆزىنى دىنغا باغلىق ھېس قىلسا، بىراۋنىڭ دىن ۋە قەدرىيەتلەرنىڭ قائىدە ۋە پرىنسىپلىرىغا زىت ھەرىكەت قىلىپ تاپتىن چىقىش ئېھتىمالى شۇنچە تۆۋەن ئاز بولىدۇ. ئومۇمەن ھەممە ئادەم جەمئىيەتتىكى ھۆكۈمران قەدرىيەت سىستېمىسى ۋە دىنىنى قوبۇل قىلىدۇ. تاپتىن چىققانلار بىلەن تاپتىن چىقمىغانلار ئوتتۇرىسىدىكى پەرق، ئوخشاش دىن ۋە قەدرىيەتلەر سىستېمىسىنى قوبۇل قىلىشنىڭ ئەكسىچە ئېتىقادسىزلار ياكى ئاجىز ئىجتىمائىي رىشتىلەر سەۋەبىدىن ئۆزلىرىنى بۇ قەدرىيەت سىستېمىسى ۋە دىنغا باغلىق ھېس قىلماسلىقىدۇر. ئۇنداقتا جەمئىيەت ئەزالىرى دىن ۋە قەدرىيەت سىستېمىسىنى قوبۇل قىلسىمۇ، نېمىشقا يەنە تاپتىن چىقىدىغانلار بولىدۇ؟ دېگەن سوئالغا ھېرسچى مۇنداق جاۋاب بېرىدۇ: تاپتىن چىققۇچىلار ئىككى خىل يول بىلەن تاپتىن چىقىدۇ ياكى قائىدىلەرگە زىت ھەرىكەت قىلىدۇ، بىرىنچى يول دىن ۋە قەدرىيەت سىستېمىسىنى ئەسلى ۋە ھەقىقىي مەنىسى بويىچە چۈشەنمەسلىك ياكى چۈشىنەلمەسلىك ۋە ئۇلارنى نوقۇل كەلىمىلەر ۋە سۆزلەر سۈپىتىدىلا كۆرۈپ مەنىسى بىلەن كارى بولماسلىق. ئىككىنچى يول بولسا دىن ۋە قەدرىيەتنى ئەرزىمەس دەپ چۈشىنىش.

ئىنسان بىلەن جەمئىيەت ئوتتۇرىسىدىكى باغلىنىش، تايىنىش ۋە رىشتىنى تېخىمۇ ياخشى چۈشىنىش ئۈچۈن بىر ئىنسانغا، بىر مىللەتكە ۋە بىر جەمئىيەتكە نىسبەتەن تولىمۇ مۇھىم ھېسابلىنىدىغان قەدرىيەت (قىممەت قاراشمۇ دەپ قارىلىدۇ) ئۇقۇمى توغرىسىدا ئازراق توختىلىشقا كېلىدۇ. قەدرىيەت ئۇقۇمى دىن، ئەخلاق، پسىخولوگىيە ۋە جەمئىيەتشۇناسلىق قاتارلىق نۇرغۇن نۇقتىدىن ئىزاھلىنىپ كەلمەكتە. ئومۇملاشقان تەبىرلەردىن بىرى، قەدرىيەت ئارزۇ قىلىنىدىغان، بولۇشقا تېگىشلىك دەپ قارىلىدىغان، ئەھمىيەت بېرىلىدىغان، ئىنسانلارنىڭ ھاياتىغا يېتەكچىلىك قىلىدىغان،قىممەتلىك بولغان، ئېھتىياج ھېس قىلىنغان، رېئاللىقتىن ھەر ۋاقىت ئۈستۈن ئورۇندا تۇرىدىغان، نىشان ۋە غايىدىن ئىبارەت[54]. ئۇيغۇرلارغا نىسبەتەن ئەڭ ئارزۇ قىلىنىۋاتقان نەرسە ئەركىنلىك ۋە مۇستەقىللىق بولۇپ، بۇ بىزنىڭ ئەڭ مۇھىم قەدرىيەتلىرىمىزدىن

بىرى بولۇشى كېرەك. مۇتەپەككۇر ۋە جەمئىيەتشۇناس ئەلى شەرىئەتى، ئىنساننىڭ ئەڭ مۇھىم ئالاھىدىلىكلىرىدىن بىرىنىڭ «ئىسيان» ئىكەنلىكىنى دەيدۇ، ئۇنىڭ قارىشىچە، ئىنسان قانچىلىك ئىسيان قىلسا شۇنچە ئەركىن بولىدۇ. ئىنسان ئىچكى ۋە تاشقى توسالغۇلارغا ئىسيان قىلىپ بۇلارنى يېڭەلىسە ھەقىقىي مەنىدە ئەركىنلىككە ئېرىشەلەيدۇ. بۇ يەردىكى ئىچكى ۋە تاشقى توسالغۇلار ئىنساننىڭ نەپسى، ئىجتىمائىي ۋە سىياسىي تۈزۈم زىندانلىرىدۇر[55]. بۇ نۇقتىدىن قارىساق، بىز ئۇيغۇرلار خىتاي دۆلىتى بىزنىڭ ئىچكى ۋە تاشقى دۇنيارىمىزدا سېلىۋەتكەن زىندانلارغا ئىسيان قىلىپ بۇلارنى پاچاقلاپ تاشلىمىغىچە ئەركىنلىككە ۋە مۇستەقىللىققە ئېرىشەلمەيمىز. تانىيول قەدرىيەتلەرنى ئىجتىمائىي ئەخلاق ئۇقۇمى نۇقتىسىدىن ئىزاھلايدۇ. قەدرىيەتكە ئەخلاقىي ھەرىكەتلەر نۇقتىسىدىن قارىساق، ئۇ بىراۋنىڭ ئۆزگىلەرنى، ئۆزگىلەرنىڭ سۆيەتلىرىنى، ئارزۇ- ئىستەكلىرىنى، نىيەتلىرىنى ۋە ئىش-ھەرىكەتلىرىنى باھالىغاندا ياكى ھۆكۈم قىلغاندا مۇراجىئەت قىلىدىغان ئۆلچەم بولۇپ، ئۇ بىر نەرسىنى ئارزۇ قىلىش ياكى قىلماسلىققا مۇناسىۋەتلىك ئېتىقادتۇر[56]. قەدرىيەتنىڭ پىسخىكىلىق تەرىپىگە ئاساسەن بېرىلگەن ئېنىقلىمىغا كۆرە، قەدرىيەت ھاياتىمىزنىڭ غايىسى، ھەتتا ئۆزگىلەرنىڭمۇ غايىسى بولۇشىنى ئارزۇ قىلغان نەرسىلەر ۋە بىراۋنىڭ ئۆزى ۋە ئۆزگىلەرنى ۋە ھادىسىلەرنى تەسۋىرلەش، باھالاش ۋە ھۆكۈم بېرىش، ئىش-ھەرىكەتلىرىنى تاللاش ۋە مەشرۇ ھالەتكە كەلتۈرۈش ئۈچۈن مۇراجىئەت قىلىدىغان ئۆلچەملەردۇر[57]. جەمئىيەتشۇناسلىق نۇقتىسىدىن قەدرىيەت، بىر ئىجتىمائىي گۇرۇپپا ياكى جەمئىيەتنىڭ مەۋجۇتلۇقىنى، بىرلىكىنى، ھەرىكەت مېخانىزمىسىنى ۋە ئىزچىللىقىنى كاپالەتكە ئىگە قىلىش ئۈچۈن، جەمئىيەت ۋە گۇرۇپپا ئەزالىرىنىڭ كۆپ قىسمى تەرىپىدىن توغرا، مۇۋاپىق ۋە زۆرۈر دەپ قارىلىدىغان، ئۇلارنىڭ ئورتاق تۇيغۇسى، ئىدىيەسى، چۈشەنچىسى، مەقسەت ۋە مەنپەئەتلىرىنى ئەكس ئەتتۈرىدىغان ئومۇملاشقان ئاساسلىق ئەخلاقىي پرىنسىپلار ياكى ئىشىنىشتۇر58. يەنە بىر ئېنىقلىمىدا قەدرىيەت بىراۋ ياكى ئىجتىمائىي گۇرۇپپا قوبۇل قىلغان پرىنسىپ، ئۆلچەم، ئېتىقاد، ئىنىشىش ياكى ئەخلاقىي ئۆلچەملەردۇر. قەدرىيەت يەنە نېمىنىڭ توغرا، نېمىنىڭ خاتا، نېمىنىڭ ياخشى، نېمىنىڭ رەزىل، نېمىنىڭ گۈزەل، نېمىنىڭ چىركىن،نېمىنىڭ ئادىل ئىكەنلىكى قاتارلىقلاردا ئومۇمىي باھا ۋە ھۆكۈم چىقىرىش ئىمكانىيىتى يارىتىپ بېرىدۇ، ئىجتىمائىي تۇرمۇشتا ئاساسەن بارلىق نەرسە قەدرىيەتلەرگە ئاساسەن چۈشىنىلىدۇ. بۇنداق بولغاندا شەخسلەر ھاياتىنىڭ مەنىسىنى ئۆگىنىدۇ59. ئىسلام دىنىنىڭ ئاساسلىق قەدرىيەتلىرى زۆرۈرىيەت نۇقتىسىدىن چۈشەندۈرۈلىدۇ. زۆرۈرىيەت چوقۇم بولمىسا بولمايدىغان، دىن ۋە دۇنيا ئۈنىڭغا باغلىق بولغان ئاساسلىق قەدرىيەتلەردۇر. ئالىملار ئىسلامدىكى زۆرۈرىيەتنىڭ بەش ئاساسلىق قەدرىيەتتىن تەشكىل تاپىدىغانلىقىنى ئوتتۇرىغا قويۇشىدۇ. بۇ زۆرۈرىيەت «بەش ئاساسلىق پرىنسىپ»دەپمۇ ئاتىلىدۇ. ئۇلار بىرىنچىسى، دىنىنىڭ مۇھاپىزەت قىلىنىشى، ئىككىنچىسى، جاننىڭ مۇھاپىزەت قىلىنىشى، ئۈچىنچىسى، ئەقىلنىڭ مۇھاپىزەت قىلىنىشى، تۆتىنچىسى، نەسىلنىڭ مۇھاپىزەت قىلىنىشى، بەشىنچىسى مال-مۈلۈكنىڭ مۇھاپىزەت قىلىنىشى قاتارلىقلاردۇر.

قەدرىيەت بىراۋنىڭ پوزىتسىيەسى، مەيدانى، خاھىشى، مايىللىقى، تاللىشى ۋە قارارلىرىنىڭ ئۆلىنى تەشكىل قىلىدۇ. ئۇ بىراۋنى مۇئەييەن نىشانلارغا يېتىش ئۈچۈن نۇرغۇن تاللاشلار ئىچىدىن بىرىنى تاللاشقا ئىتتىرىدىغان كۈچتۇر. قەدرىيەت بىراۋنىڭ سۇبيېكتىپ خاھىشىغا باغلىق ھالدا شەكىللىنىدىغان ئىش- ھەرىكەتنىڭ ئىپادىسىدۇر، ئۇ بىراۋنىڭ مەنتىقىلىق مۇھاكىمىسىگە ئاساسەن

هاسىل بولىدىغان ئىش-ھەرىكەتلىرىگە باغلىق ھالدا مەيدانغا كېلىدىغان نەتىجىنىڭ خاراكتېرىنى كۆرسىتىدۇ. مۇنداقچە قىلىپ ئېيتقاندا، قەدرىيەت بىراۋنىڭ بارلىق ئىش-ھەرىكەتلىرىنىڭ ئاساسىنى تەشكىل قىلىدىغان ۋە ئۆزگىلەرنىڭ ئىش-ھەرىكەتلىرىنى باھالاش ۋە ھۆكۈم چىقىرىشتا ئىشقا يارايدىغان يېتەكچى بولۇش بىلەن بىرگە، بىر نەرسىنىڭ ئارزۇ قىلىنىش ياكى قىلىنماسلىقنى بەلگىلەيدىغان ئېتىقادىي ئامىلدۇر. قەدرىيەتتە بىراۋنىڭ ئىشىنىشى يەنى ئېتىقادى مۇھىم ئورۇندا تۇرىدۇ. ئىنساننىڭ ئىش-ھەرىكىتىنىڭ سەۋەبى ۋە كىملىكىنىڭ بىر قىسمى ھېسابلىنىدىغان قەدرىيەت، ئىنسان تەرىپىدىن ھاياتقا يۈكلىنىدىغان مەنىدۇر[60].

ھېرسچى ئوتتۇرىغا قويغان بۇ تۆت ئامىل بىراۋنى جەمئىيەتكە، مىللەتكە باغلاپ تۇرىدىغان ئامىللار بولۇپ، بۇلار بىراۋنىڭ تاپتىن چىقىشىنى توسۇپ قالىدۇ. بىراۋ ئاتا-ئانىسىغا، ئائىلىسىگە ياكى يېقىن - يورۇقلىرىغا قانچە كۈچلۈك باغلانسا ۋە تايانسا، جەمئىيەت قائىدىلىرى، نورمىلىرىغا، نىشان، كەلگۈسى ۋە غايىگە قانچىلىك بېغىشلانسا، ئىجتىمائىي، مەدەنىيەت-سەنئەت، تەنتەربىيە ۋە زۆرۈر تېپىلسا سىياسىي پائالىيەتكە قانچە كۆپ ئىشتىراك قىلسا، ئېتىقادى ۋە قەدرىيەت سىستېمىسىغا قانچە كۆپ سادىق بولسا تاپتىن چىقىش ئېھتىمالى شۇنچە تۆۋەن بولىدۇ. ناۋادا بىراۋنىڭ بۇ تۆت ئامىلغا بولغان سادىقلىقى قانچە ئاجىز بولسا تاپتىن چىقىش ئېھتىمالىمۇ شۇنچە يۇقىرى بولىدۇ.

تۆۋەندە كونترول نەزەرىيەسى دائىرىسىگە كىرگۈزۈلگەن نەزەرىيەلەردىن بىرى بولغان كولۋىننىڭ بېسىم نەزەرىيەسىگە قاراپ چىقايلى. بۇ نەزەرىيەگە كۆرە، كىشىلەرگە قارىتىلغان بېسىملار ماسلىشىش ئەمەس تاپتىن چىقىش ھادىسىسىنى كەلتۈرۈپ چىقىرىدۇ. ئۇ ئىجتىمائىي كونترول مېخانىزملىرىنىڭ ئاجىزلىشىشى ياكى يوق بولۇشى نەتىجىسىدە بىراۋنىڭ تاپتىن چىقىدىغانلىقىنى ئىلگىرى سۈرىدىغان كونترول نەزەرىيەسىگە قوشۇمچە قىلىپ، بىراۋغا قارىتىلغان كونترول ۋە بېسىمنىڭ بىراۋنى تاپتىن چىقىرىدىغانلىقىنى تەكىتلەيدۇ. كولۋىننىڭ قارىشىچە، كونترولنىڭ ئىككى ئاساسلىق تەرىپى بار بولۇپ، بىرىنچى خىل كونترول زورلىغۇچى بولۇش ۋە زورلىغۇچى بولماسلىقتەك ئالاھىدىلىككە ئىگە بولسا، ئىككىنچىسى، تۇترۇقلۇق بولۇش ۋە تۇترۇقلۇق بولماسلىقتەك ئالاھىدىلىككە ئىگە. بۇ كونترول تۈرلىرى ئىچىدە زورلىغۇچى كونترول بىلەن تۇترۇقسىز كونترول بىر يەرگە جەم بولغاندا بىراۋ تاپتىن چىقىدۇ. تاپتىن چىقىشقا سەۋەب بولىدىغان بۇ كونترول دەل بېسىم خاراكتېرلىك ۋە تۇترۇقسىز بولغان كونترولدۇر. بېسىم خاراكتېرلىك ۋە تۇترۇقسىز كونترولنىڭ تۈرلۈك ئىجتىمائىي- پسىخىكىلىق تەسىرلىرى بولىدۇ. بۇ خىلدىكى كونترول بىراۋنىڭ ئاچچىقىنى كونترول قىلالمايدىغان ھالەتكە كەلتۈرۈپ قويۇش بىلەن بىرگە، بىراۋدا ئاجىزلىق،ياتلاشقان ئىجتىمائىي رىشتىلەر، ئۆزىنى كونترول قىلالماسلىق، كەمسىتىش تۇيغۇسى قاتارلىقلارنى كەلتۈرۈپ چىقىرىدۇ. بىراۋ ئائىلە، مەكتەپ، خىزمەت ئورنى ۋە باشقا ئىجتىمائىي سورۇنلاردا بېسىم خاراكتېرلىك، زورلىغۇچى ۋە تۇترۇقسىز كونتروللارغا دۇچار بولغاندا بىراۋنىڭ تاپتىن چىقىش ئېھتىمالى يۇقىرى بولىدۇ[61].

تۆت خىل كونترول تىپى بار بولۇپ، بىرىنچىسى، بېسىم خاراكتېرلىك بولمىغان تۇترۇقلۇق كونترول بولۇپ، بۇنىڭ بىراۋغا كۆرسىتىدىغان ئىجتىمائىي- پسىخىكىلىق تەسىرلىرى بولسا مۇنداق: ئاچچىقىنى كونترول قىلالايدىغان بولىدۇ، ئاكتىپ، كۈچلۈك ئىجتىمائىي رىشتىگە ئىگە، كونترول كەمچىلىكى يوق، تەڭپۇڭسىزلىق ھېس قىلمايدۇ، كونترول ۋە بېسىم قىلىشقا مايىل كىشىلەرگە

ئەگەشمەيدۇ. ئىككىنچىسى، بېسىم ۋە زورلىغۇچى خاراكتېرلىك بولمىغان لېكىن مۇۋازىنەتسىز كونترول بولۇپ، بۇنىڭ ئىپادىلىرى مۇنداق: تۆۋەن كونتروللۇق، كۈچلۈك ئىجتىمائىي رىشتە، بېسىم ۋە كونترول قىلىشقا مايىل ئىش-ھەرىكەتكە مايىل بولماسلىق، كونترول مۇۋازىنەتسىزلىكى قاتارلىقلار بولۇپ، بۇنىڭدا ئاز- تولا تاپتىن چىقىشقا مايىللىق بار. ئۈچىنچىسى، بېسىم ۋە زورلىغۇچى خاراكتېرلىك بولغان لېكىن تۇترۇقلۇق كونترول بولۇپ، بۇ ئاچچىقى يامان بولۇش، تۆۋەن كونتروللۇق، ئاجىز ئىجتىمائىي رىشتە، بېسىم ۋە كونترول قىلىشقا مايىل ئىش-ھەرىكەتلەرگە مايىللىق، كونترولل كەمچىلىكىنى ھېس قىلىش، كۈچلۈك ئۆز كونترول ۋە تاشقى كونتروللۇققا مايىللىق، ئىجتىمائىيلىققا سەل قاراش، ئەقلىي كېسەللىكلەرگە مايىللىق قاتارلىقلارنىڭ كېلىپ چىقىشىغا تەسىر كۆرسىتىدۇ. تۆتىنچىسى، بېسىم خاراكتېرلىك ۋە مۇۋازىنەتسىز كونترول بولۇپ، ئاچچىقى يامان بولۇش، تۆۋەن كونتروللۇق، ئاجىز ۋە ياتلاشقان ئىجتىمائىي رىشتە، دىكتاتور ۋە بېسىم خاراكتېرلىك ھەرىكەتلەرگە مايىللىق، كەمسىتىش تۇيغۇسى، كۈچلۈك ئۆز كونترول ۋە تاشقى كونتروللۇققا مايىللىقنى كەلتۈرۈپ چىقىرىدۇ.[62]

كولۋىن ئېغىر كونترول ۋە بېسىمنىڭ بىراۋدا ماسلىشىش ئەمەس ئىسيان تۇيغۇسىنى ئويغىتىپ، بىراۋنى تاپتىن چىقىرىدىغانلىقىنى، شۇڭا تاپتىن چىققۇچىلارنى بېسىم ۋە كونترول بىلەن ئەمەس، ئىللىق ئىجتىمائىي مۇھىت شارائىتلىرى يارىتىپ بېرىش ئارقىلىق ئۆڭشىغىلى بولىدىغانلىقىنى دەيدۇ.

بۇ ھادىسىگە ئىجتىمائىي ئۆگىنىش نەزەرىيەسى نۇقتىسىدىن قاراپ چىقايلى. ئىجتىمائىي ئۆگىنىش نەزەرىيەسى تاردېنىڭ (Tarde) تەقلىد، باندۇرا (Bandura) ۋە پاتتېرسوننىڭ (Patterson) قىلىق پىسخىكىسى، سۇسېرلەندنىڭ (Sutherland) پەرقلەندۈرگۈچى بىرلىك نەزەرىيەسىنى ئاساس قىلىپ شەكىللەنگەن. بۇ نەزەرىيە تاپتىن چىقىشنى بىئولوگىيەلىك ۋە پىسخىكىلىق ئامىللار بىلەن ئىزاھلايدىغان نەزەرىيەلەرگە قارشى چىقىپ، بىئولوگىيەلىك ياكى پىسخىكىلىق مەسىلىلىرى بولمىغان نورمال ئىنسانلارنىڭمۇ ئىجتىمائىي ئىش-ھەرىكەتلەرنى باشقا ئىجتىمائىي ئىش-ھەرىكەتلەرگە ئوخشاش ئۆگىنىپ قىلىدىغانلىقىنى ئىلگىرى سۈرىدۇ. بۇ نەزەرىيەنىڭ تۈپ چىقىش نۇقتىسى، تاپتىن چىقىش باشقىلاردىن ئۆگىنىپ سادىر قىلىدىغان قىلىقتۇر. تاردېنىڭ قارىشىچە، تەقلىدنىڭ ئۈچ تەرىپى بار بولۇپ، بىرىنچىسى، تەقلىدنىڭ دەرىجىسىنى بەلگىلەيدىغان ئامىل، ئىنسانلارنىڭ بىر- بىرلىرى بىلەن بولغان يېقىنلىق دەرىجىسىدۇر. بۇنىڭغا ئاساسەن ئىنسانلار بىر- بىرىگە قانچە يېقىن بولسا، تەقلىدمۇ شۇنچە كۈچلۈك بولىدۇ. ئىككىنچىسى، تۆۋەن تەبىقىدىكىلەر ياكى تۆۋەن سەۋىيەدىكىلەر يۇقىرى تەبىقىدىكىلەرنى ياكى يۇقىرى سەۋىيەدىكىلەرنى تەقلىد قىلىدۇ. ئىككى ئىش- ھەرىكەت تىپى بىر- بىرى بىلەن توقۇنۇشقاندا، بىرى يەنە بىرىنىڭ ئورنىغا دەسسەيدۇ. بۇ ئومۇمەن كونىنىڭ ئورنىغا يېڭىسىنىڭ دەسسىشى بىلەن ئىشقا ئاشىدۇ. تاپتىن چىقىش ئۆگىنىلىپ سادىر قىلىنىشى ئۈچۈن بىراۋ ھەم تەقلىد قىلىدىغان كىشى بىلەن يېقىن بولۇشى ھەمدە تاپتىن چىقىش ھەققىدە ئىجابىي قاراشقا ئىگە بولۇشى، تاپتىن چىقىشنىڭ ئۆزىنىڭ مەنپەئەتىگە توغرا كېلىدىغانلىقىنى ئويلىۋېلىشى كېرەك. سۇسېرلەند تاپتىن چىقىشنىڭ باشقىلاردىن ئۆگىنىلىدىغان بىر قىلىق ئىكەنلىكىنى ئىلگىرى سۈرۈپ، ئۇنىڭ مۇنداق تەرەپلىرى بارلىقىنى دەيدۇ: بىرىنچىسى، تاپتىن چىقىش ئۆگىنىلىدىغان بىر قىلىقتۇر، ئىككىنچىسى، تاپتىن چىقىش ئىجتىمائىي ئالاقە ۋە پائالىيەت جەريانىدا بىراۋلار ئوتتۇرىسىدىكى ئالاقە جەريانىدا ئۆگىنىلىدۇ. ئۈچىنچىسى، بىراۋ تاپتىن

چىقىشنىڭ ئەڭ مۇھىم قىسىملىرىنى ئۆزگە ئەڭ يېقىن بولغان بىرىنچى دەرىجىدىكى كىشىلەردىن ئۆگىنىدۇ، ئۆتىنچىسى، تاپتىن چىققان بىراۋ تاپتىن چىقىشنىڭ ئۇسۇللىرى ۋە نېمە ئۈچۈن تاپتىن چىقىدىغانلىقىنىڭ سەۋەبلىرىنىمۇ ئۆگىنىدۇ.[63]

ئىجتىمائىي ئۆگىنىش نەزەرىيەسى بىراۋلارنىڭ ئىش- ھەرىكەتلىرىگە ئۇلار تەۋە بولغان ئىجتىمائىي گۇرۇپپىنىڭ تەسىر كۆرسىتىدىغانلىقىنى تەكىتلەيدۇ. بولۇپمۇ، بالاغەت دەۋرىدىكى ياشلارنىڭ ئىش-ھەرىكەتلىرىدە تەڭتۇشلىرىنىڭ تەسىرىنىڭ ئىنتايىن زور بولىدىغانلىقى تەكىتلىنىدۇ. بۇ نۇقتىدىن ئېيتقاندا، بىر ياش تەڭتۇشلىرى قوبۇل قىلغان ئىجابىي قائىدە- يوسۇن، نورما ۋە قەدىرىيەتلەرنى قوبۇل قىلسا ئۇ تاپتىن چىقىشتىن ساقلىنىپ قالىدۇ.

ئىجتىمائىي كونترول نەزەرىيەسى تاپتىن چىقىشنى بىراۋنىڭ ئىجتىمائىي مۇئەسسەسە ۋە قەدىرىيەتلەرگە بولغان رىشتىسى ۋە مۇناسىۋىتىنىڭ ئاجىز بولۇشى بىلەن ئىزاھلايدىغان بولسا، ئىجتىمائىي ئۆگىنىش نەزەرىيەسى تاپتىن چىقىشنى بىراۋنىڭ تەڭتۇشلىرى ۋە ئۇلارنىڭ قەدىرىيەت ۋە نورمىلىرى، شۇنداقلا ئۇلار بىلەن بولغان ئالاقە ۋە پائالىيەتلىرى، شۇنداقلا ئۇلارنىڭ ئىجتىمائىيلاشتۇرۇش كۈچى نۇقتىسىدىن ئىزاھلايدۇ.

ئەمدى ياشلارنىڭ تاپتىن چىقىشىنى ئەقلىي تاللاش نەزەرىيەسىنىڭ قانداق ئىزاھلايدىغانلىقىغا قاراپ چىقايلى: بۇ نەزەرىيەگە كۆرە، بىراۋ ئىش- ھەرىكەتلىرىنى خالىغانچە ئەمەس، بەلكى مۇئەييەن لوگىكىلىق ۋە ئەقلىي پائالىيەت جەريانىدا، شۇنداقلا بىر قاتار ھېسابلاردىن كېيىن ئېلىپ بارىدۇ. بىراۋ ھەر قانداق بىر ئىش- ھەرىكەتنى قىلماقچى بولغاندا بۇنىڭ ئۆزگە قانچىلىك پايدا، قانچىلىك زىيان ئېلىپ كېلىدىغانلىقىنى دەڭسەيدۇ، ئاخىرىدا ئۆزگە پايدىلىق دەپ قارىغاننى تاللايدۇ. بىراۋ ئىش- ھەرىكىتىنى قىلىش ئۈچۈن پايدا-زىياننى دەڭسىگەندە، ئىمكانىيەتلەرنىڭ ئاز كۆپلىكى (ئاز ئىمكانىيىتى بولغانلارنىڭ نىشانغا يېتىشى تەسرەك بولىدۇ) ۋە ئىجتىمائىي مۇئەسسەسەلەر بولۇپ ئىككى خىل قىسىشقا ئىگىدۇر. قىسىش خاراكتېرلىك ئىجتىمائىي مۇئەسسەسەلەر مۇئەييەن ئىش- ھەرىكەتلەرنى تېخىمۇ ئومۇملاشتۇرۇش، مۇئەييەن ئىش-ھەرىكەتلەرنى بولسا چەكلەش ئۈچۈن ئىجابىي ۋە سەلبىي ئىمبارگولار بېكىتىدۇ. ئەقلىي تاللاش نەزەرىيەسى تاپتىن چىقىشنى دەل بىراۋنىڭ ئەقلىي ھېسابلىرى ۋە تاللىشىنىڭ نەتىجىسى سۈپىتىدە كۆرىدۇ[64]. ناۋادا بىراۋ تاپتىن چىقىشنىڭ مۇئەييەن مەنپەئەت ۋە مەنىۋى جەھەتتىكى مەلۇم بىر تۇيغۇسىنى قاندۇرىدىغانلىقىنى ئويلىسا تاپتىن چىقىدىغان قىلمىشلارنى سادىر قىلىدۇ. بۇ نەزەرىيە تاپتىن چىقىشنى كەلتۈرۈپ چىقىرىدىغان شارائىتلار، بىراۋنى تاپتىن چىقىشقا زورلايدىغان ئىجتىمائىي ۋە كۇلتۇر ئامىللىرى، بىراۋنىڭ بىئولوگىيەلىك ۋە پىسخىكىلىق ئالاھىدىلىكلىرى، ئىجتىمائىيلىشىش جەريانى ۋە تەڭتۇشلىرى بىلەن بولغان مۇناسىۋىتى قاتارلىق ئامىللارنىڭ تاپتىن چىقىشقا كۆرسىتىدىغان تەسىرلىرى ئۈستىدە توختالمايدۇ.

ئەقلىي تاللاش نەزەرىيەسى دىن بىلەن تاپتىن چىقىش ئوتتۇرىسىدىكى مۇناسىۋەتنى بىراۋ سادىر قىلىدىغان تاپتىن چىقىش بىلەن ئۆلۈمدىن كېيىنكى ھاياتلىقتا بولىدىغانلىقىغا ئىشىنىلىدىغان مۇكاپات ياكى جازاغا ئاساسەن ئورنىتىدۇ. بۇنىڭغا ئاساسەن، دىن بىراۋنى ئۆلۈمدىن كېيىنكى ھاياتلىقتا، بۇ دۇنيادىكى تاللاش ۋە ئىش- ھەرىكەتلىرى تۈپەيلى مۇكاپات ياكى جازا ئەقىدىسىنى ئوتتۇرىغا قويىدۇ. بۇ سەۋەبتىن دىندار ئىنسان تاپتىن چىقىشتىن ساقلىنىپ ئارزۇ- ئىستەك ۋە ھاۋايى ھەۋەسلىرىدىن ساقلىنىدۇ ۋە ئەبەدىي جازاغا ئىشىنىدىغانلىقى ئۈچۈن تاپتىن چىقىشتىن قاچىدۇ. يەنە بۇ نەزەرىيەدە ھەر قانداق

بىر دىنغا ئىشەنمەيدىغان بىرىمۇ ئەبەدىي جازاغا ئىشەنمەيدىغانلىقى ئۈچۈن تاپتىن چىقىشى مۇمكىن. بۇ ئىزاھات شەكلى دىنىي قەدرىيەتلەر كۈندىلىك تۇرمۇش قائىدىلىرىنى بەلگىلەيدىغان جەمئىيەتلەردە بەكرەك ئاقىدۇ[65].

ئىجتىمائىي تەرتىپسىزلىك نەزەرىيەسى تاپتىن چىقىش بىلەن ئىجتىمائىي مۇھىتنىڭ مۇناسىۋىتى ئۈستىدە توختىلىدىغان بولۇپ، بۇ نەزەرىيەدە تاپتىن چىقىش نىسبىتى يۇقىرى بولغان رايونلارنىڭ ئىجتىمائىي، كۇلتۇر ۋە ئىقتىسادىي جەھەتتە تۆۋەن بولۇشىدىن باشقا، جەمئىيەت ۋە ئىجتىمائىي گۇرۇپپىنى بىر يەرگە جەم قىلالايدىغان ۋە ئۇيۇشتۇرالايدىغان قەدرىيەتلەر، نورمىلار ۋە ئېتىقادنىڭ يوقلىقى ياكى ئاجىزلىقى، بولۇپمۇ ئىزچىل كۆچمەنلەرگە ساھىبخانلىق قىلىۋاتقان رايونلار ئىكەنلىكىنى ئوتتۇرىغا قويۇلىدۇ. بۇ نەزەرىيەگە كۆرە، كۆچمەن قوبۇل قىلىۋاتقان بۇ رايونلاردا ياشايدىغان بىراۋ كۆچۈپ كەلگەن رايونلارنىڭ ئەخلاقىي، ئىجتىمائىي نورما ۋە قەدرىيەتلىرى بىلەن كەلگەن يەردىكى ئەخلاقىي قەدرىيەتلەر توقۇنۇش ئىچىدە بولىدۇ ياكى ماسلاشمايدۇ، بولسىمۇ تۆۋەن بولىدۇ. جەمئىيەت ۋە ئىجتىمائىي گۇرۇپپىنى ئۇيۇشتۇرۇپ تۇرىدىغان ئەنئەنىۋى كونترول مېخانىزملىرىنىڭ بولماسلىقى، بۇ رايونلاردا ئىجتىمائىي نورما ۋە قائىدە- يوسۇنلارنىڭ خىلمۇ- خىللىقىنى ئاشۇرۇپ، ئىش- ھەرىكەتلەرنى كونترول قىلىدىغان ئېنىق كونترول مېخانىزملىرىنىڭ يوق بولۇشىغا سەۋەب بولىدۇ. ئوخشاش قەدرىيەتلەر ۋە كونترول سىستېمىسى ھۆكۈمران بولغان رايونلاردا تاپتىن چىقىش نىسبىتى تۆۋەن بولىدۇ. پەرقلىق كۇلتۇرلەر، ئوخشىمىغان قەدرىيەت ۋە نورمىلار، ئېتىقادلار ياكى باي بىلەن كەمبەغەلنىڭ يانمۇ- يان ياشىشى ياشلارنىڭ تاپتىن چىقىشىدا مەلۇم دەرىجىدە رول ئوينايدۇ.

## خۇلاسە

زەھەرلىك چېكىملىككە خۇمار بولۇپ قېلىش شەخسىي مەسىلە بولۇش بىلەن بىرگە، ئىجتىمائىي مەسىلە پەيدا قىلىدىغانلىقى ئۈچۈن ئىجتىمائىي سالامەتلىككە تەھدىت شەكىللەندۈرىدىغان بىر ئېغىر مەسىلە ھېسابلىنىدۇ. بۇ جەھەتتىن بۇ مەسىلە ئۈستىدە ھەر ۋاقىت ئويلىنىپ تۇرۇشقا توغرا كېلىدۇ. ھايات تىنىمسىز ئۆزگىرىش ۋە تەرەققىيات جەريانىدىن ئىبارەتتۇر، بىراۋنىڭ ياشلىق دەۋرى بەلكىم بۇ جەرياننىڭ ئەڭ مۇھىم باسقۇچىنى تەشكىل قىلىدۇ. بىراۋنىڭ بالىلىقتىن قۇرامىغا يېتىش دەۋرى ھېسابلىنىدىغان ياشلىق دەۋرىدە گەۋدىلىك ئۆزگىرىش ۋە تەرەققىياتلار بارلىققا كېلىدۇ. بۇ نۇقتىدىن ئېلىپ ئېيتقاندا، بۇ ھالقىلىق دەۋر خاسلىق ياكى ئۆزگىچىلىك دەۋرى دەپمۇ ئاتىلىدۇ. ياشلىق دەۋرىدە ئادەم بەزىدە ئۆزىنى بالىدەك ھېس قىلىدۇ ۋە بالىلارچە ھەرىكەت قىلسا، بەزىدە چوڭلاردەك ھېس قىلىپ ئۇلاردەك ھەرىكەت قىلىشقا تىرىشىدۇ. ياشلىق ئىنسان ھاياتىنىڭ ئەڭ رەڭلىك دەۋرى بولۇش بىلەن بىرگە، ئەڭ ھالقىلىق ۋە قىيىن دەۋرىدۇر، ياشلار بىر تەرەپتىن ئۆزىدىكى بىئولوگىيەلىك ۋە پسىخىكىلىق ئۆزگىرىشلەرنى چۈشىنىشكە تىرىشسا، بىر تەرەپتىن ئىجتىمائىي مۇھىتقا ماسلىشىشقا تىرىشىدۇ. لېكىن بۇ ئۆزگىرىش ياشلارغا نىسبەتەن ئاسانغا توختىمايدۇ. بۇ سەۋەبتىن ياشلىق بوھران ۋە كرىزىس كۆرۈلىدىغان دەۋردۇر[66]. بوران-چاپقۇنلۇق ۋە داۋالغۇش دەۋرى دەپمۇ ئاتىلىدىغان بۇ دەۋرنىڭ ئەڭ گەۋدىلىك ئالاھىدىلىكلىرى يۇقىرى ھاياجان، ھېسسىياتچان، قىزىق قان، تېز ئورنىتىلىپ تېز بۇزۇلىدىغان ئىجتىمائىي ئالاقە، ئاساس تەسىرلىنىش،

كىشىلىك خاراكتېرىنىڭ پاسسىلىرىدىن ھالقىش، يېڭى نەرسىلەرنى ئاسان قوبۇل قىلىش، ئۆزى تەۋە بولغان ئىجتىمائىي گۇرۇپپا ئەزالىرى تەرىپىدىن مۇئەييەنلەشتۈرۈلۈش ۋە سۆيۈلۈشنى ئارزۇ قىلىش، باشقىلارنىڭ دىققىتىنى تارتىش، قابىلىيىتىنى جارى قىلدۇرۇش ئۈچۈن مۇنبەر ئىزدەش ۋە رول ئىگىسى بولۇش ئارزۇسى قاتارلىقلاردىن ئىبارەت.

ياشلار ئائىلىسىدىن ئىبارەت ئىجتىمائىي گۇرۇپپىدىن باشقا، يەنە دوست گۇرۇپپىسىغا ئوخشاش ئىجتىمائىي گۇرۇپپىغىمۇ تەۋە بولۇپ، بۇ گۇرۇپپىلار دائىرىسىدە پائالىيەت ئېلىپ بارىدۇ. ئائىلىنىڭ قائىدە- يوسۇنلىرى، نورمىلىرى بولغىنىغا ئوخشاش دوستلار گۇرۇپپىسىنىڭمۇ ئۆزىگە يارىشا قائىدە- يوسۇنلىرى ۋە نورمىلىرى بولىدۇ. ياشلارمۇ تەبىئىي ھالدا دوستلار گۇرۇپپىسىنىڭ بۇ قائىدىلىرىگە ماسلىشىشقا تىرىشىدۇ. ناۋادا ماسلاشمىسا چەتكە قېقىلىدۇ. ياشلار تەۋە بولغان گۇرۇپپىنىڭ نورمىلىرى، قەدرىيەتلىرى، قائىدىلىرى ۋاقتىنىڭ ئۆتۈشىگە ئەگىشىپ ئۇلارنىڭ ھاياتىغا تەسىر كۆرسىتىشكە باشلايدۇ. ئەگەر بۇ گۇرۇپپىنىڭ نورمىلىرى ئىچىدە تاپتىن چىقىش ھادىسىسى ھېسابلىنىدىغان زەھەرلىك چېكىملىك چېكىشتىن ئىبارەت خاتا بىر ھەرىكەت بولسا ياشلار بۇ خاتا ھەرىكەتكە يۈزلىنىدۇ. بولۇپمۇ ئائىلىسىدىن مېھىر- مۇھەببەت، ئىشەنچ ۋە بىخەتەرلىكنى تاپالمىغان، ئۆزىنى قەدىرسىز ھېس قىلىدىغان، يېڭى ئەھۋال ۋە قىيىنچىلىقلار ئالدىدا ئۆزىنى مۇھاپىزەت قىلالمايدىغان ياكى توغرا- خاتانى پەرق قىلالمايدىغان، جەمئىيەتنىڭ ئاساسلىق قەدرىيەت، نورما ۋە قائىدە- يوسۇنلىرىنى ھاياتىغا تەتبىقلاشتىن ئاجىز كەلگەن ياكى مۇشۇنداق بولۇشقا مەجبۇر بولغان ياشلار، «قەدىرنى»قىلغان كىشى ياكى گۇرۇپپىلارغا ئەگىشىشكە، ئۇلار نېمە دېسە شۇنى قىلىشقا تەييار ھالەتكە كېلىدۇ. چۈنكى بۇ ياشلار ئائىلىسىدە تاپالمىغان «كۆڭۈل بۆلۈنۈش، قەدىرلىنىش، ئېتىبار، ئادەمدەك مۇئامىلە قىلىنىش» ۋە بىر يەرگە مەنسۇپ بولۇش تۇيغۇسىنى تەۋە بولغان دوستلار گۇرۇپپىسىدىن تاپىدۇ. ئۇنىڭ ئۈستىگە ياشلارنىڭ «ئۇتۇقلىرى ۋە نەتىجىلىرى» دوستلار گۇرۇپپىسى تەرىپىدىن مۇئەييەنلەشتۈرۈلسە بۇ گۇرۇپپىغا تېخىمۇ باغلىنىدۇ. يۇقىرىدا دېيىلگەندەك، ياشلار تەۋە بولغان دوستلار گۇرۇپپىسىنىڭ قائىدىلىرى ۋە نورمىلىرى ئىچىدە زەھەرلىك چېكىملىك چېكىشتەك تاپتىن چىقىش ھادىسىسى بولسا بۇنىڭغا ئەگىشىپ مۇئەييەنلەشتۈرۈلۈشكە ئېرىشىدۇ. ياشلىق دەۋرىدە بىراۋنى زەھەرلىك چېكىملىك چېكىشكە يۈزلەندۈرىدىغان ئامىللار ئىچىدە، ياشلىق دەۋرىنىڭ ئۆزىگە خاس بولغان پىسخىكىلىق ۋە بىئولوگىيەلىك ئۆزگىرىشلەرمۇ رول ئوينايدۇ. مەلۇمكى، ياشلىق دېگەنلىك ئۆزگىرىش، تەرەققىيات، جەمئىيەتتە مەلۇم ئورۇنغا ئېرىشىش، ئائىلىسىدىن ئايرىلىپ ئەركىن ۋە مۇستەقىل ھالەتكە كېلىش دەۋرىدۇر. بۇ دەۋردە كىملىك ئىزدەش ئېڭى بارلىققا كېلىدۇ، ئىجتىمائىي روللار گەۋدىلىك ھالغا كېلىشكە باشلايدۇ. ياشلار ئۆزى چوڭ بولغان ئىجتىمائىي مۇھىتنىڭ قەدرىيەتلىرىنى، نورمىلىرى ۋە قائىدە-يوسۇنلىرى ھەققىدە سوئال قويۇشقا ۋە سوراشقا باشلايدۇ ۋە زېھنى دۇنياسىدا ئەڭ ياخشىسىنى تاپالايدىغانلىقىنى ئويلايدۇ. ياشلار ئاتا- ئانىسى ياكى جەمئىيەت بەلگىلىگەن بىر قاتار چەكلىمە ۋە قائىدىلەرگە ئىسيان قىلىدۇ، لېكىن ئۆزىگە تولۇق ئىشەنچ قىلالمايدۇ، ئەندىشە، گۇمان ۋە ۋەھىمە قاتارلىق تۇيغۇلىرى كۈچىيىدۇ. ياشلار ئۆزى ياقتۇرىدىغان مۇزىكا، كىيىم- كېچەك، ئىشلەتكەن گەپلەر ۋە باشقا ئىش- ھەرىكەتلىرىنىڭ داۋاملىق تەنقىدكە ئۇچرايدىغانلىقىنى ئويلايدۇ. شۇڭا ئائىلە- جەمئىيەت بىلەن ياشلار ئوتتۇرىسىدىكى توقۇنۇش ۋە سۈركىلىش، ياشلىق دەۋرىنىڭ ئەڭ گەۋدىلىك ئالاھىدىلىكلىرىدىن بىرىدۇر. ياشلار خەتەرگە تەۋەككۇل قىلىدۇ، ئەتراپىغا تەسىر كۆرسىتىش ۋە ئۆزىنى ئىسپاتلاشقا مايىل

كېلىدۇ. قىلغان ئىشىنىڭ ئاقىۋىتىگە سەل قارايدۇ. بۇ دەۋردە بارلىققا كەلگەن قىيىنچىلىقلار، نۇقسانلار، مۇۋەپپەقىيەتسىزلىكلەر، ئائىلە ۋە جەمئىيەتكە نىسبەتەن ياتلىشىش قاتارلىقلار ياشلارنى گاڭگىرتىپ قويىدۇ، مۇشۇنداق ھالقىق پەيتتە ئىچكى دۇنياسىدىكى داۋالغۇشلار ياشلارنى خۇشاللىقنى زەھەرلىك چېكىملىككە ئوخشاش نەرسىلەردىن ئىزدەشكە ئىتتىرىدۇ. بۇنىڭدىن سىرت ئائىلىسى بىلەن چىقىشىپ بولالمىغان ياكى چارىنى ئۆزىدىن تېپىپ بولالمىغان ۋە ياكى ئىجتىمائىي مۇئەسسەسەلەرنىڭ ياردىمىدىن قۇرۇق قالغان ياشلار، «يېقىن» دوستلىرىدىن پاناھلىق تىلەيدۇ ۋە قىيىنچىلىقلىرىنى ئۇلار ئارقىلىق ھەل قىلماقچى بولىدۇ. بۇ ئەھۋال تەبىئىي ھالدا ئۇلارنى دوستلىرىنىڭ بېسىمىنى، قائىدىلىرىنى قوبۇل قىلىشقا ئىتتىرىدۇ. «دوست» گۇرۇپپىسىنىڭ بېسىمىغا ۋە قائىدىلىرىگە ماسلىشىش ياكى ئۇلارغا تاقابىل تۇرۇشتىن ئاجىز كېلىش قاتارلىقلار، ئۇلارنى زەھەرلىك چېكىملىككە يەنى تاپتىن چىقىشقا يۈزلەندۈرىدۇ. قىسقىسى، كىشىلىك خاراكتېر، ئائىلە ۋە تەڭتۇشلەر (دوستلۇق گۇرۇپپىسى) قاتارلىقلارنىڭ سەلبىي تەسىرلىرى كۈچلۈك بولسا ياشلاردا زەھەرلىك چېكىملىككە كۆنۈپ قېلىش نىسبىتى يۇقىرى بولىدۇ.

ئىستانبۇلدا ياشايدىغان بىر قىسىم ئۇيغۇر ياشلىرى كىشىلىك خاراكتېر، ئائىلىگە ئوخشاش ئىجتىمائىي مۇئەسسەسەلەر ۋە تەڭتۇش گۇرۇپپىسى (دوستلۇق گۇرۇپپىسى) قاتارلىقلارنىڭ سەلبىي تەسىرلىرى تۈپەيلى زەھەرلىك چېكىملىككە كۆنۈپ قېلىپ «تاپتىن چىققان»، كېيىنچە ئۆزلىرىنىڭ تىرىشچانلىقى ۋە شەرقىي تۈركىستان ياشلار مەركىزىنىڭ كۈچ چىقىرىشى بىلەن مەلۇم دەرىجىدە ئوڭشىلىپ كەتكەن. بۇ ياشلارنىڭ خىروئىن، نەشە، مىت قاتارلىق زەھەرلىك چېكىملىك ۋە دورىلارغا كۆنۈپ قالغانلىقى مەلۇم، ئۇلارنىڭ بۇ چېكىملىكلەرنى چېكىش ۋە ئىچىش شەكلىگە قارىساق، كۆپ قىسمى بەزىدە دوستلىرى بىلەن بىرلىكتە چەككەن بولسا، يەنە پات- پات ئۆز ئالدىغا چەككەن. بۇ چېكىملىكلەرنى چېكىش سەۋەبلىرىگە كەلسەك، بۇلارنى چەككەندە ئالدىغان كەيىپ ۋە بېشىغا كەلگەن كۈلپەتلەرنى ئۇنتۇشتۇر. بۇ ياشلارنىڭ كۆپ قىسمىنىڭ ئاتا- ئانىسىنىڭ ۋەتەندە بولۇشىنى، ئۇلارنىڭ «تاپتىن چىقىشى»غا سەۋەب بولغان ئەڭ چوڭ ئامىل دېيىشكە بولىدۇ. چۈنكى ئائىلە مۇناسىۋەتلىرى بىراۋنىڭ ئىجتىمائىي ھاياتىنى بەلگىلەشتە يېتەكچىلىك رول ئوينايدۇ.

ماقالىمىزدە بۇ ياشلارنىڭ «تاپتىن چىقىش» ھادىسىسى جەمئىيەتشۇناسلىقنىڭ تارماق پەنلىرىدىن بولغان جىنايەت جەمئىيەتشۇناسلىقىدا ئاساسلىق ئورۇندا تۇرىدىغان ئىجتىمائىي رىشتە نەزەرىيەسى، بېسىم نەزەرىيەسى، ئىجتىمائىي ئۆگىنىش نەزەرىيەسى، ئەقلىي تاللاش نەزەرىيەسى ۋە ئىجتىمائىي تەرتىپسىزلىك نەزەرىيەسى قاتارلىقلار تەرىپىدىن ئىزاھلاندى.

ئىنسانلارنىڭ تاپتىن چىقىشقا ھەر ۋاقىت تەييار ھالەتتە ئىكەنلىكىنى، لېكىن ئۇلارنى تاپتىن چىقىشتىن توسۇپ قالىدىغان مۇئەييەن كونترول، نازارەت مېخانىزملىرىنىڭ بارلىقىنى ياقلايدىغان كونترول نەزەرىيەسى ئېتىقاد، قەدىرىيەت ۋە نورمىلارغا ئوخشاش مۇئەييەن ئىچكى ۋە تاشقى كونترول مېخانىزملىرىنىڭ بىراۋنى تاپتىن چىقىشتىن توسۇپ قالىدىغانلىقىنى ئوتتۇرىغا قويىدۇ. بۇ ئىچكى ۋە تاشقى كونترول مېخانىزملىرىنىڭ ئاجىزلىشىشى بىراۋنى تاپتىن چىقىرىدۇ. ھېرسچىنىڭ ئىجتىمائىي رىشتە نەزەرىيەسى بىراۋنى ئىجتىمائىيلاشتۇرىدىغان ۋە جەمئىيەتكە باغلايدىغان، بىراۋنىڭ جەمئىيەتكە ماسلىشىشىنى ئىشقا ئاشۇرىدىغان باغلىنىش، بېغىشلاش -ۋەدە، ئىشتىراك- پائالىيەت ۋە ئېتىقاد- قەدىرىيەت قاتارلىق تۆت ئاساسلىق ئىجتىمائىي رىشتىنى ياقلايدۇ. بېسىم نەزەرىيەسى ئىجتىمائىي

كونترول مېخانىزملىرىنىڭ ئاجىزلىشىشى ۋە يوق بولۇشى بىلەن بىراۋنىڭ تاپتىن چىقىدىغانلىقىغا دائىر قاراشقا قوشۇمچە قىلىپ، كونترول بىراۋغا كۈچلۈك بېسىم ئېلىپ كەلگەندە ئۇنىڭ ماسلىشىشىنىڭ ئورنىغا ئىسيان قىلىپ تاپتىن چىقىدىغانلىقىنى ياقلايدۇ. ئىجتىمائىي ئۆگىنىش نەزەرىيەسى تاپتىن چىقىشنىڭمۇ باشقا ئىش-ھەرىكەتلەرگە ئوخشاش ئۆگىنىلىدىغانلىقىنى ياقلايدۇ. ئەقلىي تاللاش نەزەرىيەسى بىراۋنىڭ تۈرلۈك ھېساب ۋە ئويلىنىشتىن كېيىن ئۆزىنىڭ مەنپەئەتىگە مۇۋاپىق ئىش- ھەرىكەتنى قىلىدىغانلىقىنى ئوتتۇرىغا قويىدۇ. ئىجتىمائىي تەرتىپسىزلىك نەزەرىيەسى بەزى رايونلاردا تاپتىن چىقىش نىسبىتىنىڭ يۇقىرى بولۇشىنى بۇ رايونلارنىڭ بىنورمال ئىجتىمائىي مۇھىت ۋە شارائىتلارغا ئىگە ئىكەنلىكى نۇقتىسىدىن ئىزاھلايدۇ. تاپتىن چىقىش ھادىسىسى ئومۇملاشقان رايونلارنىڭ ئىجتىمائىي- كۇلتۇر ۋە ئىقتىسادىي ئالاھىدىلىكلىرى نۇقتىسىدىن ناچار بولۇشىدىن سىرت، جەمئىيەتنى ئۇيۇشتۇرۇپ تۇرىدىغان قەدىرىيەت، نورما ۋە قائىدە يوسۇنلارنىڭ يوقلۇقى ياكى ئاجىزلىقى، كۆچمەن قوبۇل قىلىپ تۇرىدىغان رايونلاردا تاپتىن چىقىش ھادىسىسىنىڭ كۆپ بولىدىغانلىقىنى ياقلايدۇ.

**ENDNOTES**

1 Aylin Görgün Baran, "Genç Ve Gençlik: Sosyolojik Bakış", Gençlik Araştırmaları Dergisi © Yıl: 1 |Cilt: 1 |Sayı: 1 |2013-1ISSN: 2147-8473, s.8

2 Baran, "Genç Ve Gençlik: Sosyolojik Bakış",s.8

3 Baran, "Genç Ve Gençlik: Sosyolojik Bakış",s.8

4 Gençlerde Alkol / Madde Kullanımı ve Bağımlılığı https://www.e-psikiyatri.com/kategori/genclerde-alkol-madde-kullanimi-ve-bagimliligi

5 Gizem Sebahat Çoban, "Maslow'un İhtiyaçlar Hiyerarşisi Kendini Gerçekleştirme Basamağında Gizil Yetenekler", European Journal of Educational & Social Sciences, Volume 6 Issue 1 May 2021 ISSN: 2564-6621 \May 21, 2021,s.113

6 Gençlerde Alkol / Madde Kullanımı ve Bağımlılığı https://www.e-psikiyatri.com/kategori/genclerde-alkol-madde-kullanimi-ve-bagimliligi

7 Akalın, N. 2000, "Çocuğun suça itilmesinde toplumsallaşma öğelerinin etkisi", M. R. Şirin ve S. Usta Sayıta (Haz). 1. İstanbul çocuk kurultayı bildiriler kitabı (1. baskı) (s. 524- 533). İstanbul: İstanbul Çocukları Vakfı Yayınları, Akr, Radiye Canan BAĞIŞ, s.207.

9 Baran, "Genç Ve Gençlik: Sosyolojik Bakış",s.10

10 Mahmut H. Akın, "Gençlik Toplumsallaşmasında Akran ve Arkadaşlık Grupları", Gençlik Araştırmaları Dergisi, Cilt. 2 Sayı. 4, 2014, s. 10.

11 Seyfullah Kara, "Hz. Peygamberin Elinde Şekillenen İdeal Gençlik", Gençlik Araştırmaları Dergisi, Cilt. 1 Sayı. 2, Yıl:2013, s. 8.

12 Akın, "Gençlik Toplumsallaşmasında Akran ve Arkadaşlık Grupları", s.11

13 Halim BAŞ, "Türkiye'de Genç Nüfus: Sorunlar Ve Politikalar", Süleyman Demirel Üniversitesi Sosyal Bilimler Enstitüsü Dergisi , Yıl: 2017/2, Sayı:27, s.255-288 Journal of Süleyman Demirel University Institute of Social Sciences Year: 2017/2, Number:27,s.259

14 Tuğça Poyraz, Abdülkadir Zorlu, Birsen Şahin, Gülay Arıkan, "Üniversite Gençliğinin Güncel Sorunlara Bakış: H.Ü. Sosyoloji Bölümü Öğrencileri Örneği", Hacettepe Üniversitesi Edebiyat Fakültesi Dergisi 2003 / Cilt: 20 / Say›: 1 / ss. 4,

15 Frith (1984: 2)

16 Orhan Türkdoğan, "Sosyal Şiddet ve Türkiye Gençliği", Ankara, Mayaş Yayınları, 1985, s. 127. akt; Hayati

Beşirli,"Gençlik Sosyolojisi Politik Toplumsallaşma ve Gençlik", Ankara, Siyasal Kitabevi.

17 Halim Baş , "Türkiye'de Genç Nüfus: Sorunlar Ve Politikalar1", Süleyman Demirel Üniversitesi Sosyal Bilimler Enstitüsü Dergisi Yıl: 2017/2, Sayı:27, s.255-288 Journal of Süleyman Demirel University Institute of Social Sciences Year: 2017/2, Number:27, p.255-288 ,s.263

18 Frith 1984: 8.

19 Arıkan 1996: 13.

20 Poyraz, Zorlu, Şahin, Arıkan, "Üniversite Gençliğinin Güncel Sorunlara Bakış: H.Ü. Sosyoloji Bölümü Öğrencileri Örneği", s.10

21 Selçuk Aslan, Ali Dönmez, "Gençlerde Kimlik Yönelimi, Toplumsal Karşılaştırma, Arkadaşlara Bağlılık ve Grupla Bütünleşme", Mülkiye Dergisi, 37(3), 141-173, s.147

22 Günaydın ve Yöndem, 2007; Kumru, Carlo ve Edwards, 2004

23 Köknel Ö, İnsanı Anlamak, İstanbul: Altın Kitaplar Yayınevi, 1986, s.299

24 Uluğ F, Eğitimde Grup Süreçleri. Ankara: TODAİE Yayınları, 1999, AKR, Aslan S ve Dönmez A, 2013, s.148

25 Ulusoy, D., Özcan, D., N., Görgün-Baran, A. (2005) "Ebeveynin Çocuk Yetiştirme Biçimi ve Ergen Problemleri: Ankara İli Örneği", Türk Eğitim Bilimleri Dergisi, 3 (3), s.367-386.Akr, Baran,s.15

26 Melek Coşgun, "Gençlerin Kimlik Gelişimi Ve Sosyalleşme Sürecine Televizyon Dizilerinin Etkisi: Sakarya İli Kocaali İlçesi Örneği" ,Akademik Bakış Dergisi Sayı: 28 Ocak – Şubat 2012 Uluslararası Hakemli Sosyal Bilimler E-Dergisi Issn:1694-528x İktisat Ve Girişimcilik Üniversitesi, Türk Dünyası Kırgız – Türk Sosyal Bilimler Enstitüsü, Celalabat – Kırgızistan, s.16

27 Burcu, E, "Gençlik Teorilerinin Sınıflandırılmasına İlişkin Bir Çalışma", Sosyoloji Araştırmaları Dergisi,(1) 2, 1998, s.105-135.

28 مەلۇم مەنبەدىن براۋنىڭ مەدەنىيەت ساپاسى ۋە سەۋىيەسىنى كۆرستىدۇ.

29 Allan, K., "Contemporary Social and Sosiological Theory", Thousand Okas: Pine ForgePress Allan, ,2006, s. 176-178.

30 Poloma, M, "Contemporary Sociological Theory, New York" : MacMillan Pub., Co. Inc. Poloma, 1979, s.165, Akr, Baran, s.16.

31 Poloma, 1979: 165-166, Akr, Baran, s.16.

32 Doğan, İ., Bir Alt Kültür olarak Yüksel Caddesi Gençliği, Kültür Bakanlığı Yayınları, 1994, Akr, Baran, s.17.

33 Doğan, İ, Bir Alt Kültür olarak Yüksel Caddesi Gençliği, Akr, Baran, s.17.

34 Özbay, H. ve E. Öztürk, "Gençlik", İstanbul: İletişim Yayınları, 1996, s. 101-103.

35 İsmail Kara, , "Şiddete Dayalı Suçlarda Bağımlılık Ve Bağımlılık Merkezlerinin İyileştirmedeki Rolleri: İzmir Örneği", Ege Üniversitesi Sosyal Bilimler Enstitüsü Sosyoloji Anabilim Dalı Uygulamalı Sosyoloji Programı, 2014, s.18

36 Kara, "Şiddete Dayalı Suçlarda Bağımlılık Ve Bağımlılık Merkezlerinin İyileştirmedeki Rolleri: İzmir Örneği", s.19

37 Kara, "Şiddete Dayalı Suçlarda Bağımlılık Ve Bağımlılık Merkezlerinin İyileştirmedeki Rolleri: İzmir Örneği", s.34

38 Kara, "Şiddete Dayalı Suçlarda Bağımlılık Ve Bağımlılık Merkezlerinin İyileştirmedeki Rolleri: İzmir Örneği", s.21

39 Fergab Mutluer, Sapma Kuramlarına Bir Bakış, https://dergipark.org.tr/tr/download/article-file/151595, s.220.

40 https://tr.wikipedia.org/wiki/Sosyolojide_sapma

41 Fergab Mutluer, Sapma Kuramlarına Bir Bakış,s.221

42 Fergab Mutluer, Sapma Kuramlarına Bir Bakış,s.222

43 شەرقىي تۈركىستان ياشلار مەركىزى مەسئۇلى

44 Fuat Güllüpınar, "Suç Sosyolojisi", Anadolu Üniversitesi Yayını, Eskişehir, Ocak 2019, s.18

45 ۋىياتروسسكىي (Wiatrowski) غا بەزى بىلىم ئىنسانلىرى بېغىشلاشنىڭ ئورنىغا « ۋەدە ۋە ئەھدى» ئۇقۇمىنى ئىشلىتىدۇ.

46 Michey A. Syrquin, Travis Hirschi'nin Sosyal Kontrol Teorisi, https://www.sosyalbilimler.org/sosyal-kontrol-teorisi-hirschi/6 Haziran 2021

47 Güllüpınar, Suç Sosyolojisi, s.19

48 Michey A. Syrquin,

49 Nevzat Tarhan, https://uskudar.edu.tr/tr/icerik/5727/tarhan-gencler-iyi-insan-olma-hedefine-yonlendirilmeli

50 Bağış, "Çocukları Suça Sürükleyen Çevresel Nedenler: Sosyal Bağ Ve Sosyal Öğrenme Teorileri Işığında Bir Değerlendirme", s.207

51 Krohn, Marvin D. and Massey, James L, "Social Control and Delinquent Behavior: An Examination of the Elements of the Social Bond". *The Sociological Quarterly*, 1980, *21*(4): 529-543.

52 Nevzat Tarhan, https://uskudar.edu.tr/tr/icerik/7039/prof-dr-nevzat-tarhan-genclerin-hayatta-en-buyuk-riski-amacsizlik

53 fuat güllüpınar, suç sosyolojisi, anadolu üniversitesi yayını, eskişehir, Ocak 2019, s.19

54 Mehmedoğlu, Ali Ulvi , "Üniversite Öğrencilerinin Değer Yönelimleri ve Dindarlık", Değerler ve Eğitimi, editör. Recep Kaymakcan vd. DEM/Değerler Eğitimi Merkezi Yayınları, İstanbul, 2007, Akt, Mehmet YAZICI

55 Burçak AKTAŞ, Ali Şeriati'de İnsan Ve Toplum Felsefesinin İmkân, Ankara Yıldırım Beyazıt Üniversitesi Sosyal Bilimler Enstitüsü, Ankara, 2020, 32

56 Güngör, Güngör, Erol, Değerler Psikolojisi Üzerinde Araştırmalar, Ötüken Yay., İstanbul, 2010, s.28

57 Schwartz, Schwartz, Shalom H. Universals in the content and structure ofvalues: Theoretical advances and empirical tests in 20 countries. In Advances In Experimental Social Psychology M. P. Zanna, Ed. 1992, 25,1-65, San Diego: Academic Press.s.1, Akt, Mehmet YAZICI

58 Erdoğmuş, Zeki, "Değerler, Norm ve Sosyal Kontrol", Sosyoloji, N. Nirun ve Z. Erdoğmuş, MEB Yay., Ankara, Akt, Mehmet YAZICI, 1976.

59 Güven, Güven, Sami, Toplumbilim, Ezgi Kitabevi, Bursa, 199, s.163, Akt, Mehmet YAZICI

60 Mustafa Önder, Hüseyin Bulut, Emel Dini Değerler Ve Değerler Eğitimi? https://dergipark.org.tr/tr/download/article-file/68536.s.19.

61 Cullen ve Agnew, a.g.e., s.379.

62 Cullen ve Agnew, a.g.e., s.380

63 Cloward, 1959:168-9 akt. Dolu O. Suç Teorileri: Teori, Araştırma ve Uygulamada Kriminoloji. 2. Baskı. Ankara. Seçkin Yay. 2010. s.234. نەقىل قىلغۇچى: Fatma KENEVİR\ http://isamveri.org/pdfdrg/D00064/2017_3/2017_3_KENEVIRF.pdf

64 Ritzer G. Modern Sosyoloji Kuramları. Çev. Himmet Hülür. De Ki Yayınları. 7.Baskı. Ankara, 2011. ss.276-281; Wallace ve Wolf. a.g.e., s.345-348; قىلغۇچى: Fatma KENEVİR\ http://isamveri.org/pdfdrg/D00064/2017_3/2017_3_KENEVIRF.pdf

65 Fatma KENEVİR,\ http://isamveri.org/pdfdrg/D00064/2017_3/2017_3_KENEVIRF.pdf

66 Funda GEZEK, "SOKAKTA YAŞAYAN GENÇLERİN AİLE YAPISI VE MADDE BAĞIMLILIĞI ARASINDAKİ İLİŞKİ", İstanbul 2007, Marmara Üniversitesi Eğitim Bilimleri Enstitüsü Eğitim Bilimleri Ana Bilim Dalı Halk Eğitimi Bilim Dalı, Yüksek Lisans Tezi.

# «يەر شارى ۋاقىت گېزىتى»نىڭ رۇسىيە - ئۇكرائىنا كرىزىسىغا تۇتقان پوزىتسىيەسى

**مۇھەممەت ئابدۇمجىت**

مۇستەقىل تەتقىقاتچى

**ئاساسىي مەزمۇن:** بۇ تەتقىقاتنىڭ مەقسىتى خىتاينىڭ رۇسىيە - ئۇكرائىنا كرىزىسىغا بولغان پوزىتسىيەسىنى خىتاينىڭ خەلقئارالىق مېدىيا قۇرۇلۇشى بولغان «يەر شارى ۋاقىتى گېزىتى» نىڭ تىۋىتتېر ھېسابىدىكى تىۋىت تېكىستلىرىنى ئاساس قىلىپ ئانالىز قىلىش ۋە خەۋەرنىڭ ئاساسىي رامكىلىرىنى ئوتتۇرىغا قويۇشتىن ئىبارەت. تەتقىقاتتا ئانالىز قىلىنىدىغان تىۋىتتېر يوللانمىلىرى رۇسىيە ئۇكرائىناغا ھۇجۇم باشلىغان 24 - فېۋرالدىن تارتىپ تۇنجى قېتىملىق ئۇرۇش توختىتىش سۆھبىتى ئېلىپ بېرىلغان 28 - فېۋرالغىچە بولغان بەش كۈندە يوللانغان مەزمۇنلاردىن تەشكىل تاپىدۇ (2022 - يىلى 2 - ئاينىڭ 24 - كۈنىدىن 2022 - يىلى 28 - فېۋرالغىچە). تەتقىقات ئۇسۇلى سۈپىتىدە سۈپەتچىل مەزمۇن ئانالىزى ۋە رامكىغا ئېلىش ئۇسۇلى بىر گەۋدىلەشتۈرۈلۈپ قوللىنىلىدۇ. تەتقىقاتتا جاۋاب بېرىلىدىغان سوئاللار مۇنۇلاردىن ئىبارەت: كرىزىس مەزگىلىدە قايسى سۆز ۋە ئىبارىلەر تاللانغان ۋە تېكىستتە گەۋدىلەندۈرۈلمەكچى بولغان؟ قايسى ئۇچۇرلار ياكى ئەھۋاللار يوشۇرۇلغان ۋە سەل قارالغان؟ ئىشلىتىلگەن خەتكۈچ بەلگىلىرى ئارقىلىق نېمىلەرگە دىققەت تارتماقچى بولغان؟ كرىزىس جەريانىدا خىتاينىڭ رولى قانداق تەسۋىرلەنگەن؟ رۇسىيە - ئۇكرائىنا كرىزىسى خىتاي نۇقتىسىدىن قانداق باھالانغان؟ خىتاي رۇسىيە - ئۇكرائىنا كرىزىسى مەزگىلىدە قانداق تاشقى سىياسەت قوللانغان ۋە بۇنى قانداق ئەكس ئەتتۈرگەن؟ تەتقىقات نەتىجىسىدە مۇنۇ نەتىجىلەر يەكۈنلەپ چىقىلدى: «يەر شارى ۋاقىت

گېزىتى» ئۇرۇشنىڭ ئامېرىكا، شىمالىي ئاتلانتىك ئەھدى تەشكىلاتى ۋە رۇسىيە ئوتتۇرىسىدىكى تىركىشىش ئىكەنلىكىگە، ئۇرۇشقا مەسئۇل تەرەپنىڭ ئامېرىكا ۋە شىمالىي ئاتلانتىك ئەھدى تەشكىلاتىدىكى دۆلەتلەر ئىكەنلىكىگە دىققەت تارتماقچى بولغان. گېزىت كرىزىسنىڭ بىر ئاكتىيورى بولغان رۇسىيەنى ۋاسىتىلىك ئىپادىلەر ئارقىلىق «يوللۇق» كۆرسىتىشكە تىرىشىپ، ئۇكرائىنادىكى پاجىئەنىڭ سەۋەبچىسى ئىكەنلىكىنى سۇسلاشتۇرماقچى بولغان. «ئۇرۇش» سۆزى پەقەت بىرلا يوللانمىدا ئىشلىتىلگەن، باشقا يوللانمىلاردا «ئوپېراتسىيە» ئىپادىسى تەرجىھ قىلىنىپ، ئوقۇرمەننىڭ كاللىسىدا رۇسىيەنىڭ زوراۋانلىق قىلمىشىنىڭ دەرىجىسى تۆۋەنلىتىلمەكچى بولغان. خىتاي نۇقتىسىدىن كرىزىس ئامېرىكا ۋە ش ئا ئە ت نىڭ ئويۇنى دەپ باھالانغان. يوللانمىلاردا رۇسىيەنىڭ بىخەتەرلىك مەسىلىسىگە ئەھمىيەت بېرىش كېرەكلىكى تەكرارلىنىپ، ئوقۇرمەننى بۇ يۆنىلىشتە پىكىر قىلىشقا يۈزلەندۈرمەكچى بولغان. كرىزىس مەزگىلىدە، خىتاي دىئالوگ ۋە تىنچ ئۇسۇللار ئارقىلىق رۇسىيە - ئۇكرائىنا كرىزىسىنى ھەل قىلىدىغان تەرەپ سۈپىتىدە كۆرسىتىلگەن.

**ئاچقۇچلۇق سۆزلەر:** رۇسىيە - ئۇكرائىنا كرىزىسى، خىتاي، رامكىغا ئېلىش نەزەرىيەسى، يەرشارى ۋاقىت گېزىتى، تىۋىتتېر.

**ABSTRACT**: The aim of this study is to examine how China's ideological attitudes regarding the Russia - Ukraine crisis are presented in the Global Times, an international media organization of Chinese origin, specifically on the newspaper's twitter account and to reveal the dominant frames of the news. Twitter posts to be included in the analysis in the study are from February 24, when Russia attacked Ukraine, to February 28, when the first ceasefire negotiations were held (February 24, 2022—February 28, 2022). As a method, qualitative content analysis and framing method were used in an integrated manner. The questions to be answered in the study are formulated as follows: Which messages were "selected" and made "remarkable" in the text during the crisis? Which messages or situations were "hidden" or "ignored" in the text during the crisis? What is it trying to draw attention to in the hashtags used? How has China's role been described in the crisis process? How was the Russia - Ukraine crisis evaluated in terms of China? What kind of foreign policy did China follow during the Russia - Ukraine crisis and how did it reflect this? As a result of the study, it was seen that the Global Times tried to draw attention to the fact that the war was a showdown between the USA, NATO and Russia, and that the responsible for the war was the USA and NATO countries. Russia, an actor of the crisis, was tried to be "justified" with indirect expressions. It is seen that the expression "war" is used in only one message, while the expression "operation" is preferred in other messages. From the point of view of China, the crisis was evaluated as the game of the USA and NATO, and it was repeated that Russia's security concerns should be given importance. It was concluded that during the crisis, China was framed as a party to resolving the Russia - Ukraine crisis .through dialogue and peaceful methods

**Keywords**: Russia - Ukraine Crisis, China, Global Times, Twitter , Framing

## كىرىش

رامكىغا ئېلىش ئۇقۇمىنى باتېسون 1955 - يىلى تۇنجى بولۇپ ئوتتۇرىغا قويغان بولۇپ، گوفمان (1974) كۇلتۇر جەمئىيەتشۇناسلىقىغا قوشقان. ئېنتمان (1993) ئۇقۇمنى مېدىيا تەتقىقاتلىرى

ئۈچۈن تەۋسىيە قىلغاندىن كېيىن، ئۇ مېدىيا تەتقىقاتلىرى ئۈچۈن ھەم نەزەرىيەۋى ئاساس ھەم تەتقىقات ئۇسۇلى قىلىپ قوللىنىلىشقا باشلىغان بولۇپ، سۈپەت تەتقىقاتلىرىدىكى مۇھىم نۇقتىغا ئايلانغان. بۈگۈنكى كۈندە ئۇ رەقەملىك مېدىيا تەتقىقات ئۇسۇللىرىنىڭ بىرىگە ئايلىنىپ، بۇ ساھەدىكى تەتقىقاتچىلارمۇ مۇراجىئەت قىلىدىغان نەزەرىيەۋى ئاساس ۋە تەتقىقات ئۇسۇلىنىڭ بىرى بولۇپ قالدى.

خەۋەر رامكىسى ئوقۇرمەنلەرنىڭ كاللىسىدا مەلۇم بىر چۈشەنچە سىخېمىسىنى قۇرۇشقا تىرىشىدۇ. «مۇھىم» دەپ قارالغان مەزمۇنلارنى تېخىمۇ بەك گەۋدىلەندۈرۈپ، ئالدىنقى قۇرلارغا تىزىش ۋە تەكرارلاش، «مۇھىم ئەمەس» دەپ قارالغان مەزمۇنلارنى نەزەردىن ساقىت قىلىش ياكى ۋاستىلىك ھالدا قىممىتىنى تۆۋەنلىتىش ئارقىلىق، ئوقۇرمەنلەرنى مەلۇم نۇقتىغا جەلپ قىلىش ئارزۇ قىلىنىدۇ.

خەلقئارالىق مېدىيا قۇرۇلۇشلىرى ۋەكىللىك قىلىدىغان دۆلەتنىڭ ياكى ئىدىئولوگىيەنىڭ ئومۇمىي رامكىسىنى خەۋەرلەر ئارقىلىق شەكىللەندۈرىدۇ ۋە بۇنى قىلىش جەريانىدا نىشان ئاممىنىڭ مەلۇم بىر نۇقتىئىنەزەرگە ئىگە بولۇشىنى مەقسەت قىلىدۇ. دۆلەتلەرنىڭ خەلقئارالىق ۋەقەلەرگە بولغان كۆز قارىشى، پوزىتسىيەسى ۋە تاشقى سىياسىتىنى، دۆلەتنى ئىدارە قىلىۋاتقان ھۆكۈمەتلەر بىلەن بىۋاسىتە مۇناسىۋىتى بولغان تارقىتىش ئورگانلىرىنىڭ تارقىتىش سىياسىتىگە ئاساسلىنىپ تۇرۇپ چۈشىنىشكە بولىدۇ.

تور ئىمكانىيەتلىرىنىڭ تۈرتكىسىدە چوڭ تىپتىكى مېدىيا قۇرۇلۇشلىرىنىڭ ھەممىسى دىگۈدەك رەقەملىك مۇھىتتا مەۋجۇتلۇقىنى نامايەن قىلىشقا باشلىدى. ئىجتىمائىي ئالاقە سۇپىلىرى مېدىيا ئورگانلىرىنى ۋەقە ۋە ھادىسەلەر توغرىسىدىكى خەۋەرلەرنى شۇ ھامان ھەمبەھىرلەش پۇرسىتى بىلەن تەمىنلىدى. تىۋىتتېر سىياسىي ئالاقە ئۈچۈن ناھايىتى قىزغىن ئىشلىتىلىۋاتقان كۈنىمىزدە، مېدىيا ئورگانلىرى ئۆزلىرىنىڭ رەسمىي تىۋىتتېر ھېسابى ئارقىلىق نۆۋەتتىكى قىزىق نۇقتا ۋەقەلەرنى تېز، قىسقا ۋە جەلپ قىلارلىق ئۇسۇلدا نىشانلىق ئوقۇرمەنلەرگە يەتكۈزۈشكە باشلىدى. تىۋىتتېر مەزمۇنىنىڭ پەقەت 280 ھەرپ بىلەن چەكلىنىشى، مېدىيا ئورگانلىرىنىڭ ۋەقە، ھادىسىلەرگە بولغان پوزىتسىيەسىنى، يەنى نىشانلىق ئوقۇرمەنلەر خەۋەردار بولسا بولاتتى دەپ قارىغان قاراشلىرىنى، باشقىچە ئېيتقاندا، مېدىيا ئىگىدارلىرى ئۈچۈن «مۇھىم» بولغان مەزمۇنلارنى قىسقا ۋە جىددىي قىلىپ يەتكۈزۈشنى سۈپا بىلەن تەمىنلەيدۇ.

2022 - يىلى 2 - ئاينىڭ 24 - كۈنى رۇسىيە ئۇكرائىنانى ئىشغال قىلىش ھۇجۇمىنى باشلىدى. خەلقئارا سىياسەت ۋە مېدىيانىڭ كۈنتەرتىپى ئۇرۇشنىڭ تەرەققىياتىغا مەركەزلەشتى. تۈركىيەنى ئۆز ئىچىگە ئالغان نۇرغۇن تەرەققى قىلىۋاتقان دۆلەتلەر بۇ خىل ئۇرۇش ۋە توقۇنۇشقا مۇناسىۋەتلىك ئەھۋاللارنىڭ غەرب ۋە ئامېرىكا مېدىياسىدا قانداق خەۋەر قىلىنىدىغانلىقى ھەققىدە ئومۇمىي كۆز قاراشقا ئىگە. ئەمما، خىتاي مېدىيا ئورگانلىرىنىڭ بۇ ۋەقەلەرگە تۇتقان پوزىتسىيەسى ئۇلارنىڭ دىققەت ۋە كۆڭۈل بۆلۈش دائىرىسىدا ئەمەس. تەبىئىي ھالدا، رۇسىيە بىلەن ئۇكرائىنا ئوتتۇرىسىدىكى توقۇنۇش جەريانى خەلقئارا مېدىيانىڭ قىزىق نۇقتىسى بولدى. ئۇلار ئومۇمەن رۇسىيەنى ئىشغالچى دەپ تەسۋىرلىدى ۋە خەۋەرلىرىدە مۇشۇ نۇقتىئىنەزەرنى گەۋدىلەندۈردى. بۇ نۇقتىدا خىتاينىڭ بۇ كىرىزىسقا بولغان كۆز قارىشى قانداق؟ خىتاي مەركەزلىك مېدىيا قۇرۇلۇشلىرى بۇ كىرىزىسنى قانداق خەۋەر قىلىۋاتىدۇ؟ خىتاي كىرىزىسقا قانداق پوزىتسىيە تۇتىۋاتىدۇ؟ دىگەندەك سوئاللارنىڭ جاۋاپلىنىش زۆرۈرىيىتى تۇغۇلىدۇ.

بۇ تەتقىقات رامكىغا ئېلىش نەزەرىيەسى ئاساسىدا خىتاينىڭ خەلقئارالىق مېدىيا قۇرۇلۇشى بولغان يەرشارى ۋاقىت گېزىتىنىڭ تىۋىتتېر ھېسابىدا ھەمبەھىرلەنگەن مەزمۇنلاردا، رۇسىيە - ئۇكرائىنا كىرىزىسىنىڭ قانداق سۈنئىيلەشتۈرۈلگەنلىكىنى ئانالىز قىلىشنى مەقسەت قىلىدۇ. بۇ دائىرىدە ئوتتۇرىغا قويۇلغان يېتەكچى ئىدىيەۋى قۇرۇلما تەھلىل قىلىنىدۇ.

## رامكىغا ئېلىش نەزەرىيەسى

رامكا (Frame) - كۆپىنچە كىشىلەرگە تونۇش ئۇقۇم. ئۇيغۇرتىلى ئىزاھلىق لۇغىتىدە رامكا ئۇقۇمىغا بىرقانچە خىل ئىزاھات بېرىلگەن: «رەسىم ۋە شۇنىڭغا ئوخشاش نەرسىلەرنى ئىچىگە ئېلىپ قويىدىغان تۆت بۇرجەكلىك جازا؛ شەكلى رامغا ئوخشىتىپ سىزىلغان كاتەكچە، رەسىم ۋە شۇنىڭغا ئوخشاشلار؛ ئىش - ھەرىكەت، پائالىيەت، ۋەقە - ھادىسە ۋە شۇنىڭدەكلەرنىڭ دائىرىسى؛ چەك، چېگرا، دائىرە.»[1] بۇنىڭدىن سىرت رامكىنى تىل ئىستېمالىمىزدا ماھىيىتىنى بەك روشەن بىلىپ كەتمىسەكمۇ تەپەككۇر رامكىسى دەپ ئىشلىتىش ئەھۋاللىرى ئۇچرايدۇ.

رامكىغا ئېلىش نەزەرىيەسىنىڭ (Framing Theory ) مەنبەسى ئىككى خىل يۆنىلىشكە ئىگە.[2] بۇ ئۇقۇم جەمئىيەتشۇناسلىق ۋە پسىخولوگىيە نۇقتىسىدىن مۇلاھىزە قىلىنغان بولۇپ، رەسىم رامكىسى مېتافورىسى ئارقىلىق چۈشەندۈرۈلگەن. باتېسون (1955): «ئۇچۇرلار بىر رامكىدىكى رەسىملەرگە ئوخشايدۇ. تارقاتقۇچى ئۇچۇرلارنى ئۆزىنىڭ تونۇش ۋە ياقتۇرۇش دائىرىسىدە تەييارلايدۇ. شۇڭلاشقا، ئۇ بېكىتكەن رامكا ئىچىدىكى ئۇچۇرلار مۇھىم ۋە «زۆرۈر»، ئەمما ئۇنىڭ سىرتىدىكى ئۇچۇرلار «مۇھىم ئەمەس» دەپ قارىلىدۇ ۋە رەت قىلىنىدۇ» دەپ قارايدۇ.[3] بۇ نۇقتىدىن ئېيتقاندا، ۋەزىيەت ياكى ھادىسىنىڭ قانداق خەۋەر قىلىنىشى ۋە رامكىنىڭ ئىچىگە نېمىلەرنىڭ كىرگۈزۈلۈپ، نېمىلەرنىڭ كىرگۈزۈلمەسلىكى مېدىيا تېكىستلىرى يەتكۈزۈلگەن جەمئىيەتتە ئوخشىمىغان تەسىرلەرنى پەيدا قىلىدۇ[4].

رامكىلاش ئۇقۇمىغا كۈندىلىك تۇرمۇشتىكى سۆھبەت ۋە ھەرىكەتلىرىمىزنى شەكىللەندۈرىدىغان جەريان دەپ ئېنىقلىما بېرىلىدۇ. بۇ نۇقتىدا رامكا كىشىلەرنىڭ ۋەقەلەرگە تۇتقان پوزىتسىيەسى ۋە ئۇلارنىڭ شەخسىي قىزىقىشى بىلەن شەكىللىنىدۇ.[5] كىشىلەر كۈندىلىك تۇرمۇشنى چۈشىنىش ئۈچۈن ئىجتىمائىي تۇرمۇشتىكى بەزى چۈشەنچە رامكىلىرىنى ئىشلىتىدۇ. ئىجتىمائىي رول ۋە ئىجتىمائىي ئەھۋاللارنى ئىزاھلاش ئارقىلىق، ئۆزىنىڭ ھەرىكىتىنى باشقىلار بىلەن ماسلاشتۇرۇش ۋە تۇرمۇشىنى تەرتىپلىك قىلىش ئۈچۈن مەلۇم ھەرىكەت سېنارىيەسىگە ئاساسەن ئىش - ھەرىكەت ۋە ئىپادىلەرنى چۈشىنىدۇ. رامكا مەلۇم ۋاقىتتىكى بىر ئىجتىمائىي ۋەزىيەتنى چۈشىنىش ئۈچۈن ئىشلىتىلىدىغان مۇئەييەن ئۇمىدلەرنىڭ يۈرۈشلۈك تىزمىسىدىن ئىبارەت. بۇ ئاتالمىش سىمۋوللۇق ئۆز - ئارا تەسىر كۆرسىتىش نۇقتىئىنەزىرىنىڭ دەل ئۆزى.[6]

رامكىلاش تاللاش ۋە دىققەت تارتىشتىن ئىبارەت ئىككى ئاساسىي مەشغۇلاتنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ. تاللاش جەريانى خەۋەرنى يېزىپ تارقىتىدىغان ئاكتىيورلارنىڭ مەشغۇلاتى، دىققەت تارتىش بولسا تېكىستنىڭ قوبۇللىغۇچىقا بولغان تەسىرىنى كۆرسىتىدۇ.[7] «مۇھىم» بولغانلارنى تېخىمۇ كۆزگە كۆرۈنەرلىك قىلىپ لايىھەلەش، «مۇھىم ئەمەس» لەرنى قىممەتسىزلەشتۈرۈش، مۇھىملىق دەرىجىسىنى تۆۋەنلىتىش رامكىلاش جەريانىدا ئۆز ئىپادىسىنى تاپىدۇ. باشقىچە قىلىپ ئېيتقاندا، رامكىغا ئېلىشقا ئۇچۇرنىڭ تېمىسى ۋە مەزمۇنى

قاتارلىق مۇھىم ئالاھىدىلىكلەرنى ئامما قوبۇل قىلالايدىغان، ئۇنى ھەرىكەتكە كەلتۈرەلەيدىغان قىلىپ لايىھەلەپ، ئۇلار مەلۇم بىر ھادىسەگە باھا بېرىش جەريانىدا ئىشلىتىدىغان ئۇنۇم دەپ ئېنىقلىما بېرىلىدۇ.[8] بۇ قاراشلارنىڭ ھەممىسىدىن چىقىش قىلىپ تۇرۇپ قۇرۇلما خاراكتېرلىك قاراشقا ئاساسەن دېگەندە، رامكىغا ئېلىش بىزنىڭ دۇنيانى چۈشىنىشىمىزنى شەكىللەندۈرۈشتە ئىجتىمائىي «رېئاللىق» بەرپا قىلىش ۋەزىپىسىنى ئۈستىگە ئالىدىغان جەرياننى كۆرسىتىدۇ.[9]

رامكىغا ئېلىش نەزەرىيەسىنىڭ بىر قانچە ئالاھىدىلىكىنى تىلغا ئېلىش مۇمكىن.

1. رامكىغا ئېلىش نەزەرىيەسىنىڭ نېگىزلىك سوئالى مېدىيا مەزمۇننى قانداق ئىشلەيدۇ؟ يەنى مېدىيا رېئاللىقنى قانداق ئەكس ئەتتۈرىدۇ ۋە كىشىلەرنىڭ ئۇنىڭغا بولغان تونۇشىنى قانداق تەرتىپكە سالىدۇ؟ قاتارلىقلاردىن ئىبارەت. رامكىغا ئېلىش نەزەرىيەسى مۇھىم بىر تەھلىل ساھەسىنىڭ ئىشىكىنى ئاچىدۇ. سوئال، سۆزلەم ۋە مەنىلەر قانداق تەييارلىنىدۇ؟ قانداق تەشكىللىنىدۇ ۋە بارلىققا كېلىدۇ؟... قاتارلىق سوئاللار رامكىغا ئېلىش نەزەرىيەسىگە ئاساسەن مۇلاھىزە قىلىنىدۇ.

2. رېئاللىقنى قانداق ئەكس ئەتتۈرۈش، مەنىنى قانداق بەرپا قىلىش ۋە كىشىلەرنىڭ تونۇشىنى قانداق قېلىپلاشتۇرۇش قاتارلىقلار، ئەڭ ئاخىرىدا مېدىيانىڭ مەھسۇلى بولغان تېكىست ياكى سۆزلەم ئارقىلىق كونكرېتلاشتۇرۇلىدۇ. شۇڭلاشقا، تېكىست قۇرۇلمىسىنى تەھلىل قىلىش ياكى سۆزلەمنىڭ قانداق ئىشلەپچىقىرىلىدىغانلىقىنى ئانالىز قىلىش، رامكىغا ئېلىش نەزەرىيەسىنىڭ مۇھىم نۇقتىسى.

3. رامكىغا ئېلىش نەزەرىيەسى مېدىيانىڭ مەھسۇلات ئىشلەپچىقىرىشنى ئاساس قىلىدۇ، ئەمما ئىشلەپچىقىرىشنى يېپىق ۋە شەخسىي جەريان دەپ قارىمايدۇ. ئىشلەپچىقىرىش ۋە ئۇنىڭ مەھسۇلاتلىرىنى (تېكىستلەرنى) مەلۇم مەزمۇن ۋە مۇناسىۋەتكە باغلايدۇ. بۇ مۇناسىۋەتلەرنى ئىككى تۈرگە ئايرىشقا بولىدۇ: بىرى، تېكىستنى ئۆزىنى ئۆزى كونترول قىلىدىغان سىستېما سۈپىتىدە ئىشلىتىش (قەستەن تەكىتلەنگەن، ئىزاھلانغان ۋە ئوتتۇرىغا قويۇلغان كودلار) ۋە ئۇنىڭ ئىچكى مۇناسىۋەتلىرىنى ۋە ئۇنىڭدىن كېلىپ چىققان مەنىلەرنى تەتقىق قىلىش. يەنە بىرى، ئىشلەپچىقىرىش بىلەن پۈتكۈل تاشقى مۇھىت (تۈزۈملەشتۈرۈشنىڭ مۇھىم بىر قىسمى) ئوتتۇرىسىدىكى مۇناسىۋەتنى، ئىككىسى ئوتتۇرىسىدىكى زىددىيەتنى ۋە تېكىستنىڭ مەنىسىگە بولغان تەسىرىنى ئىگىلەش.[10]

## مېدىيادا خەۋەرلەرنى رامكىغا ئېلىش

مېدىيانىڭ خەۋەردىكى ۋەقەلەرگە قانداق ئېنىقلىما بېرىشى ۋە ئۇنىڭغا تۇتقان پوزىتسىيەسى، ھادىسەگە مۇناسىۋەتلىك مەزمۇنلارنىڭ قايسىسىنىڭ خەۋەردە يېزىلىشى ۋە قايسى مەزمۇن ۋە جەريانلارنىڭ خەۋەر سىرتىدا قالدۇرۇلۇش مەشغۇلاتى مېدىيادىكى رامكىغا ئېلىش نەزەرىيەسىدىن ئىبارەت.[11] مېدىيا رامكىلىرى بىلىش، باھالاش ۋە تونۇشتۇرۇش، شۇنداقلا سىمۋول ئىشلەتكۈچىلەرنىڭ ئاغزاكى ۋە كۆرۈنۈشلۈك سۆزلەم تۈزگەندە ئېلىپ بارىدىغان تاللاش، تەكىتلەش ۋە چەتكە قېقىش مەشغۇلاتىنىڭ سىجىل ئەندىزىلىرىدۇر. بۇ نۇقتىدىن ئېيتقاندا، رامكىلاش ژۇرنالىستلارنىڭ بىلگەنلىرىنى تېز ۋە دائىمىي مەشغۇلاتلار بىلەن بىر تەرەپ قىلىش ئارقىلىق «ئورالغان ئۇچۇرلار» نى ئاممىغا سۇنۇشىغا ياردەم بېرىدۇ.[12]

مېدىيا كەسپىي خادىملىرىنىڭ مېدىيادا قايتا

قۇراشتۇرۇپ چىققان تېكىست رامكىلىرى ئۇلارنىڭ ئىجتىمائىي ۋە مەدەنىيەت قۇرۇلمىسى ئىچىدە بولىدۇ.[13] مېدىيا ئىجتىمائىي ۋە سىياسىي ۋەقەلەرگە ئائىت ئۇچۇرلارنى ئۆزى قوراشتۇرغان مەنە ۋە باھا رامكىسى ئىچىدە نىشانغا (ئوقۇرمەن، ئىڭشارمەن، كۆرۈرمەن، تاماشىبىن) يەتكۈزىدۇ. ئۇلار نىشانغا سۇنغان بۇ مەنە ۋە باھالاشلار مەلۇم رامكىلاردا شەكىللەنگەن بولىدۇ.[14] گوفمان مۇنداق دەيدۇ: رامكا دەپ بەلگە قويۇلغان باھالاش سىخېمىسى شەخسلەرنىڭ مەيدانغا كەلگەن ۋەقە ياكى ئۇچۇرلارنى ئۇنىڭغا قويۇش، ھېس قىلىش، ئېنىقلىما بېرىش ۋە ماركىلاش قاتارلىق ئەھۋاللارنى ئورۇندىيالايدۇ.[15]

شېيۇفىل ئوخشىمىغان ئىككى خىل رامكا ھەققىدە توختىلىدۇ. بۇلار شەخسىي ۋە مېدىيا رامكىلىرىدىن ئىبارەت. شەخسىي رامكىلار شەخسلەرنىڭ مېدىيا خەۋەرلىرىدىن ئالغان ئۇچۇرلارنى چۈشىنىشتە مۇراجىئەت قىلىدىغان بىر يۈرۈش تەپەككۇر ئۆلچىمىنى كۆرسەتسە، مېدىيا رامكىلىرى تارقاتقان خەۋەرلەردىكى مۇلاھىزە ۋە مەسىلىنىڭ ماھىيىتىنىڭ نېمە ئىكەنلىكىنى تەكىتلەيدۇ.[16]

ئېنتمان، مېدىيادا خەۋەرلەرنى رامكىغا ئېلىشنى تۆت ئاساسىي فۇنكسىيە ئىچىدە تەتقىق قىلىدۇ. بۇلار: مەسىلىنىڭ سەۋەبىنى ۋە مەسىلىنى پەيدا قىلغان جەريانلارنى ئېنىقلاش؛ مەسىلىنى ئەخلاقىي جەھەتتىن باھالاش؛ ئاخىرقى باسقۇچتا، مەسىلىلەرنى ھەل قىلىش ئۈچۈن چارە - تەدبىر ئوتتۇرىغا قويۇش. ئەمما، تېكىستتە قۇراشتۇرۇلغان رامكىلار تۆت فۇنكسىيەنىڭ ھەممىسىنى ئۆز ئىچىگە ئالمىسىمۇ بولۇۋېرىدۇ.[17] گامسون ۋە مودىگلىيانىمۇ خەۋەر تېكىستلىرىنى تەھرىرلەشتە مەلۇم رامكىلارنى تاللاش، گەۋدىلەندۈرۈش ۋە مەلۇم رامكىلارنى سىرتتا قالدۇرۇش جەريانىغا دىققەت تارتىدۇ. مۇشۇنداق قىلىش ئارقىلىق رامكىغا ئېلىشنى بىر مەسىلىنى چۈشەندۈرۈپ بېرىدىغان «چۈشەندۈرگۈچى ئورالمىلار» دەپ ئاتايدۇ.[18]

رامكىلارنى بېكىتىش ۋە خەۋەر يېزىشتا ئىجتىمائىي نورما ۋە قىممەت قاراش، تەشكىلىي بېسىم، مەنپەئەت گۇرۇھلىرىنىڭ بېسىملىرى، مۇخبىرلىق قائىدىلىرى ۋە مېدىيانىڭ سىياسىي ۋە ئىدىيەۋى يۆنىلىشىنىڭ كۈچلۈك تەسىرى بار.[19]

ئېنتماننىڭ كۆرسىتىشىچە، رامكا تۆت ھالقىدا شەكىللىنىدۇ (ژۇرنالىست / مۇخبىر، تېكىست، نىشان، كۈلتۈر ياكى جەمئىيەت.

*ژۇرنالىستلار ئاڭلىق ياكى ئاڭسىز ھالدا رامكىنى قۇراشتۇرىدۇ. تېكىستتىكى بەزى ئاچقۇچلۇق سۆز ۋە ئىبارىلەر، قېلىپلاشقان ئۇچۇر مەنبەلىرى بەزى يەكۈنلەرنى تېماتىك جەھەتتىن كۈچەيتىدۇ. نىشان مۇخبىرلار تەييارلاپ سۇنغان تېكىستلەرنى ئۆزىنىڭ شەخسىي رامكىسىغا ئاساسەن باھالايدۇ. جەمئىيەت ياكى كۈلتۈر بولسا كۆپ سانلىق ئاساسلانغان رامكىلاردىن شەكىللىنىدۇ.[20]*

مېدىيا مەزمۇنىنى ئىشلەش، تارقىتىش ۋە ئىستېمال قىلىش جەريانى مەۋجۇت ئىقتىسادىي ۋە سىياسىي تۈزۈمدىن مۇستەقىل ئەمەس. بۇنداق قۇرۇلمىلىق رامكا ئىچىدە ئىشلەنگەن مېدىيا مەھسۇلاتلىرىنى تەكشۈرگەندە جاۋاب بېرىشكە تېگىشلىك ئەڭ مۇھىم سوئال شۇكى، مېدىيانى كىم باشقۇرىدۇ ۋە نازارەت قىلىدۇ؟ مېدىيا مەھسۇلاتلىرىنىڭ ئىشلىنىش جەريانىدا كۈچ مۇناسىۋەتلىرى ھەل قىلغۇچ رول ئوينايدۇ.[21]

ئېنتمانغا نىسبەتەن ئېيتقاندا، رامكا سىياسىي ھوقۇقنى يۈرگۈزۈشتە ئىنتايىن مۇھىم رول ئوينايدۇ ۋە خەۋەرنىڭ تېكىستى ھەقىقەتەنمۇ سىياسىي كۈچنىڭ تەسىرىگە ئۇچرايدۇ. بۇ ئەھۋال خەۋەر تېكىستىگە كۆرسەتمە بېرىش مەسىلىسىدە، بەيگىگە چۈشكەن ئاكتىيورلارنىڭ ياكى مەنپەئەت گۇرۇھلىرىنىڭ كىملىكىنى تەكىتلەيدۇ.[22]

مېدىيا قۇرۇلۇشلىرى تەرىپىدىن قۇراشتۇرۇلغان خەۋەر رامكىسى ئىدىيەۋى بولىدۇ. جەمئىيەتتىكى

كۈچلۈك ئىقتىسادىي، سىياسىي ۋە كۇلتۇر ئاكتىپلىرىنىڭ ۋەزىيەت قارشى، ئىنقىلما ۋە باھاسى خەۋەر رامكىسىغا ئايلىنىپ، يېتەكچى كۆز قاراشقا ماس ھالدا ئىجتىمائىي رېئاللىق بەرپا قىلىنىدۇ. بۇ جەرياندا ئوبيېكتىپلىق كۈچلۈك تەرەپكە ئىدىيەسىنى تېخىمۇ ئاسان قوبۇل قىلدۇرۇش پۇرسىتى يارىتىپ بېرىدۇ.[23]

رامكىلار ئىدىيەنى بىللە ئېلىپ يۈرۈيدىغان ئاساسلىق ۋاستە.[24] خەۋەر رامكىسى يېتەكچى ئىدېئولوگىيەنىڭ توشۇغۇچىسى بولۇپ، مەلۇم دائىرىدە باشقا رامكىلارغا ئورۇن بېرىدۇ. شۇڭلاشقا، خەۋەر رامكىسى يېتەكچى ئىدىيەنى كۈچەيتىدۇ ۋە ئىجتىمائىي ئورتاق تونۇش بىلەن تەمىنلەش ئارقىلىق ئۇنى يوللۇقلاشتۇرىدۇ.[25] ژۇرنالىستلار تېكىستتىكى بەزى پىكىرلەرگە دىققەت تارتسا، بەزىلىرىنى پۈتۈنلەي نەزەردىن ساقىت قىلىپ كۆرۈنمەس قىلىپ قويالايدۇ ھەمدە ئەسلى مەقسەت قىلىنغان ۋە شۇڭا كۆزگە چېلىقىپ تۇرىدىغان قىلىپ لايىھىلەنگەن چۈشەنچە رامكىسىنى تەكرارلايدۇ، شۇنداقلا بۇ رامكىغا مۇناسىۋەتلىك سۆز - ئىبارە ۋە كۆرۈنۈشلۈك ماتېرىياللار بىلەن ھېكايىگە ماس كەلمەيدىغان سانلىق مەلۇماتلارنى ياپالايدۇ. بۇنداق بولغاندا، تاپشۇرۇۋالغۇچىنىڭ كاللىسىدىكى كاتېگورىيە ۋە ئىستېرېئولۇق ئىنقىلمىلار ۋە دوگما قېلىپلاردىن تەشكىل تاپقان ئەنئەنىۋى چۈشەنچىلەر، تاپشۇرۇۋالغۇچىلارنى ئۇچۇرلارنىڭ مەنىسىنى ئىزاھلاشقا يېتەكلەيدۇ.[26] رامكىغا ئېلىش مېدىيادا بىر مېتود سۈپىتىدە ئىشلىتىلگەندە، ئاما دائىم يېتەكلىنىشكە، زېھنىي شەكىللەندۈرۈشكە تەييار پاسسىپ كىشىلەر سۈپىتىدە مۇئامىلە قىلىنىدۇ. تاللانغان، تەكىتلەنگەن سۆز - ئىبارە ۋە رەسىملەر ئاممىنىڭ زېھنىنى شەكىللەندۈرىدۇ، مەلۇم بىر رامكا ئىچىگە ئۈندەيدۇ. ئوخشاش شەكىلدە، ئاممىنىڭ رامكا سىرتىدىكى ئىدىيە ۋە پوزىتسىيەلەر بىلەن ئۇچرىشىشىنى «مۇھىم ئەمەس» دەپ تەشۋىق قىلىپ، «مۇھىم ئەمەس» ئىشلار مەزمۇنغا كىرگۈزۈلمەيدۇ ياكى كىرگۈزۈلسىمۇ سەلبىي تەرەپلىرى كىرگۈزۈلۈپ، قىممەتسىزلەشتۈرۈش ۋە چەتتە قالدۇرۇش تېخنىكىلىرى بۇ جەرياندا پائال رول ئوينايدۇ.

## مۇناسىۋەتلىك تەتقىقاتلار

ساندان ۋە مۇناسىۋەتلىك تور بەتلەردە رامكىغا ئېلىش نەزەرىيەسى ئىشلىتىلگەن نۇرغۇن تەتقىقات ئەسەرلىرى بار. مەسىلەن، 2005 ۋە 2006 - يىللىرى ئىران يادرو پائالىيەتلىرىنى قايتا باشلايدىغانلىقىنى جاكارلىغاندا، بۇ ھادىسە تۈركىيە مەتبۇئاتلىرىدا كەڭ كۆلەملىك خەۋەر قىلىنغان بولۇپ، «ئىران يادرو كرىزىسىنىڭ تۈركىيە مەتبۇئاتلىرىدا خەۋەر قىلىنىشى: خەۋەرلەرنىڭ رامكىغا ئېلىنىشى» ماۋزۇلۇق تەتقىقاتتا، تۈركىيە مەتبۇئاتلىرىدا بۇ تېمىدىكى خەۋەرلەرنىڭ قانداق بېرىلگەنلىكى، رامكىغا ئېلىش نەزەرىيەسى ئاساسىدا تەتقىق قىلىنغان.[27] «تۈركىيە مەتبۇئاتلىرىدا بېرىلگەن قىرىم كرىزىسى خەۋەرلىرىنى رامكىغا ئېلىش نەزەرىيەسى ئاساسىدا تەتقىق قىلىش» ناملىق تەتقىقاتتا، 2013 - يىلى يۈز بەرگەن قىرىم كرىزىسىنىڭ تۈرك مەتبۇئاتلىرىدا قانداق ئەكس ئەتتۈرۈلگەنلىكى تەھلىل قىلىنغان.[28] «چوشقا زۇكىمى خەۋەرلىرىنى رامكىغا ئېلىش: ھۆرىيەت گېزىتى ئۆرنىكى» ماۋزۇلۇق تەتقىقاتتا، 2009 - يىلى كۆنتېرتىپكە كەلگەندىن بۇيان تۈركىيەدە كەسكىن مۇنازىرە قوزغىغان چوشقا زۇكىمىنىڭ ھۆرىيەت گېزىتىدە قانداق ۋە قايسى رامكا ئاساسىدا خەۋەر قىلىنغانلىقى چۈشەندۈرۈلگەن.[29] «رامكىغا ئېلىش نەزەرىيەسى: 27 - ئاپرېل E Muhtıra - خەۋەرلىرىنىڭ تۈرك يازما مېدىياسىدا

سۇنۇلۇشى» ماۋزۇلۇق تەتقىقاتتا، 2007 ـ يىلى 4 ـ ئاينىڭ 27 ـ كۈنى تۈركىيە باش شتاب باشقارمىسىنىڭ تور بېتىدە ئېلان قىلىنغان ختابنامىگە دائىر خەۋەرلەرنىڭ قانداق رامكىغا ئېلىنغانلىقى، ئوخشىمىغان ئىدىيەۋى يۆنىلىشى بىلەن تونۇلغان تۈرك مەتبۇئاتلىرىدىن ئاخشام، ھۆررىيەت، مىللىيەت، ساباھ، يېڭى شەپەق، جۇمھۇرىيەت، رادىكال، ۋەتەن ۋە زامان قاتارلىقلارنى ئۆرنەك قىلىپ تۇرۇپ تەھلىل قىلىنغان.[30] «خەۋەرلەرنى رامكىغا ئېلىش نەزەرىيەسى ئاساسىدا ئانادولۇ ئاگېنتلىقى ۋە تاس خەۋەر ئاگېنتلىقىنىڭ كارلوۋنى قەستلەپ ئۆلتۈرۈش ۋەقەسىگە ئالاقىدار خەۋەرلىرى» ناملىق ماگىستىرلىق دىسسېرتاتسىيەدە، ئانادولۇ ئاگېنتلىقى ۋە تاس خەۋەر ئاگېنتلىقىنىڭ دۆلەتلىرىنىڭ رەسمىي سۆزلەملىرىنى چۆرىدىگەن ھالدا خەۋەرلەرنى قانداق رامكىغا ئېلىپ سۇنغانلىقى تەتقىق قىلىنغان.[31]

مېدىيا تەتقىقاتىدا رامكىلاش نەزەرىيەسىدىن پايدىلىنىپ تۇرۇپ قىلىنغان نۇرغۇن ئىلمىي تەتقىقاتلار بولسىمۇ، ئەمما، تۈركچە يېڭى (ئىجتىمائىي) مېدىياغا ئالاقىدار تەتقىقاتلاردا رامكىلاش نەزەرىيەسىنىڭ كەڭ قوللىنىلمىغانلىقى ماتېرىيال توپلاش جەريانىدا ئايان بولدى. شۇنداقتىمۇ، ماتېرىيال ئىزدەش جەريانىدا بىر قانچە تەتقىقات تېپىلدى. ئۇلاردىن بەزىلىرىنى تۆۋەندە مىسال سۈپىتىدە قىسقىچە تونۇشتۇرىمىز.

«خەلقئارا مەتبۇئاتلارنىڭ COVID ـ 19 خەۋەرلىرىدە ئىشلەتكەن تۈركىيەگە ئائىت رەسىملەرنى رامكىغا ئېلىش نەزەرىيەسى ئاساسىدا باھالاش» ماۋزۇلۇق تەتقىقاتتا، ئامېرىكا مەركەزلىك CNN International نىڭ رەسمىي تۋىتتېر ھېسابى ۋە رۇسىيەنىڭ دۆلەتلىك خەلقئارالىق تارقىتىش ئورگىنى RT نىڭ رەسمىي تۋىتتېر ھېسابىدا ھەمبەھىرلەنگەن رەسىملەرنى رەسىم بىلەن رامكىغا ئېلىش نەزەرىيەسى ئاساسىدا، تۆت مەنە ئۆلچىمى، شەكلىي ئۆلچەم، يانداش مەنا ئۆلچىمى ۋە ئىدىيەۋى ئۆلچەمدىن ئىبارەت تۆت چوڭ ماۋزۇدا تەكشۈرۈلگەن.[32] «خەۋەرلەرنى 140 ھەرپ ئىچىدە رامكىغا ئېلىش: ئىجتىمائىي تاراتقۇ تەھرىرلىگۈچىلىرى تۋىتتېردا خەۋەرلەرنى قانداق رامكىغا ئالىدۇ ۋە نىشان بىلەن قانداق ئۆز ـ ئارا ئالاقە قىلىشىدۇ؟» ماۋزۇلۇق تەتقىقاتتا، ئاپتور مەزمۇن ئانالىزىدىن پايدىلىنىپ، تەھرىرلەرنىڭ كۆرۈرمەنلەر بىلەن بولغان ئالاقىسىنى تەھلىل قىلىدۇ.[33] «ئىجتىمائىي تاراتقۇدا يېڭى پادىشاھنى رامكىغا ئېلىش» ماۋزۇلۇق ماقالىدە، ئاپتور گوللاندىيە پۇقرالىرىنىڭ 2013 ـ يىلى گوللاندىيەدە تەختكە يېڭىدىن سايلانغان ۋىللېم ئالېكساندېر ھەققىدە ھەمبەھىرلىگەن يۇمۇرلۇق ئوبراز ۋە سىياسىي سۆزلەملەرنى رامكىغا ئېلىش نەزەرىيەسى ئاساسىدا تەھلىل قىلغان.[34] خۇگېس (2020) «ترامپنىڭ تۋىتتېر دىپلوماتىيەسى: يېڭى بىر دىپلوماتىك نورمىمۇ؟» ماۋزۇلۇق ماگىستىرلىق ماقالىسىدە، ترامپنىڭ تۋىتتېرلىرىنى رامكىغا ئېلىش نەزەرىيەسى ئاساسىدا تەتقىق قىلغان. ترامپنىڭ تۋىتتېردىكى يازمىلىرى «دوستانە»، «سەلبىي تۈس بىلەن دوستانە»، «ئارىلاشما مۇناسىۋەت»، «ئىجابىي تۈس بىلەن دوستانە ئەمەس»، «دوستانە ئەمەس» قاتارلىق كونكرېت رامكىلارغا بۆلۈش ئارقىلىق تەھلىل قىلغان.[35]

## يەر شارى ۋاقىت گېزىتىنىڭ قۇرۇلۇش تارىخى ۋە مەقسىتى

«يەر شارى ۋاقىت گېزىتى» (Global Times) خىتاي كومپارتىيەسى مەركىزىي كومىتېتى (خ

ك پ) نىڭ تارقىتىش ئورگىنى بولغان «خەلق گېزىتى» (People’s Daily) (1948) تارمىقىدا تارقىتىش قىلىدىغان خەلقئارالىق گېزىت بولۇپ، 1993 - يىلى 1 - ئايدا قۇرۇلغان. «يەر شارى ۋاقىت گېزىتى» نىڭ ئىنگىلىزچە نۇسخىسى 2009 - يىلى 4 - ئاينىڭ 20 - كۈنى نەشر قىلىنىشقا باشلىغان بولۇپ، شۇ يىلى تور بېكەت ۋە ئىجتىمائىي تاراتقۇ سۇپىلىرى تەسىس قىلىنغان. 120 دىن ئارتۇق دۆلەت ۋە رايوندا «يەر شارى ۋاقىت گېزىتى» ئۈچۈن خىزمەت قىلىدىغان 500 دىن ئارتۇق ئالاھىدە مۇخبىر بار بولۇپ، خەلقئارالىق قۇرۇلۇشلار بىلەنمۇ ئازدۇر - كۆپتۇر مۇناسىۋەت ئىچىدە پائالىيەت قىلىدۇ. «يەر شارى ۋاقىت گېزىتى» ئۆزىنى خىتاي ۋە دۇنيا توغرىسىدا ئەتراپلىق خەۋەرلەرنى خىتاي نۇقتىسىدىن چەتئەللەرگە يەتكۈزىدىغان بىردىنبىر گېزىت دەپ تونۇشتۇرىدۇ.

بىرىنچى شەكىل: «يەر شارى ۋاقىت گېزىتى» نىڭ لوگوسى[36]

«يەر شارى ۋاقىت گېزىتى» خىتاينىڭ تاشقى سىياسىتىنى چۈشەندۈرۈشتە بەلگىلىك ھوقۇققا ئىگە بولۇپ، ياپونىيە، ئامېرىكا ۋە تەيۋەندىن كەلگەن خەۋەرلەرگە تېخىمۇ ئەھمىيەت بېرىدۇ. شۇنىڭ بىلەن بىر ۋاقىتتا، خىتاي خەلقىنىڭ بىر قىسىم خەلقئارالىق مەسىلىلەرگە بولغان كۆز قارىشى ۋە پوزىتسىيەسىنى ئېنىق ۋە كەسكىن ھالەتتە جاكارلاپ، خىتاي خەلقىنىڭ خەلقئارا جامائەت پىكرىگە قاتنىشىدىغان قانىلى سۈپىتىدە خىزمەت قىلىدۇ. ئۇ يەنە چەتئەلدىكى ئانا ئېقىم مېدىيا ۋە خىتاي ئەلچىخانىلىرى ئۈچۈن مۇھىم خەۋەر مەنبەسى ھېسابلىنىدۇ.[37]

يەرشارى ۋاقىت گېزىتىنىڭ كونكېرت مەقسەت ۋە خىزمەتلىرى مۇنداق بايان قىلىنغان:

بىرىنچىدىن، خىتايغا قوشنا دۆلەتلەر ھەققىدە خەۋەر بېرىش. يەرشارى ۋاقىت گېزىتى ئوتتۇرا ئاسىيا ۋە شەرقىي جەنۇبىي ئاسىيادىكى بىر قىسىم دۆلەتلەردە نىسبەتەن ئاز بولغان مۇخبىرلارنىڭ سانى ۋە دوكلات بېرىش ئىقتىدارىنى ئىسلاھ قىلىشقا تىرىشىدۇ. ئۆزىنىڭ ئالاھىدە مۇخبىرلىرىنى تەربىيىلەيدۇ ۋە ئۇلارنى ئوتتۇرا ئاسىيا ۋە شەرقىي جەنۇبىي ئاسىيادىكى بەش دۆلەتتە ئىشلىتىدۇ. ئۇلاردىن خىتاي خەلقىنىڭ قوشنا دۆلەتلەردە يۈز بېرىۋاتقان ئىشلارنى، بۇ دۆلەتلەردە نېمىلەرنى قىلالايدىغانلىقىنى ۋە نېمىلەرگە دىققەت قىلىشى كېرەكلىكىنى چۈشىنىشىگە ياردەم قىلىشى تەلەپ قىلىنىدۇ.

ئىككىنچىدىن، خىتايغا ئالاقىدار ئىشلارنى خەۋەر قىلىش ۋە چەتئەللەرنىڭ خىتاي سىياسىتى، خىتاي خەۋەرلىرى ۋە خىتاينىڭ تېز تەرەققىياتى ئاساسىدا چوڭ كۈچ مۇناسىۋەتلىرى ۋە جۇغراپىيەلىك سىياسىي مەسىلىلەر توغرىسىدىكى ماقالىلەرنى ئېلان قىلىش ئارقىلىق مۇنازىرە قىلىش مۇنبىرى بىلەن تەمىنلەيدۇ.

ئۈچىنچىدىن، ۋاستىتە جەھەتتە يەرشارى ۋاقىت گېزىتى چەتئەل مۇخبىرلار ئەترىتىنى مۇستەھكەملەپ، «خەلق گېزىتى»نىڭ چەتئەل مۇخبىرلىرى بىلەن يېقىندىن ھەمكارلىشىدۇ. ئۇ يەنە سىياسىي جەھەتتە ئىشەنچلىك خۇسۇسىي مۇخبىرلارنى تەربىيەلەشكە تىرىشىدۇ. باشقا تارقىتىش ئورگانلىرىدىن كەلگەن نۇرغۇن چەتئەللىك مۇخبىرلار ۋە چەتئەلدە تۇرۇشلۇق خىتاي ئورگانلىرىدىكى تەتقىقاتچىلار يەرشارى ۋاقىت گېزىتى ئۈچۈن يازىدۇ.[38]

«يەرشارى ۋاقىت گېزىتى» 2009 - يىلى 4 - ئايدا ئىش باشلىغاندىن بۇيان، خىتاي مېدىياسىدا نورمىغا ئايلىنىپ كەتكەن توقۇنۇش ۋە قارشىلىشىش ھادىسىلىرىنى تىلغا ئېلىشتىن ئۆزىنى قاچۇرىدىغان ئاخباراتچىلىق ئەنئەنىسىدىن

ۋاقىتلىق ئۈزۈلۈپ قالغان ئۈزاقلاشتى. ئەمما ئۇ غەرب تاراتقۇلىرىنىڭ خىتاي ھەققىدە خەۋەر بەرگەندە دائىم مۇراجىئەت قىلىدىغان ئىنگلىزچە مەنبەلەرنىڭ تۈرىدىن ئۈزاق تۇردى. يەرشارى ۋاقىت گېزىتى خىتاينىڭ شارائىتىنى كۆزدە تۇتقان ئاساستا ئوقۇرمەنلەرنىڭ خىتاينى تېخىمۇ ياخشى چۈشىنىشىگە ياردەم بېرەلەيدىغان پاكىت ۋە چۈشەنچىلەرنى ئوتتۇرىغا قويۇشقا ئىنتايىن ئەھمىيەت بېرىدۇ.[39]

## يەرشارى ۋاقىت گېزىتىنىڭ رۇسىيە - ئۇكرائىنا كىرىزىسىگە تۇتقان پوزىتسىيەسىنى گېزىتنىڭ تىۋىتتېردىكى يوللانمىلىرى ئاساسىدا ئانالىز قىلىش

### تەتقىقاتنىڭ مەقسىتى

بۇ تەتقىقاتنىڭ مەقسىتى، خىتاينىڭ خەلقئارالىق مېدىيا قورۇلۇشى ھېسابلىنىدىغان يەرشارى ۋاقىت گېزىتىدە خىتاينىڭ رۇسىيە - ئۇكرائىنا كىرىزىسىغا تۇتقان ئىدىيەۋى پوزىتسىيەسىنىڭ قانداق خەۋەر قىلىنغانلىقىنى، گېزىتنىڭ رەسمىي تىۋىتتېر ھېسابى ئاساسىدا تەتقىق قىلىش ۋە بۇ ئارقىلىق خەۋەرلەرنىڭ ھۆكۈمران / يېتەكچى رامكىلىرىنى ئوتتۇرىغا قويۇشتىن ئىبارەت.

### تەتقىقاتتا جاۋاپ بېرىلىدىغان سوئاللار

تەتقىقات دائىرىسىدە تۆۋەندىكى سوئاللارغا جاۋاب بېرىلىدۇ:

كىرىزىس مەزگىلىدە قايسى ئۇچۇرلار تاللانغان ۋە دىققەت تارتىدىغان قىلىپ بېرىلگەن؟

كىرىزىس مەزگىلىدە قايسى ئۇچۇرلار ياكى ئەھۋاللار يوشۇرۇنغان ۋە سەل قارالغان؟

ئىشلىتىلگەن خەتكۈچ ئارقىلىق نېمىلەرگە دىققەت تارتىلماقچى بولغان؟

كىرىزىس جەريانىدا خىتاينىڭ رولى قانداق تەسۋىرلەنگەن؟

رۇسىيە - ئۇكرائىنا كىرىزىسى خىتاي نۇقتىسىدىن قانداق باھالانغان؟

رۇسىيە - ئۇكرائىنا كىرىزىسى مەزگىلىدە خىتاينىڭ تاشقى سىياسىتى قانداق بولغان ۋە بۇنى قانداق ئەكس ئەتتۈرگەن؟

### تەتقىقات دائىرىسى ۋە چەكلىمىسى

تەتقىقاتتا ئانالىز قىلىنىدىغان سانلىق مەلۇماتلار globaltimesnews twitter@ ئادرېسىدىن توپلاندى. ھەر كۈنى يوللانغان تىۋىتنىڭ قېتىم سانى كۆپ بولغاچقا، تەتقىقاتتا بەزى چەكلىمىلەرنى بېكىتىش مۇۋاپىق دەپ قارالدى. تەتقىقاتنىڭ بىرىنچى چەكلىمىسى ۋاقىت بىلەن مۇناسىۋەتلىك. تەتقىقاتتا تەھلىل قىلىنىدىغان تىۋىتتېر يوللانمىلىرى رۇسىيە ئۇكرائىناغا ھۇجۇم باشلىغان 24 - فېۋرالدىن باشلاپ تۈنجى قېتىملىق ئۇرۇش توختىتىش سۆھبىتى ئېلىپ بېرىلغان 28 - فېۋرالغىچە ئارىلىقتىكى يوللانمىلار بولىدۇ (2022 - يىلى 2 - ئاينىڭ 24 - كۈنىدىن 2022 - يىلى 28 - فېۋرالغىچە). تەتقىقاتنىڭ ئىككىنچى چەكلىمىسى مەزمۇنغا مۇناسىۋەتلىك. بېكىتىلگەن بەش كۈنلۈك جەرياندا، رۇسىيە - ئۇكرائىنا كىرىزىسى بىلەن مۇناسىۋەتتى يوق يازمىلارمۇ بار دەپ پەرەز قىلىنىپ، كىرىزىسقا مۇناسىۋەتسىز يوللانمىلارنى تەھلىل جەريانىغا قوشماسلىق مۇۋاپىق دەپ قارالدى. تەتقىقاتنىڭ ئۈچىنچى چەكلىمىسى يازمىلارنىڭ تۈرى بىلەن مۇناسىۋەتلىك. تەھلىل قىلىنىدىغان يوللانمىلار ئىچىدە 280 ھەرپتىن تەشكىل تاپقان تېكىست يوللانمىلىرى ئاساسىي سالماقنى ئىگىلىسىمۇ، بۇنىڭدىن سىرت يەنە ئۈلىنىش ۋە كارتونلارنىڭمۇ بارلىقى ئايان بولدى. بۇ تەتقىقاتتا ئۇلىنىشنىڭ ئۈستىدىكى نەقىللەر خەۋەرلەرنىڭ ئەڭ «مۇھىم» بۆلەكلىرى دەپ قارالغانلىقتىن،

تىۋىت تېكىستلىرىلا تەھلىل قىلىنىپ، خەۋەرنىڭ ئۆلىنىشى زىيارەت قىلىنمايدۇ. تەتقىقاتنىڭ تۆتىنچى چەكلىمىسى ماتېرىيال توپلاش جەريانىدا ئوتتۇرىغا چىقتى. ھەر كۈنلۈك تىۋىت سانىنىڭ بىر قەدەر كۆپ بولۇشى سەۋەبلىك، تىۋىت مەزمۇنلىرى توختاۋسىز يېڭىلىنىپ تۇرىدۇ. يېڭىلىنىپ تۇرۇش بولسا تەھلىل قىلىنىشى بېكىتىلگەن ۋاقىت ئىچىدىكى تىۋىتلەرنى ئوقۇش ۋە توپلاشنى بىر ئولتۇرۇشتا بېجىرىپ بولۇشنى شەرت قىلىدۇ. بۇ تەتقىقاتچىنى تىۋىتلەرنى سىيرىپ، ئوخشاش مەشغۇلاتنى بىر قانچە قېتىم تەكرارلاشقا مەجبۇر قىلدى.

## تەتقىقات ئۇسۇلى

رامكىغا ئېلىش ھەم بىر نەزەرىيە ھەم بىر تەتقىقات ئۇسۇلىدۇر. بۇ تەتقىقاتتا سۈپەتچىل مەزمۇن ئانالىزى ئاساسىدا رامكىغا ئېلىش بىر تەتقىقات ئۇسۇلى سۈپىتىدە قوللىنىلىدۇ. مېدىيادىكى رامكىلار ئادەتتە ئىككى خىلغا بۆلىنىدۇ: ئومۇمىي رامكا ۋە تېما خاراكتېرلىك رامكا. ئومۇمىي رامكا كەڭ ۋە قۇرۇلما خاراكتېرلىك بولۇپ، توقۇنۇش رامكىسى، ئىنسانىي غەمخورلۇق رامكىسى، ئىقتىسادىي نەتىجە رامكىسى، مەسئۇلىيەت ئارتىش رامكىسى ۋە ئەخلاق رامكىسىنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ. توقۇنۇش رامكىسى خەۋەر تېمىسىغا مۇناسىۋەتلىك شەخسلەر، ئورگانلار ياكى دۆلەتلەر ئوتتۇرىسىدىكى زىددىيەتنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ. ئىنسانىي غەمخورلۇق رامكىسى بىر ھادىسە، مەسىلە ياكى مەسىلىنىڭ ئوتتۇرىغا قويۇلۇشىغا يەككە ھېكايە ياكى ھېسسىياتلىق، دراماتىكلاشتۇرۇلغان قىسىملارنى قوشىدۇ. مەسئۇلىيەت ئارتىش رامكىسى مەسىلىنىڭ سەۋەبى ياكى ھەل قىلىنىشىدىكى مەسئۇلىيەتنى بىر دۆلەت، گۇرۇپپا ياكى شەخسكە دۆڭگەشنى كۆرسىتىدۇ. ئەخلاق رامكىسى بىر ھادىسە ياكى ۋەزىيەتنى دىنىي پرىنسىپلار ياكى ئەخلاق قائىدىلىرى ئاساسىدا ئىزاھلايدۇ. ئىقتىسادىي نەتىجە رامكىسى بولسا بىر ھادىسەنى، مەسىلىنى ياكى تېمىنى بىر شەخس، بىر گۇرۇپپا، بىر ئورگان، بىر رايون ياكى بىر دۆلەتتە پەيدا قىلىدىغان ئىقتىسادىي ئاقىۋەت نۇقتىسىدىن رامكىغا ئالىدۇ.[40]

تېما خاراكتېرلىك رامكىلار تېخىمۇ سۇبيېكتىپ ۋە ئېلاستىك بولۇپ، ئانالىز قىلىنىدىغان مەزمۇن، تېما ۋە باشلىنىشچانلىقى ئاساسەن ئۆزگىرىدۇ.[41] بۇ تەتقىقاتتا بۇ ئىككى خىل رامكىغا ئېلىش تېخنىكىسى بىرلەشتۈرۈلۈپ قوللىنىلىدۇ. ئومۇم رامكىدىن باشقا، «ئەمبارگو رامكىسى»، «ئوپېراتسىيە رامكىسى»، «رۇسىيەنىڭ بىخەتەرلىك ئەندىشىسى رامكىسى»، «خىتاينىڭ پوزىتسىيەسى رامكىسى»، «كۆرۈنۈشلۈك رامكىلاش» قاتارلىقلار، تېما خاراكتېرلىك رامكىلاش كودى سۈپىتىدە قوشۇپ تەھلىل قىلىنىدۇ.

# ھاسىلات ۋە باھا

### ئىقتىسادىي نەتىجە رامكىسى

ئىقتىسادىي نەتىجە رامكىسى رۇسىيە - ئۇكرائىنا كىرىزىسى كەلتۈرۈپ چىقارغان ئىقتىسادىي ئاقىۋەتنى ئۆز ئىچىگە ئالغان رامكىدۇر. ئىقتىسادىي نەتىجىگە مۇناسىۋەتلىك يوللانغان مەزمۇنلاردا كىرىزىس كەلتۈرۈپ چىقارغان پۇل پاخاللىقى، مال باھاسىدىكى ئۆسۈش ۋە چۈشۈش ۋە SWIFT كە مۇناسىۋەتلىك يوللانمىلار بار. مىساللار:

*پەيشەنبە كۈنى ئۇكرائىنا - رۇسىيە جىددىيچىلىكىنىڭ كۈنسېرى كۈچىيىشى بىلەن خىتاينىڭ پاي بازىرى خەتەردىن ساقلىنىش ھالىتىگە كىرگەندە، خەلق*

*پۇلى گېئوپولىتىك ئېنىقسىزلىق مۇھىتىدا يەر شارىۋى مەبلەغ سالغۇچىلىرىنىڭ بىخەتەر پاناھگاھى بولۇپ قالدى (2022 - يىلى 24 - فېۋرال).*

*رۇسىيە بىلەن ئامېرىكا، ئۇكرائىنا بىلەن شەرقى ياۋروپادىكى شىمالى ئاتلانتىك ئەھدى تەشكىلاتى ئوتتۇرىسى،دىكى گېئوپولىتىك جەڭ نېفىتنىڭ تۇڭ بېشىغا 100 دوللارغا يېقىن ئېشىشى سەۋەبلىك پۇل پاخاللىقىنى يېڭى يۇقىرى پەللىگە كۆتۈرەلەيدىغان بولغاچقا، 2022 - يىلىدا يەرشارى ئىقتىسادىنىڭ ئېشىش سۈرئىتىنىڭ ئاستىلىشىدىن، ئەمما دائىمىي پۇل پاخاللىقىدىن ئەندىشە قىلىنىۋاتىدۇ (2022 - يىلى 25 - فېۋرال).*

*داۋاملىشىۋاتقان رۇسىيە - ئۇكرائىنا توقۇنۇشى ئالىيۇمىن ۋە نىكېلنىڭ باھاسىنى ئون يىلدىن بۇيانقى ئەڭ يۇقىرى سەۋىيەگە چىقاردى. بۇ قاتتىق تەمىنلەش زەنجىرى ۋە NEV باتارىيەسىگە تەھدىت پەيدا قىلدى، ئەمما خىتايغا نىسبەتەن ئۇزۇلۇپ قېلىشنىڭ تەسىرى بولمايدىغانلىقى ئېيتىلماقتا (2022 - يىلى 27 - فېۋرال).*

*غەرب دۆلەتلىرىنىڭ رۇسىيەدىكى SWIFT نى چەتكە قېقىشى خىتاينىڭ پاي چېكىنى تەۋرىتىدۇ. ئەمما رەقەملىك پۇل ئۇلۇشىنى ئۆستۈرىدۇ (2022 - يىلى 28 - فېۋرال).*

*ئامېرىكا ۋە ئۇنىڭ ئىتتىپاقداشلىرى ئۇكرائىنانى قوللاش مەقسىتىدە رۇسىيەنى SWIFT سىستېمىسىدىن چىقىرىپ تاشلاش ئۈچۈن ھەرىكەتكە ئۆتتى. مۇتەخەسسىسلەر رۇسىيەنىڭ يەر شارى ئىقتىسادىغا بولغان ئىقتىسادىي قىممىتى سەۋەبىدىن، رۇسىيەگە قارىتا كونكرېت ئەجەللىك جازا يولغا قويۇشنىڭ مۇمكىن ئەمەسلىكىنى ئوتتۇرىغا قويدى (2022 - يىلى 28 - فېۋرال).*

*دۈشەنبە كۈنى ئەتىگەندە ئامېرىكا ۋە ياۋروپادىكى ئىتتىپاقداشلىرى رۇسىيەنى SWIFT تىن چېكىندۈرۈش ئۈچۈن ھەرىكەتكە ئۆتكەندىن كېيىن، خىتاي A پاي بازىرى تۆۋەنرەك ئېچىلدى، ئەمما رەقەملىك پۇل، توشۇمىچىلىق، نېفىت ۋە تەبىئىي گاز زاپىسى ئۆرلىدى (2022 - يىلى 28 - فېۋرال).*

يوللانمىلاردا تاللانغان سۆزلەر كۆرسىتىپ تۇرغاندەك، رۇسىيە - ئۇكرائىنا توقۇنۇشى سەۋەبىدىن پاي بازىرىنىڭ قالايمىقانلىشىپ كېتىش خەۋپى ھەققىدە توختالغاندا، «يۈەننى گېئوپولىتىك غۇۋالىقتا يەر شارىدىكى مەبلەغ سالغۇچىلارنىڭ بىخەتەر پاناھگاھى» سۈپىتىدە تەسۋىرلەپ، خىتاي پۇلىنىڭ پەرقىنى كىچىكلىتىش يوشۇرۇن كۈچىگە دىققەت تارتىلغان. «رۇسىيە بىلەن ئامېرىكا، ئۇكرائىنا ۋە شەرقىي ياۋروپادىكى شىمالىي ئاتلانتىك ئەھدى تەشكىلاتى ئارىسىدىكى ئېقىشچان گېئوپولىتىك جەڭ» نىڭ يەر شارى پۇل پاخاللىقىنى كەلتۈرۈپ چىقىرىدىغانلىقى كۆرسىتىلگەن بولسىمۇ، ئەمما توقۇنۇشنىڭ رۇسىيە بىلەن ئۇكرائىنا ئوتتۇرىسىدا يۈز بەرگەنلىكى توغرىسىدىكى ئىپادىلەرگە ئورۇن بېرىلمىگەن. ئۇكرائىنا جىددىيچىلىكلىرى دېگەن خەتكۈچنى ئىشلىتىپ، بۇ جىددىيچىلىكنىڭ رۇسىيە بىلەن ئۇكرائىنا ئوتتۇرىسىدا يۈز بېرىۋاتقانلىقى غۇۋا تۇتۇلغان. «غەرب دۆلەتلىرىنىڭ رۇسىيەنى SWIFT تىن سىقىپ چىقىرىشى خىتاي پاي چەك بازىرىنى تەۋرىتىپ قويىدۇ، ئەمما رەقەملىك پۇل ئۇلۇشىنى ئاشۇرىدۇ» دېگەن ئىپادىدە، SWIFT قارارىنى كەلتۈرۈپ چىقارغان ئارقا كۆرۈنۈش مۇجمەل تۇتۇلغان. پايچەك بازىرىدىكى تەۋرىنىشنىڭ سەۋەبىنى رۇسىيەنىڭ ئۇكرائىناغا قىلغان ھۇجۇمى ئەمەس، غەرب دۆلەتلىرىنىڭ رۇسىيەنى SWIFT تىن سىقىرىپ چىقىرىشى كەلتۈرۈپ چىقاردى دېگەن تۇيغۇ يارىتىلماقچى بولغان. بۇنىڭدىن باشقا، گەرچە خىتاينىڭ پاي چەك بازىرى تەۋرەپ قالغان بولسىمۇ، رەقەملىك پۇل ھەسسىلىرىنىڭ

ئۆسكەنلىكىنى تەكىتلەش ئارقىلىق، خىتاينىڭ بۇ جەرياندىن ئانچە چوڭ تەسىرگە ئۇچرىمىغانلىقىدەك تەسىرات پەيدا قىلىنماقچى بولغان.SWIFT ھەققىدىكى مۇناسىۋەتلىك يوللانمىلاردا پاي بازىرىنىڭ تەسىرگە ئۇچرىغانلىقى، ئەمما رەقەملىك پۇل ۋە رەقەملىك خەلق پۇلىنىڭ ئۆسۈشىنىڭ بىر زاپاس تاللاش بولالايدىغانلىقىغا ئالاھىدە دىققەت تارتىلغان. شۇنداقلا رۇسىيەنىڭ SWIFT تىن چىقىرىۋېتىلىشىنىڭ رۇسىيە ئىقتىسادىغا ئەجەللىك تەسىر كۆرسىتەلمەيدىغانلىقىنى تەكىتلىگەن.

### ئىنسانىي غەمخورلۇق رامكىسى

رۇسىيە - ئۇكرائىنا كىرىزىسى مەزگىلىدە قازا قىلغان ۋە يارىلانغانلارنىڭ ئەھۋالى، قۇتقۇزۇش ۋە ئىنسانپەرۋەرلىك ياردىمى توغرىسىدىكى يوللانمىلار بۇ كاتېگورىيەگە كىرىدۇ. بۇ كاتېگورىيەدىكى يوللانمىلارنىڭ كۆپىنچىسى خىتاينىڭ ئۇكرائىنادىكى باش ئەلچىخانىسىنىڭ ئۇكرائىنادىكى خىتاي پۇقرالىرىنى تارقاقلاشتۇرۇش جەريانى بىلەن مۇناسىۋەتلىك بولغان.

*خىتاينىڭ ئۇكرائىنادا تۇرۇشلۇق باش ئەلچىسى: «خىتاي باش ئەلچىلىرى خىتاي خەلقىنى ھەرگىز يالغۇز تاشلاپ قويمايدۇ. خىتاي باش ئەلچىلىرى ئۇنداق قىلىدىغانلاردىن ئەمەس، خىتاي كومپارتىيەسىنىڭ ئەزالىرىمۇ ئۇنداق ئەمەس! » دېدى (2022 - يىلى 27 - فېۋرال) .*

*خىتاينىڭ ئۇكرائىنادا تۇرۇشلۇق باش ئەلچىخانىسى پۈتۈن مەملىكەتتىكى خىتاي پۇقرالىرىنىڭ شەخسىي ۋە مال - مۈلۈك بىخەتەرلىكىنى قوغداش ئۈچۈن پۈتۈن كۈچى بىلەن تىرىشىۋاتىدۇ. بىرىنچى قول ئۇچۇر بىلەن تەمىنلەش، 24/7 ئالاقە قىلىش ئىمكانىيىتى ۋە ئېھتىياجى بار يەرلىك خىتايلارغا دەل ۋاقتىدا ياردەم ۋە بىخەتەرلىك كاپالىتى بىرىدۇ (2022 - يىلى 27 - فېۋرال)*

*خىتاي تاشقى ئىشلار مىنىستىرلىكى باياناتچىسى: خىتاي تاشقى ئىشلار مىنىستىرلىكى خىتاينىڭ ئۇكرائىنادا تۇرۇشلۇق باش ئەلچىخانىسى بىلەن بىخەتەرلىك توغرىسىدا باھالاش ئېلىپ بارغاندا ۋە مەۋجۇت مەنبەلەردىن پايدىلىنىش ئۈچۈن ھەرىكەت قىلىش جەريانىدا، خىتاي پۇقرالىرىنى ئۇكرائىنادىن چېكىندۈرۈشنىڭ بارلىق يوللىرىدىن پايدىلىنىدۇ (2022 - يىلى 27 - فېۋرال) .*

ئىنسانىي غەمخورلۇق رامكىسىدا خىتاينىڭ ئۆز پۇقرالىرىنىڭ بىخەتەرلىكىگە بولغان سەزگۈرلۈكى «خىتاي باش ئەلچىلىرى خىتاي خەلقىنى ھەرگىز يالغۇز قويمايدۇ»، «خىتاي پۇقرالىرىنىڭ شەخسىي ۋە مال - مۈلۈك بىخەتەرلىكىنى قوغداش ئۈچۈن پۈتۈن كۈچى بىلەن تىرىشچانلىق كۆرسىتىدۇ»، «خىتاي باش ئەلچىلىرى خىتاي خەلقىنى ھەرگىز يالغۇز تاشلاپ قويمايدۇ»، خىتاي پۇقرالىرىنى ئۇكرائىنادىن چېكىندۈرۈپ چىقىش ئۈچۈن مۇمكىنچىلىكى بولغان يوللارنىڭ ھەممىسىدىن پايدىلىنىدۇ» قاتارلىق ئىپادىلەر بىلەن، خىتاينىڭ ئۆز پۇقرالىرى ئۈچۈن قىلىشقا تېگىشلىك ئىشلارنى پۈتۈن كۈچى بىلەن قىلىدىغان بىر دۆلەت ئىكەنلىكىگە دىققەت تارتىشقا تىرىشقان. ئەمما بۇ جەرياندا ئۇكرائىنادىكى باشقا كىشىلەرنىڭ توقۇنۇش جەريانىدىكى سەرگۈزەشتىلىرى يوللانمىلاردا يەر ئالمىغان.

### توقۇنۇش رامكىسى

توقۇنۇش رامكىسى رۇسىيە - ئۇكرائىنا كىرىزىسىنىڭ خەۋەر قىلىنىشى ۋە بۇ جەريانغا قاتناشقان ئاكتىيورلارنىڭ رامكىسىنى كۆرسىتىدۇ.

*كىيېۋ شەھەر ئىچىدە بىر بىرونېۋىك ئولتۇراق رايونىنىڭ ئالدىدىن ئۆتۈۋاتىدۇ؛ ھاۋا ھۇجۇمى گۈدۈكى چېلىنىشى بىلەن*

*تەك، كىشىلەر پويىز ئىستانسىسىدا ئۇيان - بۇيان يۈگۈرۈشۈپ كېتىشىۋاتىدۇ. ئۇكرائىنا جىددىيچىلىكلىرى (2022 - يىلى 24 - فېۋرال).*

*ۋىدىيو: ئۇكرائىنانىڭ شەرقىي شىمالىدىكى سۇمىيدا پەيشەنبە كۈنى كەچتە رۇسىيە بىلەن ئۇكرائىنا ئەسكەرلىرى ئوتتۇرىسىدا يۈز بەرگەن زوراۋانلىق توقۇنۇشىنىڭ كۆرۈنۈشلىرى. ئۇكرائىنا جىددىيچىلىكلىرى (2022 - يىلى 25 - فېۋرال).*

*رۇسىيە پرېزىدېنتى ۋىلادىمىر پۇتىن جۈمە كۈنى ئۇكرائىنا پرېزىدېنتى ۋولودىمىر زېلېنسكىينىڭ تېرورچى ئىكەنلىكىنى ئېيتتى ۋە ئۇكرائىنا ئارمىيەسىنى ئۇنى ئاغدۇرۇپ تاشلاشقا چاقىردى. شۇنىڭ بىلەن بىر ۋاقىتتا، زېلېنسكىينىڭ تەسلىم بولمايمەن دەپ ۋەدە بېرىشى بىلەن تەڭ، رۇسىيە ئارمىيەسى پايتەخت كىيېۋغا يېقىنلىشىشقا باشلىدى. ئۇكرائىنا جىددىيچىلىكلىرى (2022 - يىلى 26 - فېۋرال).*

توقۇنۇش رامكىسىدىكى يازمىلاردا رۇسىيە - ئۇكرائىنا كرىزىسى كەلتۈرۈپ چىقارغان ۋەھىمە، قورقۇنچ، جىددىيچىلىك، توقۇنۇش ۋە زوراۋانلىق توغرىسىدىكى تېۋىتلەر بار بولۇپ، تېكىستلىك تېۋىتلەرگە ۋىدىيو كۆرۈنۈشلىرى قوشۇلۇپ يوللانغان. «كىيېۋ شەھەر ئىچىدە بىر بىرونېۋىك ئولتۇراق رايونىنىڭ ئالدىدىن ئۆتۈۋاتىدۇ...» مەزمۇنى يوللانغان تېۋىتتا، بىرونېۋىكنىڭ كىمگە ئائىت ئىكەنلىكى ئوچۇق يېزىلمىغان. ھاۋا ھۇجۇمىنىڭمۇ نېمە سەۋەبتىن، كىم تەرەپتىن باشلىتىلغانلىقى غۇۋا تۇتۇلغان. رۇسىيە ئارمىيەسىنىڭ كىيېۋغا قاراپ يېقىنلىشىشىنى زېلېنسكىينىڭ تەسلىم بولماسلىقىغا باغلاپ چۈشەندۈرگەن ۋە ئوقۇرمەننىڭ كاللىسىدا «ھەي، تەسلىم بولسىچۇ، بۇنداق پالاكەتلەر بولماس ئىدى» چۈشەنچىسى پەيدا قىلىنماقچى بولغان.

**مەسئۇلىيەت ئارتىش رامكىسى**

رۇسىيە - ئۇكرائىنا كرىزىسىنىڭ سەۋەبىنى ئامېرىكا، ياۋروپا ئىتتىپاقى ۋە شىمالىي ئاتلانتىك ئەھدى تەشكىلاتى قاتارلىق دۆلەتلەر ۋە تەشكىلاتلار بىلەن باغلاپ، مەسئۇلىيەتنى ئۇلارغا دۆڭگەپ قويۇشقا مۇناسىۋەتلىك يوللانمىلار بۇ رامكىغا كىرىدۇ.

*ئامېرىكا ئۆزىنىڭ شەخسىيەتچىلىكى ۋە ئىككى يۈزلىمىچىلىكىنى دۇنياغا يەنە بىر قېتىم كۆرسەتتى. ئامېرىكىنىڭ ئۇكرائىنانى ئوتقا ئىتتىپ بولغاندىن كېيىن بىر بۇلۇڭغا چىقىپ ئولتۇرۇپ، خۇددى ئۇكرائىنانى بەك ئويلايدىغاندەك قىياپەتتە «سىلەرنى قوللايمەن، داۋاملىق ئۇرۇشۇڭلار!» دېگەنلىكىنى كىشىلەر كۆردى (2022 - يىلى 24 - فېۋرال).*

*ئاساسىي جەھەتتىن ئېيتقاندا بۇ رۇسىيە بىلەن ئامېرىكا ئوتتۇرىسىدىكى ئىستراتېگىيەلىك ھېسابلىشىشتىن ئىبارەت. ئۇكرائىنانىڭ مەيدانىنىڭ ئۆزگىرىش ياكى ئۆزگەرمەسلىكى، رۇسىيە ۋە ئامېرىكىنىڭ قانچىلىك تىرىشچانلىق كۆرسىتىشىگە باغلىق (2022 - يىلى 24 - فېۋرال).*

*ۋاشىنگتون ئۇكرائىنا كرىزىسىدىن «ئالاھىدە مەسئۇل تەرەپ»، ئامېرىكا رەھبەرلىكىدىكى شىمالىي ئاتلانتىك ئەھدى تەشكىلاتى، بۇ مەسىلىنى ھەل قىلىشنىڭ ئاچقۇچىنى قولىدا چىڭ تۇتماقتا. ئۇكرائىنا جىددىيچىلىكلىرى (2022 - يىلى 2 - ئاينىڭ 24 - فېۋرال).*

يوللانمىلارغا قارايدىغان بولساق، رۇسىيە - ئۇكرائىنا كرىزىسىدا رۇسىيەنىڭ ھېچقانداق مەسئۇلىيىتى يوقتەك خەۋەر قىلىنغان. بۇ ئۇرۇشنىڭ رۇسىيە بىلەن ئۇكرائىنا ئوتتۇرىسىدا ئەمەس، بەلكى رۇسىيە بىلەن ئامېرىكا ئوتتۇرىسىدىكى ئىستراتېگىيەلىك تىركىشىش ئىكەنلىكىگە دىققەت تارتىلغان. كرىزىسنى ھەل قىلىشنىڭ ئاچقۇچىنىڭ «ئالاھىدە مەسئۇل

تەرەپ» ھېسابلىنىدىغان ئامېرىكا باشچىلىقىدىكى شىمالىي ئاتلانتىك ئەھدى تەشكىلاتىنىڭ قولىدا ئىكەنلىكى تەكىتلەنگەن.

### ئەخلاق رامكىسى

*جۇمە كۈنى رۇسىيە تاراتقۇلىرى تارقاتقان ۋىدىيودىن مەلۇم بولۇشىچە، تەسلىم بولغان ئۇكرائىنا ئەسكەرلىرىگە تاماكا بېرىلدى. (تېكىست ئاستىدا ۋىدىيو بار) ئۇكرائىنا جىددىيچىلىكلىرى (2022 - يىلى 24 - فېۋرال).*

*«ئەگەر مەدەنىيەت مىراسلىرى بۇزۇلسا، بۇ، دۇنيا مەدەنىيەت تارىخى ۋە پۈتكۈل ئىنسانىيەتنىڭ مەنىۋى بايلىقى ئۈچۈن زور يوقىتىش بولىدۇ». خىتاي مەدەنىيەت مۇتەخەسسىسلىرى ئۇكرائىنادىكى مەدەنىيەت مىراسلىرىنى قوغداشقا چاقىردى. رۇسىيە ئۇكرائىنا ئۇرۇشى (2722 - يىلى 27 - فېۋرال).*

تېكىست ئاستىغا قىسقا ۋىدىيو قوشۇپ يوللانغان يوللانمىدا، رۇسىيە ئەسكەرلىرىنىڭ ئەسىر ئېلىنغان ئۇكرائىنا ئەسكەرلىرىگە ئىنسانىي مۇئامىلە قىلغانلىقىنى ئوتتۇرىغا قويماقچى بولۇۋاتىدۇ. بۇ ئارقىلىق رۇسىيە ئەسكەرلىرىنىڭ رەھىمدىل، ئىنسانىي كىشىلەر ئىكەنلىكىگە دىققەت تارتىش ئارقىلىق، ئوقۇرمەنلەرنىڭ ئۇكرائىنالىقلارغا بولغان ھېسداشلىقىنى تۆۋەنلىتىش مەقسەت قىلىنغان. يەنە بىر تەرەپتىن، خىتاي مەدەنىيەت مۇتەخەسسىسلىرىنىڭ مەدەنىيەت مىراسلىرىنىڭ بۇزۇلۇشىغا بولغان ئەندىشىسى ئوتتۇرىغا قويۇلۇپ، خىتاينىڭ ئىنسانىيەت ئورتاق كۆڭۈل بۆلىدىغان مەسىلىلەرگە ئەھمىيەت بېرىدىغانلىقى يورۇتۇپ بېرىلمەكچى بولغان. ھەمدە تۈنجى قېتىم رۇسىيە ئۇكرائىنا ئۇرۇشى دېگەن خەتكۈچ ئىشلىتىلگەن.

### ئىمبارگو رامكىسى

بۇ رامكا ئامېرىكا ۋە باشقا دۆلەتلەرنىڭ رۇسىيەنىڭ ھۇجۇمىنى توختىتىش ئۈچۈن چىقارغان ئىمبارگو قارارلىرىغا مۇناسىۋەتلىك يوللانمىلاردىن تەشكىل تاپىدۇ.

*خىتاي تاشقى ئىشلار مىنىستىرلىكىنىڭ باياناتچىسى جاۋ لىجيەن شەنبە كۈنى تىۋىتتېردا: «ئامېرىكا ئىمبارگو يۈرگۈزۈشكە نېمانچە بەك ھەۋەس قىلىدۇ؟ ئامېرىكانىڭ ئىمبارگولىرى بىرەر مەسىلىنى ھەل قىلىپ باقتىمۇ؟ (2022 - يىلى 24 - فېۋرال)*

*ئامېرىكا پرېزىدېنتى جوۋ بايدېننىڭ مەتبۇئات كاتىپى جېن پساكى جۈمە كۈنى ئامېرىكا تاراتقۇلىرىغا مۇنداق دېدى: «كىيېۋنىڭ [رۇسىيەنىڭ قولىغا] چۈشۈپ كېتىشى رېئال بىر مۇمكىنچىلىك». ئامېرىكا تاراتقۇلىرىنىڭ خەۋىرىگە قارىغاندا ئاقساراي پرېزىدېنتى پۇتىنغا ئىمبارگو يۈرگۈزۈش پىلانىنى ئويلىشىۋېتىپتۇ. ئۇكرائىنا جىددىيچىلىكلىرى (2022 - يىلى 26 - فېۋرال).*

*رۇسىيە خەلق ئاۋىئاتسىيە ئىدارىسى شەنبە كۈنى مۇنداق دېدى: رۇسىيە بۇلغارىيە، پولشا ۋە چېخ ئاۋىئاتسىيە شىركەتلىرىگە ھاۋا بوشلۇقىنى تاقايدۇ. ئۇكرائىنا جىددىيچىلىكلىرى (2022 - يىلى 26 - فېۋرال).*

ئىبارگوغا مۇناسىۋەتلىك يازمىلاردا ئامېرىكىنىڭ ئىمبارگوخۇمارلىقىغا دىققەت تارتىش بىلەن بىرگە، ئوقۇرمەنلەرنى ئىمبارگونىڭ مەسىلىنى ھەل قىلالمايدىغانلىقىغا قايىل قىلماقچى بولغان. رۇسىيەنىڭ ئىمبارگوغا قارشى تۈرۈش قارارى توغرىسىدىكى يوللانمىلار ئارقىلىق، ئىمبارگونىڭ يېڭى ئىمبارگوغا دۇچ كېلىدىغانلىقىنى ئىسپاتلاشقا ئەھمىيەت بەرگەن.

### ئوپېراتسىيە رامكىسى

تىۋىتلاردا رۇسىيەنىڭ ئۇكرائىناغا قىلغان ھۇجۇملىرى ئۇرۇش دەپ ئاتالمىغان، ئۇرۇشنىڭ ئورنىغا ئوپېراتسىيە، ئالاھىدە ئوپېراتسىيە ۋە ھەربىي ئوپېراتسىيە ئىپادىلىرى تاللاپ ئىشلىتىلگەن.

*رۇسىيە دۆلەت خەۋەر ئاگېنتلىقى TASS نىڭ خەۋىرىگە قارىغاندا، رۇسىيە پرېزىدېنتى ۋىلادىمىر پۇتىن 2022 - يىلى 24 - فېۋرال پەيشەنبە كۈنى دونباس رايونىدا «ئالاھىدە ئوپېراتسىيە» ئېلىپ بېرىشقا ئىجازەت بەرگەن (2022 - يىلى 24 - فېۋرال).*

*كىشىلەر پەيشەنبە كۈنى ئەتىگەن سائەت 07:00 ئەتراپىدا كىيىۋدىن نەرسە - كېرەك سېتىۋېلىش ئۈچۈن ئۆچىرەتتە تۇرۇشقا باشلىدى. بۇ كۈنى ئەتىگەندە رۇسىيە ئۇكرائىناغا «ھەربىي ئوپېراتسىيە» باشلايدىغانلىقىنى ئېلان قىلغانىدى (2022 - يىلى 24 - فېۋرال).*

*ئۇكرائىنادىكى سەككىز يىللىق ئۇرۇشنىڭ باشلىنىشى ئەمەس، بەلكى خاتىمىسى بولغان رۇس «ئالاھىدە ھەربىي ئوپېراتسىيەسى» توغرىسىدا، رۇسىيەنىڭ خىتايدىكى باش ئەلچىخانىسى تەرىپىدىن بېرىلگەن باياناتتا، ئوپېراتسىيە مەقسىتىنىڭ دونباس رايونىدىكى خەلققە قارشى چەتئەل كۈچلىرىنى قورالسىزلاندۇرۇش ۋە يېڭى ناتسىزم ۋە ئۇنىڭ ئىدېئولوگىيەسىنى توختىتىش ۋە كونترول ئاستىغا ئېلىش ئىكەنلىكىنى تەكىتلىدى (2022 - يىلى 28 - فېۋرال).*

ئوپېراتسىيە رامكىسى ئىچىدە ئانالىز قىلىنغان يوللانمىلاردا «پەيشەنبە»، «پەيشەنبە كۈنى ئەتىگەن سائەت 07: 00 »، «يەكشەنبە» ، «سەككىز يىللىق ئۇرۇشنىڭ باشلىنىشى ئەمەس ، بەلكى خاتىمىسى بولغان رۇس ئالاھىدە ھەربىي ئوپېراتسىيەسى» قاتارلىق كونكېرت ئىپادىلەر بىلەن ئوقۇرمەننىڭ دىققىتىنى مەزكۇر ئىپادىلەرگە جەلپ قىلماقچى بولغان. ئەڭ مۇھىمى، رۇسىيەنىڭ ئۇكرائىناغا قىلغان ھۇجۇمىنى ئۇرۇش سەۋىيەسىدە ئەمەس، ئوپېراتسىيە ياكى توقۇنۇش سەۋىيەسىدە كۆرسەتمەكچى بولغان. رۇسىيەنىڭ خىتايدىكى باش ئەلچىخانىسىنىڭ باياناتىدا بۇ ھەرىكەتنىڭ مەقسىتىنىڭ دونباس رايونىدىكى خەلققە قارشى ئىشلىتىلگەن چەتئەل كۈچلىرىنى قورالسىزلاندۇرۇش ۋە يېڭى ناتسىزم ۋە ئۇنىڭ ئىدېئولوگىيەسىنى توسۇش ۋە كونترول قىلىش ئىكەنلىكى تەكىتلەنگەن. بۇ ئارقىلىق رۇسىيەنىڭ «ئوپېراتسىيەلىرى»نى يوللۇق دېگەن سىگنال بېرىلمەكچى ۋە ھېس ئويغىتىلماقچى بولغان.

## رۇسىيەنىڭ بىخەتەرلىك ئەندىشىسى رامكىسى

بۇ رامكا ئاساسلىقى رۇسىيە - ئۇكرائىنا كرىزىسىنى بىر تەرەپلىمە باھالاشقا بولمايدىغانلىقى ۋە رۇسىيەنىڭ بىخەتەرلىك ئەندىشىسىنىڭ دىققەتكە ئېلىنىشقا تېگىشلىك مەسىلە ئىكەنلىكىگە مەركەزلەشكەن يوللانمىلاردىن تەشكىل تاپىدۇ.

*خىتاي كۆزەتكۈچىلەر ئامېرىكانىڭ رۇسىيەنى ئىزچىل كونترول ئاستىدا تۇتۇپ كېلىۋاتقانلىقىنى، ئاخىرىدا ئۇنى بىخەتەرلىك تەلىپىنى مۇشۇنداق قاتتىق ئۇسۇل بىلەن ئىجرا قىلىشقا مەجبۇر قىلغانلىقىنى ئېيتتى. رۇس سەرخىللىرى ئۇكرائىنا كرىزىسى ھەل قىلىشقا تېگىشلىك نۇقتىغا كەلدى دەپ قارايدۇ (2022 - يىلى 24 - فېۋرال).*

*پۇتىن شى جىنپىڭغا مۇنداق دېدى: ئامېرىكا ۋە شى ئا ئە ت ئۇزۇندىن بۇيان رۇسىيەنىڭ بىخەتەرلىك مەسىلىسىگە سەل قارىدى، ۋەدىسىدىن قايتا - قايتا يېنىۋالدى ھەمدە رۇسىيەنىڭ ئاخىرقى سىزىقىغا جەڭ ئېلان قىلىپ، شەرققە قاراپ ھەربىي ئورۇنلاشتۇرۇش قەدىمىنى تېزلىتىشنى داۋاملاشتۇرىۋەردى. رۇسىيە ئۇكرائىنا بىلەن سۆھبەت ئۆتكۈزۈشكە تەييار (2022 - يىلى 25 - فېۋرال).*

*شىمالىي ئاتلانتىك ئەھدى تەشكىلاتىنىڭ شەرققە كېڭىيىشى ئارقا كۆرۈنۈشىدە، رۇسىيەنىڭ قانۇنلۇق بىخەتەرلىك تەلىپى چوقۇم مۇۋاپىق ئۇسۇلدا ھەل قىلىنىشى كېرەك. رۇسىيەنىڭ زەربىدارلار قوشۇنىنى*

*ئەڭ يۇقىرى ھوشيارلىق ھالىتىگە ئۆتكۈزۈش قارارىغا قارىتا، خىتاي تاشقى ئىشلار مىنىستىرلىكى بارلىق ئالاقىدار تەرەپلەرنىڭ ئېھتىياتچانلىق بىلەن ھەرىكەت قىلىپ، (زىددىيەتنىڭ) تېخىمۇ ئۇلغىيىپ كېتىشىنىڭ ئالدىنى ئېلىش كېرەكلىكىنى ئوتتۇرىغا قويىدى (2022 - يىلى 28 - فېۋرال).*

رۇسىيەنىڭ بىخەتەرلىك رامكىسى ئىچىدە تەھلىل قىلىنغان يوللانمىلاردا، رۇسىيەنىڭ ئۇكرائىناغا قىلغان ھۇجۇمىغا ئامېرىكا ، غەرب ۋە شىمالىي ئاتلانتىك ئەھدى تەشكىلاتىنىڭ مەسئۇل ئىكەنلىكى كۆرسىتىلگەن ۋە رۇسىيەنىڭ بۇ ھۇجۇمنى قوزغاشقا مەجبۇر بولۇپ قالغانلىقى ئىلگىرى سۈرۈلگەن. يوللانمىلاردا رۇسىيەنىڭ بىخەتەرلىك مەسىلىسى تەكىتلەنگەن، ئەمما ئۇكرائىنانىڭ ھازىرقى ۋەزىيىتى ھەققىدە ھېچقانداق ئۇچۇر بېرىلمىگەن. تىۋىتلاردا خىتاينىڭ رۇسىيەنىڭ بىخەتەرلىك ئەندىشىسىنى چۈشىنىدىغانلىقى تىلغا ئېلىنغان، بۇ ئارقىلىق رۇسىيەنىڭ ئۇكرائىنانى ئىشغال قىلىش ھۇجۇمىنى قوللايدىغانلىقىنى ۋاسىتىلىق ئىپادىلىگەن.

### خىتاينىڭ پوزىتسىيەسى رامكىسى

*خىتاي ئامېرىكىنىڭ ئۇكرائىنانى ھەربىي ئەسلىھەلەر بىلەن تەمىنلەش ئارقىلىق رۇسىيەگە قىلغىنىنى قىلمايدۇ ۋە كۈچلۈك بىر دۆلەت بولۇش سۈپىتى بىلەن رۇسىيەنىڭ قورال ئۇچۇن خىتاي ياكى باشقا دۆلەتلەرگە ئېھتىياجى يوق (2022 - يىلى 24 - فېۋرال).*

*ۋاڭ مۇنداق دېدى: خىتاي سوغۇق مۇناسىۋەتلەر ئۇرۇشى روھىي ھالىتىدىن پۈتۈنلەي ۋاز كېچىشنى، ئاخىرىدا دىئالوگ ۋە مۇزاكىرە ئارقىلىق تەكىپۇڭ ، ئۈنۈملۈك ۋە سىجىل ياۋروپا بىخەتەرلىك مېخانىزمى بەرپا قىلىشنى تەشەببۇس قىلىدۇ (2022 - يىلى 24 - فېۋرال).*

*خىتاي رۇسىيە ۋە ئۇكرائىنانىڭ سۆھبەت ئارقىلىق مەسىلىنى ھەل قىلىشىنى قوللايدۇ. شى جىنپىڭ پۇتىنغا : «خىتاينىڭ بارلىق دۆلەتلەرنىڭ ئىگىلىك ھوقۇقى ۋە زېمىن پۈتۈنلۈكىگە ھۆرمەت قىلىش ۋە ب د ت نىزامنامىسىنىڭ مەقسىتى ۋە پىرىنسىپىغا ئەمەل قىلىشتىكى تۈپ مەيدانى بىردەك» دېدى (2022 - يىلى 25 - فېۋرال).*

*ۋاڭ: ب د ت بىخەتەرلىك كېڭىشى يېڭى زىددىيەتلەرگە يول ئاچقاننىڭ ئورنىغا، نۆۋەتتىكى كىرىزىسنى سىياسىي جەھەتتىن ھەل قىلىش ئۈچۈن چارە تېپىشقا تۆھپە قوشۇشى كېرەك. بۇ نۇقتىدىن ئېيتقاندا، خىتاي كۈچ ئىشلىتىش ۋە ئېمبارگولارنى ئۆز ئىچىگە ئالغان ئىپادىلەرنى ئىشلىتىشنى چەكلەيدۇ (2022 - يىلى 27 - فېۋرال).*

بۇنىڭدىن كۆرۈۋېلىشقا بولىدۇكى، تىۋىتتېردا خىتاينىڭ ئېمبارگونى قوللىمايدىغانلىقى، دىئالوگ ۋە مۇزاكىرە ئارقىلىق مەسىلىنى ھەل قىلىشنى تەشەببۇس قىلىدىغانلىقى ۋە مەسىلىنىڭ كېلىش مەنبەسىنىڭ شىمالىي ئاتلانتىك ئەھدى تەشكىلاتى ۋە ئامېرىكا ئىكەنلىكىگە دىققەت تارتىشقا تىرىشقان. ب د ت ئەھدىنامىسىنىڭ مەقسىتى ۋە پىرىنسىپىغا ئەمەل قىلىشتىكى مەيدانىنىڭ بىردەك ئىكەنلىكىنى تەكىتلىگەن.

### رەسىم بىلەن رامكىغا ئېلىش

يەرشارى ۋاقىت گېزىتىنىڭ تىۋىتلىرىدا پەقەت تېكىستلا ئەمەس، بەلكى GTCartoon دېگەن خەتكۈچ بىلەن بىللە يوللانغان كارتونلارمۇ بار. يوللانغان كارتونلار يەرشارى ۋاقىت گېزىتىنىڭ مەلۇم مەننى چۆرىدەپ ئىشلىگەن خەۋەرلىرىنى كۈچەيتىش ۋە ئۈنۈمدارلىقىنى ئاشۇرۇش ئۈچۈن خىزمەت قىلىدۇ.

*بىرىنچى كارتون. سام تاغا: نۇرغۇن كارتىدىن پەقەت بىرى. ئۇكرائىنا جىددىيچىلىكلىرى (2022 - يىلى 24 - فېۋرال «1.قوشۇمچە»).*

*ئىككىنچى كارتون. سام تاغا: نۇرغۇن كارتىدىن پەقەت بىرى. ئۇكرائىنا جىددىيچىلىكلىرى (2022 - يىلى 24 - فېۋرال « 1 .قوشۇمچە » ) .*

*ئۈچىنچى كارتون. ئىگىلىك ھوقۇقى ۋە زېمىن پۈتۈنلۈكىگە ھۆرمەت قىلىش پرىنسىپى، ئون مىليونلىغان ئىنسانلارنىڭ جېنىغا زامىن بولغان ئىككىنچى دۇنيا ئۇرۇشىدىن كېيىن تۈزۈلدى. ئەمما ئامېرىكا كوسوۋو ئۇرۇشى ۋە ئىراق ئۇرۇشى قاتارلىقلاردا تۈنجى بولۇپ پرىنسىپنى بۇزغان تەرەپنىڭ ئامېرىكا بولغانلىقىنى ئۇنتۇپ قالغاندەك قىلىدۇ (2022 - يىلى 25 - فېۋرال «2 .قوشۇمچە») .*

*تۆتىنچى كارتون. ھەقىقىي ئوت قويغۇچى. ئۇكرائىنا ـ ئۇكرائىنا جىددىيچىلىكلىرى (2022 - يىلى25 - فېۋرال «2 .قوشۇمچە»)*

*بەشىنچى كارتون. GTCartoon قولىنىشچان پارتلاش. رۇسىيە ئۇكرائىنا (2022 - يىلى 27 - فېۋرال «3 .قوشۇمچە») .*

*ئالتىنچى كارتون. GTCartoon: قولىنىشچان پارتلاش. رۇسىيە ئۇكرائىنا (2022 - يىلى 28 - فېۋرال «3 .قوشۇمچە ») .*

*يەتتىنچى كارتون. تىنچلىقنى ساقلىغۇچىمۇ ياكى ئۇرۇش باشلىغۇچىمۇ؟ ئۇكرائىنا جىددىيچىلىكلىرى ئامېرىكا (2022 - يىلى 28 - فېۋرال «4 .قوشۇمچە») .*

*سەككىزىنچى كارتون. GTCartoon: تىنچلىقنى ساقلىغۇچى قىياپىتىگە كىرىۋالغان ئۇرۇش قوزغىغۇچى. ئۇكرائىنا جىددىيچىلىكلىرى ئامېرىكا (2022 - يىلى 28 - فېۋرال «5 .قوشۇمچە ») .*

*توققۇزىنچى كارتون. شەرققە داۋام! ش ئا ئە ت نىڭ كېڭىيىشى ئۇكرائىنا جىددىيچىلىكلىرى (2022 - يىلى 28 - فېۋرال «5 . قوشۇمچە») .*

ھەمبەھىرلەنگەن كارتون رەسىملەرنىڭ تېمىلىرىغا قارايدىغان بولساق، بىرىنچى ۋە ئىككىنچى كارتوندا ، ئۇكرائىنا ئامېرىكىنىڭ نۇرغۇن قارتلىرى ئىچىدىكى پەقەت بىر قارت. ئامېرىكا بۇ قارتتىن ۋاز كەچتى. باشقا قارتلاردىنمۇ ۋاز كېچىدۇ» دېگەن ئۇچۇر بېرىلمەكچى بولغان. رۇسىيە - ئۇكرائىنا كرىزىسىدىن روشەن ئىپادىلەر بىلەن ئامېرىكا مەسئۇل تۇتۇلغان. مەزكۇر كارتوننى كۆندە ئىككى قېتىم ھەمبەھىرلەش ئارقىلىق ئۇنىڭ «مۇھىم» ئىكەنلىكى تەكىتلەنگەن (1. قوشۇمچە). ئۈچىنچى كارتوندا ئامېرىكىنىڭ كوسوۋو ۋە ئىراق ئۇرۇشى مەزگىلىدە، باشقا دۆلەتلەرنىڭ ئىگىلىك ھوقۇقى ۋە زېمىن پۈتۈنلۈكىگە ھۆرمەت قىلىش پرىنسىپىغا خىلاپلىق قىلغانلىقىنى ئەسكەرتىپ، رۇسىيەنىڭ ئۇكرائىناغا قىلغان ھۇجۇمىغا مۇناسىۋەتلىك يۇقىرىدا بايان قىلىنغان پرىنسىپلارغا ئۆزىنىڭمۇ خىلاپلىق قىلغانلىقىنى ئۇنتۇپ قالماسلىقى كېرەكلىكىنى ئوتتۇرىغا قويغان. بۇ ئارقىلىق ئامېرىكىدىن «سەن قىلساڭ گەپ يوق، خەخ قىلسا گۇناھمىكەن»، دېگەن سوئال ۋاستىلىك سورالغان. تۆتىنچى كارتون يوللانمىسىدىمۇ ئۈچىنچى كارتون قايتا ھەمبەھىرلەنگەن. بۇ قېتىمدا «ھەقىقىي ئوت قويغۇچى» دېگەن تېكىستلىك جۈملە كارتوننىڭ ئۈستىدە بېرىلگەن. بۇ جۈملە ئارقىلىق رۇسىيە - ئۇكرائىنا كرىزىسىغا ئامېرىكىنىڭ مەسئۇل ئىكەنلىكى يەنە بىر قېتىم تەكىتلەنگەن (2.قوشۇمچە). بەشىنچى ۋە ئالتىنچى كارتوندا ئامېرىكىنىڭ شىمالىي ئاتلانتىك ئەھدى تەشكىلاتىنىڭ چاقمىقى بىلەن رۇسىيە - ئۇكرائىنا كرىزىسىنىڭ پىلتىسىگە ئوت ياققانلىقى رەسىملەشتۈرۈلگەن. «قولىنىشچان پارتلاش» دېگەن تېكىست بىلەن يەشمەكچى بولغان مەنە كۈچەيتىلگەن. ھەمدە 27 - ۋە 28 - فېۋرال ئىككى قېتىم ھەمبەھىرلەش ئارقىلىق، ئەگەشكۈچىلەردە كۆزلىگەن تەسىراتنىڭ قالدۇرۇلۇشى مەقسەت قىلىنغان ( 3.قوشۇمچە). يەتتىنچى ۋە سەككىزىنچى كارتون ئامېرىكانىڭ تىلى بىلەن ھەرىكىتىنىڭ بىردەك ئەمەسلىكىنى ئوتتۇرىغا قويغان. ئامېرىكىغا دارىتمىلاپ، ئامېرىكا بىر تەرەپتىن مەسىلىنى دىپلوماتىك ئۇسۇلدا

ھەل قىلىشقا ئەھمىيەت بېرىمىز دېسە، يەنە بىر تەرەپتىن ئۇكرائىناغا قورال ياردىمى قىلىۋاتىدۇ دەپ كىنايە قىلغان (4.قوشۇمچە). توققۇزىنچى كارتون ئوقۇرمەنلەرنىڭ دىققىتىنى ئامېرىكا باشچىلىقىدىكى شىمالىي ئاتلانتىك ئەھدى تەشكىلاتىنىڭ شەرققە كېڭىيىشىنىڭ مەسىلىنىڭ ئاساسىي مەنبەسى ئىكەنلىكىگە تارتقان (5. قوشۇمچە).

## خۇلاسە

رۇسىيە - ئۇكرائىنا كرىزىسى پارتلىغاندىن كېيىن، كرىزىس خەلقئارا سىياسەتنىڭ جىددىي كۈنتەرتىپىگە ئايلاندى. بۇ جىددىي كۈنتەرتىپ مېدىيا قورۇلۇشلىرى تەرىپىدىن ئۇلارنىڭ سىياسىي كۆز قارىشى ئاساسىدا خەۋەر قىلىندى. كۈنسېرى تەرەققىي قىلىۋاتقان ئىقتىسادى سەۋەبلىك خەلقئارا سىياسەتنىڭ يېڭى ئاكتىيورىغا ئايلىنىپ، 2000 - يىلدىن كېيىن دۇنيا دۆلەتلىرى ۋە سىياسىئونلارنىڭ دىققىتىنى ئۆزىگە تارتقان خىتاي ۋە قاراشلىق مېدىيا قورۇلۇشلىرىمۇ، بۇ كەسكىن كۈنتەرتىپ جەريانىدا ئۆزىنى ھېس قىلدۇردى. خىتاي مەنبەلىك خەلقئارالىق مېدىيا قورۇلۇشلىرى، بىۋاستە خىتاي كومپارتىيەسى مەركىزىي كومىتېتى يېتەكچىلىكىدە پائالىيەت قىلىدىغان بولغاچقا، خىتاي مەنبەلىك مېدىيا قورۇلۇشلىرىنىڭ خەۋەر ۋە دوكلاتلىرىدىن خىتاينىڭ تاشقى سىياسەت ئىستراتېگىيەسى ۋە ئىدىيەۋى پوزىتسىيەسىنى چۈشىنىشكە بولىدۇ.

قىسقا ۋە ئىخچام ھەمبەھىرلەر بىلەن ئوقۇرمەنلەرگە ئۇچۇر يەتكۈزۈش ۋە ئۇلارنى مەلۇم بىر تەپەككۇر يۆنىلىشىگە يېتەكلەش ئىقتىدارىغا ئىگە رەقەملىك ئىجتىمائىي ئالاقە سۇپىلىرى بىلەن ئەنئەنىۋى گېزىت خەۋەرچىلىكىنىڭ بىر گەۋدىلەشتۈرۈلۈپ ئىشلىتىلىشى سايىسىدە، ۋەقە ۋە ھادىسىلەرنىڭ جەريانىنى چۈشىنىش تېخىمۇ ئاسانلىشىشقا باشلىدى.

بۇ تەتقىقاتتا، 2022 - يىلى 2 - ئاينىڭ 24 - كۈنى رۇسىيەنىڭ ئۇكرائىناغا قاراتقان ئىشغال ئۇرۇشى باشلانغاندىن كېيىن، خىتاي مەنبەلىك خەلقئارالىق گېزىت بولغان «يەرشارى ۋاقىت گېزىتى» نىڭ جەريانىنى قانداق خەۋەر قىلغانلىقى ۋە مەزكۇر ئۇرۇشقا تۇتقان ئىدېئولوگىيەلىك پوزىتسىيەسىنىڭ قانداق سۇنۇلغانلىقى، گېزىتنىڭ رەسمىي تۋىتتېر ھېساباتىدا يوللانغان قىسقا تېكىست خەۋەرلىرى ئاساسىدا، رامكىغا ئېلىش نەزەرىيەسى ۋە مېتودى بىلەن تەھلىل قىلىندى.

يوللانمىلارنى تەھلىل قىلىش جەريانى ۋە تەتقىقات نەتىجىسىدىن شۇ ئايان بولدىكى، يەرشارى ۋاقىت گېزىتىنىڭ تۋىتتېر ھېساباتىدا يوللانغان تېكىستلىك ۋە كۆرۈنۈشلۈك يوللانمىلاردا ئوقۇرمەنلەرنىڭ دىققىتىنى رۇسىيە بىلەن ئۇكرائىنا ئوتتۇرىسىدىكى ئۇرۇشنىڭ ئىككى دۆلەت ئوتتۇرىسىدىكى ئۇرۇشقا ئەمەس، بەلكى ئامېرىكا، شىمالىي ئاتلانتىك ئەھدى تەشكىلاتى ۋە رۇسىيە ئوتتۇرىسىدىكى تىركىشىشكە تارتماقچى بولغان. رۇسىيەنىڭ ئۇرۇشتىكى مەسئۇلىيىتى يوشۇرۇن ياكى غۇۋا تۇتۇلۇپ، ئوقۇرمەنلەرنىڭ ئېڭىدا ئامېرىكا ۋە شىمالىي ئاتلانتىك ئەھدى تەشكىلاتى دۆلەتلىرىنىڭ رۇسىيەنى بۇ «ھەربىي ئوپېراتسىيە» نى قىلىشقا مەجبۇرلىغانلىقىدەك بىر تەسىرات پەيدا قىلماقچى بولغان. ئۇرۇشنىڭ مەسئۇلىيىتى بىۋاستە ئامېرىكا ۋە شىمالىي ئاتلانتىك ئەھدى تەشكىلاتىغا دۆڭگەلگەن. مۇشۇنداق قىلىش ئارقىلىق رۇسىيە - ئۇكرائىنا كرىزىسىنىڭ باش ئاكتىيورلىرىدىن بولغان رۇسىيەنىڭ قىلغانلىرىنى، ئوقۇرمەنلەرگە «يوللۇق» دەپ قوبۇل قىلدۇرماقچى بولغان. «ئۇرۇش» سۆزى پەقەت بىرلا ئۇچۇردا ئىشلىتىلگەن. باشقا ئۇچۇرلاردا ئۇرۇشنىڭ ئورنىغا

«ئوپېراتسىيە» ۋە «ئالاھىدە ئوپېراتسىيە» دېگەن سۆزلەر تەرجىمە قىلىنغان. ئىشغال ئىپادىسى ھېچبىر تىۋىتتا ئىشلىتىلمىگەن.

ئىشلىتىلگەن خەتكۈچلەرگە قارايدىغان بولساق، ئۇكرائىنا جىددىيچىلىكلىرى دېگەن خەتكۈچ بىلەن جىددىيچىلىكنىڭ رۇسىيەنىڭ ئۇكرائىناغا قىلغان ھۇجۇمى نەتىجىسىدە مەيدانغا كەلگەنلىكى يوشۇرۇلغان ۋە ئۇنى پەقەت ئۇكرائىنادا يۈز بەرگەن نورمال جىددىيچىلىكتەك كۆرسەتمەكچى بولغان. خەتكۈچلەرنىڭ دىققەت تارتىش فۇنكسىيەسىنى نەزەرگە ئالغاندا، ئۇكرائىنا جىددىيچىلىكلىرى دېگەن خەتكۈچ ئوقۇرمەننى ئۇكرائىناغا، يەنى بىر تەرەپكە مەركەزلىشىشكە ئۈندىسە، بۇ جىددىيچىلىكنىڭ سەۋەبچىسى بولغان تەرەپنى نەزەردىن ساقىت قىلىشقا تۈرتكە بولماقچى بولىدۇ.

كىرىزىس مەزگىلىدە خىتاي رۇسىيە - ئۇكرائىنا كىرىزىسىنى دىئالوگ ۋە تىنچ ئۇسۇللار ئارقىلىق ھەل قىلىش تەرەپدارى سۈپىتىدە رامكىغا ئېلىنىپ خەۋەر قىلىنغان. خىتاي تاشقى ئىشلار مىنىستىرلىكى ۋە خىتاينىڭ ب د ت دا تۇرۇشلۇق دائىمىي ۋەكىللىرىدىن نەقىل قىلىپ يوللانغان ئۇچۇرلاردا، بىر تەرەپتىن خىتاينىڭ ھەر ئىككى دۆلەتنىڭ ئىگىلىك ھوقۇقىغا ھۆرمەت قىلىدىغانلىقى ئوتتۇرىغا قويۇلسا، يەنە بىر تەرەپتىن كىرىزىسنى دىئالوگ ۋە خەلقئارا قانۇن ئاساسىدا ئىنسانپەرۋەرلىك پىرىنسىپى رامكىسىدا ھەل قىلىشنى تەشەببۇس قىلىدىغانلىقى تەكىتلەنگەن. خىتايغا نىسبەتەن، رۇسىيە - ئۇكرائىنا كىرىزىسى رۇسىيەنىڭ ئۇكرائىناغا قىلغان ھۇجۇمى نەتىجىسىدە يۈز بەرمىگەن. ئۇكرائىنانىڭ شىمالى ئاتلانتىك ئەھدى تەشكىلاتىغا ئەزا بولۇش تەشەببۇسى ۋە ئامېرىكا باشچىلىقىدىكى شىمالى ئاتلانتىك ئەھدى تەشكىلاتى ۋە غەرب دۆلەتلىرىنىڭ شەرققە كېڭىيىش ئىستراتېگىيەسى، رۇسىيەنى ئۇكرائىناغا ھۇجۇم قىلىشقا مەجبۇرلىغان. يوللانغان تېكىستلىك ۋە رەسىملىك يوللانمىلاردا روشەن ئىپادىلەر بىلەن ئۇرۇشنىڭ ھەقىقىي قوزغىغۇچىسىنىڭ ئامېرىكا ئىكەنلىكى بايان قىلىنغان. كۆرۈنۈشلۈك يوللانمىلاردا ئامېرىكا ۋە شىمالى ئاتلانتىك ئەھدى تەشكىلاتىنىڭ ئۇرۇشنىڭ پىلتىسىگە ئوت ياققان تەرەپ ئىكەنلىكى، ئۇكرائىنانىڭ ئامېرىكا ۋە شىمالىي ئاتلانتىك ئەھدى تەشكىلاتىنىڭ بىر قارتى ئىكەنلىكى تەكرارلىنىپ، رۇسىيەنىڭ بۇ جەرياندىكى پائالىيىتى ۋە بۇزغۇنچىلىقلىرى مۇجمەل تۇتۇلغان. رۇسىيە - ئۇكرائىنا كىرىزىسى جەريانىدا، «خىتاي بۇ كىرىزىسنىڭ تىنچ يول بىلەن ھەل قىلىنىشىنى قوللايدۇ» دېگەن ئۇچۇر قايتا قايتا تەكىتلەنگەن. ئامېرىكا، غەرب ۋە باشقا دۆلەتلەرنىڭ رۇسىيەگە قاراتقان ئىمبارگوسى خىتاي تەرىپىدىن كۈچلۈك ئەيىبلەنگەن ۋە ئىمبارگونىڭ مەسىلىنى ھەل قىلىشنىڭ چارىسى ئەمەسلىكىنى ئىلگىرى سۈرگەن.

تىۋىت يوللانمىلىرىدا خىتاينىڭ رۇسىيەگە قارىتا ئىمبارگو سىياسىتى يوقلۇقى تەكىتلىنىش بىلەن بىر ۋاقىتتا، ئۇنىڭ رۇسىيەدىن ئاشلىق ئىمپورت مىقدارىنى ئاشۇرىدىغانلىقى توغرىسىدىكى قارارلىرىغا ئالاقىدار خەۋەرلىرى دىققەت قىلىشقا ئەرزىيدۇ.

يەرشارى ۋاقىت گېزىتىنىڭ رەسمىي تىۋىتتېرىدا يوللانغان قىسقا تېكىستلىك خەۋەرلەرگە ئاساسەن شۇنداق خۇلاسىگە كېلىشكە بولىدۇكى، خىتاي ھەم رۇسىيە ۋە ئۇكرائىنادىن ئىبارەت ھەر ئىككى دۆلەتنىڭ زېمىن پۈتۈنلۈكىگە ھۆرمەت قىلىدىغانلىقىنى خەلقئارا جامائەتچىلىكنىڭ بىلىشىنى ئارزۇ قىلىدۇ، ھەمدە رۇسىيەدىن ئىبارەت قەدىمىي ئىدېئولوگىيەلىك ئىتتىپاقدىشىنى ئەزەلى ئىدېئولوگىيەلىك دۈشمىنى بولغان ئامېرىكا ۋە غەرپ لاگېرىغا يالغۇز تاشلاپ قويمايدىغانلىقىنى يوشۇرۇشقا تىرىشمايدۇ. بىر تەرەپتىن، ئۇكرائىنانىڭ زېمىن پۈتۈنلۈكىنى قوللايدىغانلىقىنى تەكرارلاش ئارقىلىق ئۇكرائىناغا ھېسداشلىق قىلىدىغان دۇنيا

جامائەتچىلىكنىڭ نەزىرىدىكى ئىجابىي ئوبرازىنى ساقلاپ قالالماقچى بولسا، يەنە بىر تەرەپتىن رۇسىيەنىڭ ئۇكرائىناغا قارىتا باشلىغان ئىشغال ئۇرۇشىنى ئىشغال دېيىشتىن ئۆزىنى قاچۇرۇپ، رۇسىيەنى ئۇكرائىناغا ئۇرۇش ئاچقىلى سالغىنى ئامېرىكا باشچىلىقىدىكى غەرب لاگېرىدىن ئىبارەت، ئامېرىكا ۋە غەرب لاگېرى شەرققە قىستاپ كەلمىگەن بولسا، رۇسىيە ئۇكرائىناغا ھۇجۇم قىلمايتتى، رۇسىيەنىڭ گېئوپولىتىك ئەندىشەلىرىنى چۈشىنىشىمىز كېرەك دېگەن ئىدىيەنى كەڭ جامائەتچىلىككە قوبۇل قىلدۇرماقچى بولغان. يەرشارى ۋاقىت گېزىتىنىڭ كىرىزىس جەريانىدىكى تارقىتىش سىياسىتى خىتاينىڭ يۇقىرىدىكى تاشقى سىياسەت چۈشەنچىسى ئاساسىدا رامكىغا ئېلىنغان.

## پايدىلانغان مەنبەلەر


- Atay, Seyran Elitli. 2019. «Çerçeveleme Kuramı: 27 Nisan E - Muhtıra Haberlerinin Türk Yazılı Basında Sunumu.» Atatürk İletişim Dergisi Sayı (5): 5 - - 24.
- Bateson, Gregory. 1955. “A Theory Of Play And Fantasy”. A.P Psychiatric Reseasch Reports .
- Dan, Huang. 2005. . Habercinin İmgesi: Gazetecilik Profesyonelliğinin İnşası ve Çözülmesi. Shang Hai: Fudan University Press.
- Durur, Elif Küçük. 2011. «İnşacı Yaklaşım İçinde Çerçeveleme Kuramı ve Haberin Çerçevelenmesi.» Atatürk İletişim Dergisi (2): 21 - 32.
- Entman, R.M. 1991. «“Framing U.S.Coverage of International News: Contrasts in Narratives of the KAL and Iran Air Incidents”.» Journal of Communication 41 (4): 6 - 27.
- Eraydın, Galip. 2020. «Protestoların Çerçevelenmesi: Sarı Yelekliler ve Türk Medyası.» *Üsküdar Üniversitesi İletişim Fakültesi Akademik Dergisi* (Etkileşim) 5: 146 - 168.
- Gamson, William A, ve Andre Modigliani. 1989. «Media Discourse and Public Opinion on Nuclear Power:A Constructionist Approach.» The American Journal Of Sociology 95 (1): 1 - 37.
- Gitlin, Todd. 1980. The World İs Watching: Mass Media İn The Making and Unmaking of The New Left. Berkeley: CA: University of California Press.
- Goffman, Erving. 1974. Frame Analysis. Boston: Northeastern University Press.
- Goffman, Erving. 1981. «Frame analysis: An essay on the organization of experience.[J].» Contemporary Sociology, 4 (6): 1093 - a - 1094.
- Gügünağaoğlu, Cansu. 2020. «Haber Çerçeveleme Kuramı Bağlamında Anadolu Ajansı Ve Tass Haber Ajansı’nın Karlov Suikastı Haberleri (Yayımlanmış Yüksek Llisans Tezi).»
- Güran, Mehmet Salih, ve Hüseyin Özarslan. 2013. «Çerçeveleme teorisinin halkla ilişkilerde kullanımı, Türkiyat Araştırmaları Dergisi, 34, s. 299 - 314.» Türkiyat Araştırmaları Dergisi 34: 299 - 314.
- Hallahan, Kirk. 1999. «“Seven Models of Framing: Implications for Public Relations”.» Journal of Public Relations Research. 11 (3): 205 - 242.
- Hughes, Kajsa. 2020. «Trump’s Twiplomacy: A New Diplomatic Norm? (Yayımlanmış Yüksek Lİsans Tezi).»
- Kilit, Zahit Ali, ve Mehmet Sezai Türk. 2020. «Uluslararası Basının COVID - 19 Haberlerinde Kullandığı Türkiye Görsellerinin Çerçeveleme Kuramı Bağlamında Değerlendirilmesi.» İnternational TURKISHCULTUREAND ARTSYMPOSIUM Proceedings Book 2.Cilit. Ankara. 476 - 487.
- M.Entman, Robert. 1993. «“Framing: Toward Clarification Of A Fractured Paradigm”, .» Journal Of Communication 43 (4): 51 - 58.
- Oliver, Boyn Barret. 2006. «Ekonomik Poliitik Yaklaşım.» Kitle iletişimin Ekonomik Temelleri içinde, yazan Levent Yaylagül, 1 - 16. Ankara: Dalbaz.
- Pan, Zhong dang, ve Gerald M. Kosicki. 2010. «Framing analysis: An approach to news discourse.» Political Communication 55 - 75.

- Price, Vincent, ve David Tewksbury. 1997. «"News Values And Public Opinion: A Theoretical Account Of Media Priming And Framing", Progress İn The Communication Sciences. (Ed. G. A. Barnett & F. J. Boster).» 173 - 212.
- Saraç, Duygu Çeliker. 2018. «Domuz gribi haberlerinde çerçeveleme: hürriyet gazetesi örneği.» Global Media Journal TR Edition 8 (16): 161 - 185.
- Sarıkaya, Tugay. 2020. «Çerçeveleme Kuramı Bağlamında Türkiye'nin Suriyeli Göçmenlere Avrupa Sınırlarını Açmasının Gazetelere Yansıması: Sabah Ve Cumhuriyet Gazetesi Örnekleri.» İstanbul Aydın Üniversitesi Dergisi - İAÜD 2 (4): 402 - 414.
- Scheufele, Dietram. 1999. «"Framing As A Theory Of Media Effects".» Journal Of Communication. 103 - 123.
- Semetko, Holli, ve Patti Valkenburg. 2000. «Framing European politics: A content analysis of press and television news.» ournal of Communication 50 (2): 93 - 109.
- Seyidov, İlgar. 2014. «Türk Basınında Sunulan Kırım Krizi Haberlerinin Çerçeveleme Kuramı Bağlamında.» Akdeniz Üniversitesi İletişim Fakültesi Dergisi (22): 60 - 73.
- Vreese, de, ve Claes H. 2005. «News framing: Theory and typology.» Information Design Journal & Document Design 13 (1): 51 - 62.
- Wasike, Ben S. 2013. «Framing News in 140 Characters:How Social Media Editors Frame the News and Interact with Audiences via Twitter.» Global Media Journal - - Canadian Edition 6 (1): 5 - 23.
- Westra, Serena. 2013. «Framing The New king on Social Media (Yayımlanmış Yüksek Lisas Tezi).»
- Yağlı, Soner. 2009. «Direne(meye)n Aktörlerin Galibiyetsiz Savaşımı: Gerçeklik ve Medyadaki İnşası. İsmet Parlak (Ed.), Medyada Gerçekliğin İnşası: Türk Medya Söylemine Eleştirel Bir Bakış içinde (s. 1 - 76). Konya : Çizgi.
- http://www.xwzgcb.com/a/v.php?info_id=7164 (Erişim: 21 Mart 2022).
- https://baike.baidu.com/item/%E7%8E%AF%E7%90%83%E6%97%B6%E6% 8A% A5 (Erişim: 21Mart 2022).
- https://www.globaltimes.cn/about - us/index.html (Erişim: 21 Mart 2022).
- https://www.globaltimes.cn/index.html (Erişim: 4 Mart 2022).
- https://www.ewlat.biz/ug_ug_izahat - %D8%B1%D8%A7%D9%85%D9%83%D8%A7%201 (Erişim: 19 Şubat 2022).
- https://twitter.com/_ValiantPanda_/status/1496820708583694342?s=20&t=R3PRJkM30YX - BnR7TTRfig (Erişim: 24 Nisan 2022)
- https://twitter.com/_ValiantPanda_/status/1496448480877096962?s=20&t=R3PRJkM30YX - BnR7TTRfig (Erişim: 24 Nisan 2022)
- https://twitter.com/globaltimesnews/status/1498122319155191812?s=20&t=NJnfxu4oYtyWRQtmCuylVg (Erişim: 24 Nisan 2022)
- https://twitter.com/_ValiantPanda_/status/1498249191511912448?s=20&t=NJnfxu4oYtyWRQtmCuylVg (Erişim: 24 Nisan 2022)
- https://twitter.com/_ValiantPanda_/status/1498265279532392452?s=20&t=NJnfxu4oYtyWRQtmCuylVg (Erişim: 24 Nisan 2022)


## قوشۇمچىلار

**1 . قوشۇمچە**

https://twitter.com/_ValiantPanda_/status/1496820708583694342?s=20&t=R3PRJkM30YX - BnR7TTRfig




2 . قوشۇمچە

https://twitter.com/_ValiantPanda_/status/1496448480877096962?s=20&t=R3PRJkM30YX - BnR7TTRfig




3. قوشۇمچە

https://twitter.com/globaltimesnews/status/1498122319155191812?s=20&t=NJnfxu4oYtyWRQtmCuylVg




4. قوشۇمچە

https//:twitter.com_/ValiantPanda/_status?1498249191511912448/s&20=t=NJnfxu4oYtyWRQtmCuylVg



5. قوشۇمچە

https://twitter.com/_ValiantPanda_/status/1498265279532392452?s=20&t=NJnfxu4oYtyWRQtmCuylVg




**ENDNOTES**


1 https://www.ewlat.biz/ug_ug_izahat-%D8%B1%D8%A7%D9%85%D9%83%D8%A7%201

2 Pan, Zhong dang, ve Gerald M. Kosicki. 2010. «Framing analysis: An approach to news discourse.» Political Communication 55-75.

3 Bateson, Gregory. 1955. "A Theory Of Play And Fantasy". A.P Psychiatric Reseasch Reports . s. 323

4 Sarıkaya, Tugay. 2020. «Çerçeveleme Kuramı Bağlamında Türkiye'nin Suriyeli Göçmenlere Avrupa Sınırlarını Açmasının Gazetelere Yansıması: Sabah Ve Cumhuriyet Gazetesi Örnekleri.» İstanbul Aydın Üniversitesi Dergisi -İAÜD 2 (4): 402-414. S. 406

5 Goffman, Erving. 1974. Frame Analysis. Boston: Northeastern University Press. S. 26

6 Goffman, Erving. 1981. «Frame analysis: An essay on the organization of experience.[J].» Contemporary Sociology, 4 (6): 1093-a-1094.

7 Entman, R.M. 1993. «"Framing U.S.Coverage of International News: Contrasts in Narratives of the KAL and Iran Air Incidents".» Journal of Communication 41 (4): 6-27.

8 Price, Vincent, ve David Tewksbury. 1997. «"News Values And Public Opinion: A Theoretical Account Of Media Priming And Framing", Progress İn The Communication Sciences. (Ed. G. A. Barnett & F. J. Boster).» 173-212. S. 180-181

9 Hallahan, Kirk. 1999. «"Seven Models of Framing: Implications for Public Relations".» Journal of Public Relations Research. 11 (3): 205-242. S. 207

10 Dan, Huang. 2005. . Habercinin İmgesi: Gazetecilik Profesyonelliğinin İnşası ve Çözülmesi. Shang Hai: Fudan University Press. S.231-233

11 Saraç, Duygu Çeliker. 2018. «Domuz gribi haberlerinde çerçeveleme: hürriyet gazetesi örneği.» Global Media Journal TR Edition 8 (16): 161-185.

12 Gitlin, Todd. 1980. The World İs Watching: Mass Media İn The Making and Unmaking of The New Left. Berkeley: CA: University of California Press.

13 Durur, Elif Küçük. 2011. «İnşacı Yaklaşım İçinde Çerçeveleme Kuramı ve Haberin Çerçevelenmesi.» Atatürk İletişim Dergisi (2): 21-32. S. 29

14 Güran, Mehmet Salih, ve Hüseyin Özarslan. 2013. «Çerçeveleme teorisinin halkla ilişkilerde kullanımı, Türkiyat Araştırmaları Dergisi, 34, s. 299- 314.» Türkiyat Araştırmaları Dergisi 34: 299-314. S.300

15 Goffman, Erving. 1974. Frame Analysis. Boston: Northeastern University Press. s. 24

16 Scheufele, Dietram. 1999. «"Framing As A Theory Of Media Effects".» Journal Of Communication. 103-123. S.107-108

17 M.Entman, Robert. 1993. «"Framing: Toward Clarification Of A Fractured Paradigm", .» Journal Of Communication 43 (4): 51-58. S.51

18 Gamson, William A, ve Andre Modigliani. 1989. «Media Discourse and Public Opinion on Nuclear Power:A Constructionist Approach.» The American Journal Of Sociology 95 (1): 1-37. S. 3

19 Scheufele, Dietram. 1999. «"Framing As A Theory Of Media Effects".» Journal Of Communication. 103-123. S.115

20 M.Entman, Robert. 1993. «"Framing: Toward Clarification Of A Fractured Paradigm", .» Journal Of Communication 43 (4): 51-58. S.52-53

21 Oliver, Boyn Barret. 2006. «Ekonomik Poliitik Yaklaşım.» Kitle iletişimin Ekonomik Temelleri içinde, yazan Levent Yaylagül, 1-16. Ankara: Dalbaz.

22 M.Entman, Robert. 1993. «"Framing: Toward Clarification Of A Fractured Paradigm", .» Journal Of Communication 43 (4): 51-58. S.55

23 Yağlı, Soner. 2009. «Direne(meye)n Aktörlerin Galibiyetsiz Savaşımı: Gerçeklik ve Medyadaki İnşası. İsmet Parlak (Ed.), Medyada Gerçekliğin İnşası: Türk Medya Söylemine Eleştirel Bir Bakış içinde (s. 1-76) . Konya: Çizgi Yayınlar. S. 18

24 Gitlin, Todd. 1980. The World İs Watching: Mass Media İn The Making and Unmaking of The New Left. Berkeley: CA: University of California Press.

25 Durur, Elif Küçük. 2011. «İnşacı Yaklaşım İçinde Çerçeveleme Kuramı ve Haberin Çerçevelenmesi.» Atatürk İletişim Dergisi (2): 21-32. S. 25

26 M.Entman, Robert. 1993. «"Framing: Toward Clarification Of A Fractured Paradigm", .» Journal Of Communication 43 (4): 51-58

27 Kılıç, Deniz. 2007. «Türk Basınında İran Nükleer Krizi'nin Sunumu: Haberlerin Çerçevelenmesi.» Galatasaray Üniversitesi İletişim Dergisi (6): 67-86.

28 Seyidov, İlgar. 2014. «Türk Basınında Sunulan Kırım Krizi Haberlerinin Çerçeveleme Kuramı Bağlamında.» Akdeniz Üniversitesi İletişim Fakültesi Dergisi (22): 60-73.

29 Saraç, Duygu Çeliker. 2018. «Domuz gribi haberlerinde çerçeveleme: hürriyet gazetesi örneği.» Global Media Journal TR Edition 8 (16): 161-185.

30 Atay, Seyran Elitli. 2019. «Çerçeveleme Kuramı: 27 Nisan E-Muhtıra Haberlerinin Türk Yazılı Basında Sunumu.» Atatürk İletişim Dergisi Sayı (5): 5--24.

31 Gügünağaoğlu, Cansu. 2020. «Haber Çerçeveleme Kuramı Bağlamında Anadolu Ajansı Ve Tass Haber Ajansı'nın Karlov Suikastı Haberleri (Yayımlanmış Yüksek Llisans Tezi).»

32 Kilit, Zahit Ali, ve Mehmet Sezai Türk. 2020. «Uluslararası Basının COVID-19 Haberlerinde Kullandığı Türkiye Görsellerinin Çerçeveleme Kuramı Bağlamında Değerlendirilmesi.»

33 Wasike, Ben S. 2013. «Framing News in 140 Characters:How Social Media Editors Frame the News and Interact with Audiences via Twitter.» Global Media Journal -- Canadian Edition 6 (1): 5-23.

34 Westra, Serena. 2013. «Framing The New king on Social Media (Yayımlanmış Yüksek Lisas Tezi).»

35 Hughes, Kajsa. 2020. «Trump's Twiplomacy: A New Diplomatic Norm? (Yayımlanmış Yüksek LÍsans Tezi).»

36 https://www.globaltimes.cn/index.html (Erişim: 4 Mart 2022).

37 http://www.xwzgcb.com/a/v.php?info_id=7164 (Erişim: 21 Mart 2022).

38 https://baike.baidu.com/item/%E7%8E%AF%E7%90%83%E6%97%B6%E6% 8A% A5 /: (Erişim: 21Mart 2022).

39 https://www.globaltimes.cn/about-us/index.html (Erişim: 21 Mart 2022).

40 Semetko, Holli, ve Patti Valkenburg. 2000. «Framing European politics: A content analysis of press and television news.» ournal of Communication 50 (2): 93-109. S.95-96

41 Vreese, de, ve Claes H. 2005. «News framing: Theory and typology.» Information Design Journal & Document Design 13 (1): 51-62.

# ئىككى تىللىق بولۇش ۋە تۈركىيەدىكى كۆچمەن ئۇيغۇرلارنىڭ ئىككى تىللىقى توغرىسىدا قىسقىچە ئانالىز

**تاجىگۈل سەمەت**

ئىستانبۇل ئۇنىۋېرسىتېتى
تىلشۇناسلىق كەسپى ئاسپىرانتى
E-mail: sabatgina@gmail.com

**ئاساسىي مەزمۇنى:** تىلشۇناسلىقنىڭ ئەڭ مۇھىم تەتقىقات ساھەلىرىدىن بىرى بولغان ئىجتىمائىي تىلشۇناسلىق، تىل بىلەن جەمئىيەت ئوتتۇرىسىدىكى مۇناسىۋەتنى كەڭ دائىرىدە تەتقىق قىلىشنى مەقسەت قىلىدۇ. ئىككى تىللىق بولۇش بولسا ئىجتىمائىي تىلشۇناسلىقتىكى مۇھىم بىر تەتقىقات ساھەسى بولۇپ، بۈگۈن ئىجتىمائىي تىلشۇناسلار دۇنيادىكى ئىككى تىللىق ئىنسانلارنىڭ بىر تىللىقلاردىن تېخىمۇ كۆپ ئىكەنلىكىنى تەكىتلىمەكتە.[1]

كۆپىنچە ئىككى تىللىقلار ئىشغالىيەت ئاستىدىكى مىللەتلەر ياكى كۆچمەنلەردۇر. بۇ ماقالىدە ئىككى تىللىق دېگەن نېمە؟ ۋە ئىككى تىللىقنىڭ تۈرلىرى توغرىسىدا قىسقىچە توختالغاندىن كېيىن، Cummins نىڭ بوسۇغا نەزەرىيەسى ۋە باغلىنىشلىق تەرەققىيات نەزەرىيەسىگە ئاساسلىنىپ ئىككى تىللىقنىڭ ئارتۇقچىلىقلىرى توغرىسىدا توختىلىمىز. ماقالىنىڭ ئاخىرىدا، Berryنىڭ كۈلتۈرلىشىش مودېلىگە ئاساسەن تۈركىيەدىكى ئۇيغۇر كۆچمەنلەرنىڭ ئىككى تىللىقتا تۇتقان پوزىتسىيەسى ھەققىدە قىسقىچە مۇلاھىزە ئېلىپ بارىمىز ۋە تەۋسىيەلىرىمىزنى ئوتتۇرىغا قويىمىز.

**ئاچقۇچلۇق سۆزلەر:** ئىجتىمائىي تىلشۇناسلىق،

ئىككى تىللىق بولۇش، تۈركىيەدىكى ئۇيغۇر كۆچمەنلەر، بوسۇغا نەزەرىيەسى ۋە باغلىنىشلىق تەرەققىيات نەزەرىيەسى، Berry نىڭ كۇلتۇرلىشىش مودېلى.

**Summary:** Sociolinguistics, an important field of linguistics, aims to explore the relationship between language and society. Bilingualism is an important field of research in sociolinguistics, and today sociologists emphasize that bilingual people around the world are more than one linguist.

Most bilinguals are occupied nations or immigrants. In this article, firstly we will briefly discuss what bilingualism is and the types of bilingualism, than we will talk about the benefits of bilingualism based on Cummins' Threshold Hypothesis and Developmental Interdependence Hypothesis. At the end of the article, we will discuss and make recommendations on the attitude of bilingual Uyghur immigrants in Turkey based on Berry's model of acculturation.

**Keywords:** sociolinguistic, bilingualism, Uyghur immigrants in Turkey, Threshold Hypothesis, and Developmental Interdependence Hypothesis, Berry's model of acculturation.

## كىرىش

تۈركچىدە مۇنداق بىر ماقال - تەمسىل بار: Hayvanlar koklaşa koklaşa, insanlar konuşa konuşa anlaşır بۇ ماقال - تەمسىلدە ئېيتىلغىنىدەك، ئىنسانلارنىڭ ئەڭ مۇھىم ئالاقە قورالى تىلدۇر. بىر جەمئىيەتتە بىرلىكتە ياشايدىغان ئىنسانلار ئورتاق بىر تىلنى ئىشلىتىدۇ. ئەمما بۈگۈن قاتناشنىڭ قولايلىقى بىلەن يەرشارى كىچىك بىر كەنتكە ئوخشاپ قالدى ۋە كۆچۈش ئىنتايىن ئومۇملاشقان بىر ھادىسىگە ئايلاندى. كۈنىمىزدە ئىنسانلارنىڭ مەيلى خىزمەت ئۈچۈن، ياكى تېخىمۇ ياخشى بىر شارائىتتا ياشاش ئۈچۈن ئۆزى ياشاۋاتقان جەمئىيەتتىن پەرقلىق بىر جەمئىيەتتە ياشىشى ئىنتايىن نورمال بىر ئەھۋال بولۇپ قالدى.

پەرقلىق تىلنى سۆزلىشىدىغانلارنىڭ نورمال ئالاقە قىلىشى ئۈچۈن ئەڭ ئاز بىر تەرەپ يەنە بىر تەرەپنىڭ تىلىنى بىلىشى كېرەك. مانا بۇ چاغدا ئۇ كىشى ئىككى تىللىق ھېسابلىنىدۇ. شۇنىڭدەك، كۆچمەنلەر پەرقلىق بىر جەمئىيەتكە كۆچۈپ بارغان بولغاچقا، ئۇ دۆلەتنىڭ تىلىنى ئۆگىنىشكە مەجبۇر بولىدۇ. ئىشغالىيەت ئاستىدىكى مىللەتلەرمۇ ئۆزىنىڭ ئانا تىلىدىن باشقا ئۆزىنى ئىشغال قىلىۋالغان مىللەتنىڭ تىلىنى ئۆگىنىشكە مەجبۇر بولىدۇ. بۇ سەۋەپتىن ئۇلارمۇ ئىككى تىللىق ھېسابلىنىدۇ.

بۈگۈن ئۇيغۇرلار ھەرئىككى خىل ئەھۋالغا دۇچ كەلمەكتە. شەرقىي تۈركىستاندىكى ئۇيغۇرلار شەرقىي تۈركىستاننى ئىشغال قىلىۋالغان خىتاينىڭ تىلىنى ئۆگىنىشكە مەجبۇر بولماقتا. دۇنيانىڭ ھەرقايسى جايلىرىدىكى كۆچمەن ئۇيغۇرلار بولسا، ئۆزى ياشاۋاتقان دۆلەتنىڭ تىلىنى ئۆگىنىشكە مەجبۇر بولغاچقا ئىككى تىللىق بولماقتا.

## ئىككى تىللىق

«ئىككى تىللىق» Bilingualism بۇ ئاتالغۇ لاتىنچىدىن كەلگەن بولۇپ، «bi» ئىككى دېگەن مەنىدە «lingua» تىل دېگەن مەنىدىدۇر. ئىككى تىللىقنىڭ ناھايىتى كۆپ ۋە پەرقلىق ئېنىقلىمىلىرى بار. بۇنىڭ سەۋەبى ئىككى تىللىقنى بەلگىلەيدىغان ئۆزگىرىشچان ئامىللار (değişken) دۇر. شەخسلەر تۇغۇلۇپ چوڭ بولغان دۆلەت، قانچە يېشىدا ئىككىنچى بىر تىلنى

ئۆگىنىشكە باشلىغانلىقى، بۇ تىلنى ئۆگىنىش شەكلى، تۇرمۇش ئەھۋالى، شەخسنىڭ ئائىلىسىدە بۇ تىللارنىڭ ئىشلىتىلىش ئەھۋالى، قېرىنداشلىرى ۋە تەڭتۇشلىرى بىلەن بولغان مۇناسىۋىتى قاتارلىقلار بۇ ئۆزگىرىشچان ئامىللارنىڭ ئۆرنەكلىرىدۇر.[2]

قارىماققا ناھايىتى ئاددى كۆرۈنسىمۇ، ئىككى تىللىق بولۇش ناھايىتى مۇرەككەپ بىر ئۇقۇمدۇر. ئىنتايىن كۆپ ئېنىقلىمىلىرى مەۋجۇت بۇ ئاتالغۇنىڭ ئەڭ ئومۇملاشقان ئېنىقلىمىسى شەخسنىڭ بىردىن كۆپ تىل ئىشلىتىش قابىلىيىتىدۇر.[3]

## ئىككى تىللىقنىڭ تۈرلىرى:

ئىككى تىللىقنى بەلگىلەيدىغان ئۆزگىرىشچان ئامىللارنىڭ مەۋجۇتلۇقى، ئىككى تىللىقنىڭ پەرقلىق تۈرلىرىنىڭ ئوتتۇرىغا چىقىشىغا سەۋەپ بولماقتا. بەزى تىلشۇناسلار (Weinreich, 1953; Ervin ve Osgood, 1954; Fishman, 1965; Jakobovitz ve Lambert, 1960; Macnamara, 1970, vb.) ئىككى تىللىق شەخسلەرنىڭ ئىككى تىلدىكى سەۋىيەسىگە، تىللارنى ئۆگىنىش يېشىغا، تىللارنىڭ بىر-بىرىگە بولغان تەسىرىگە قارىتا ئىككى تىللىقنى پەرقلىق تۈرلەرگە ئايرىماقتا.

ئىزاھات: بىز بۇ ماقالىدە ئۆزىمىز توختالماقچى بولغان ئۇيغۇر كۆچمەنلەرنىڭ ئىككى تىللىقلىقىغا مۇناسىۋەتلىك ئىككى تىللىقلىق تۈرلىرىنى ئىزاھلاشقا تىرىشتۇق، ئەگەر تېخىمۇ تەپسىلىي ئۇچۇرغا ئېرىشمەكچى بولسىڭىز مەنبەدىكى ماقالىغا قاراڭ.

### تىل سەۋىيەسىگە كۆرە ئىككى تىللىق

1. تەڭپۇڭ ئىككى تىللىق Balanced Bilingualism

تەڭپۇڭ ئىككى تىللىق شەخسنىڭ ھەرئىككى تىلدىكى سەۋىيەسى ئوخشاش بولغان ئىككى تىللىق تۈرىدۇر. ئىككى تىلنى پىششىق بىلىدىغان تەڭپۇڭ ئىككى تىللىق كىشىلەرنىڭ تىل ئىشلىتىش قابىلىيىتى تېخىمۇ تەرەققىي قىلغان بولىدۇ. بۇنداق بالىلارنىڭ ساۋادى تېز چىقىدۇ ۋە مەكتەپتە نەتىجىسىمۇ ياخشى بولىدۇ. بۇ كىشىلەرنىڭ كىتاپ ئوقۇش ۋە چۈشىنىش قابىلىيىتى ناھايىتى ياخشى بولىدۇ.[4] تەڭپۇڭ ئىككى تىللىقلار بۇ ئىككى تىلنى ئىشلەتكەندە بىر-بىرىگە ئارىلاشتۇرۇۋەتمەيدۇ. بەزى تىلشۇناسلار ئۈچۈن بۇ ئىنتايىن يۇقىرى بىر تىل سەۋىيەسىدۇر. Deprez گە كۆرە بۇ خىل قابىلىيەت پەقەت مۇكەممەل ئىككى تىللىق شەخسلەردىلا بولىدۇ.

2. تەڭپۇڭسىز ئىككى تىللىق Dominant Bilingualism

بۇ خىل ئىككى تىللىق شەخسلەر ئىككى تىلنىڭ بىرىنى يەنە بىرىدىن تېخىمۇ ياخشى بىلىدۇ. بۇ شەخسلەر كۆپىنچە ئانا تىلىنى قوغداش ئۈچۈن ئانا تىلىدىن كېيىن ئۆگەنگەن ئىككىنچى بىر تىلىنىڭ ئانا تىلىنى تەسىرگە ئۇچرىتىشىغا يول قويمايدۇ. بۇ ئەھۋال كۆپىنچە كۆچمەنلەرنىڭ بالىلىرىدا كۆرۈلىدۇ. بارغانسېرى كۆچمەنلەرنىڭ بالىلىرى بۇ ئىككىسىنىڭ ئورنىنى ئالماشتۇرۇشى مۇمكىن، يەنى بالىلار مەكتەپتە ئىشلەتكەن تىلنى ئانا تىلىدىن تېخىمۇ ياخشى بىلىشى مۇمكىن.[5]

3. يېرىم ئىككى تىللىق Semilingualism

شەخسنىڭ ھەرئىككى تىلدىكى قابىلىيىتى يېتەرسىز بولغان ئىككى تىللىق تۈرىدۇر.

### تىللارنى ئۆگىنىش يېشىغا كۆرە ئىككى تىللىق

1. بالدۇر ئىككى تىللىق Early Bilingualism

كۆپىنچە 7-0\6 ياش ئارىلىقىدا ئىككىنچى بىر

تىلنى ئۆگەنگەن ئىككى تىللىق تۇرىدۇر.

2. بىرلىكتە ئۆگىنىلگەن ئىككى تىللىق Early Simultaneous

شەخسنىڭ ئىككى تىلنى بوۋاق ۋاقتىدىن تارتىپ، بالىلىقنىڭ دەسلەپكى مەزگىلىگىچە بىرلىكتە ئۆگەنگەن ئىككى تىللىق تۇرىدۇر. كۆپىنچە بوۋاق ۋاقتىدىن باشلاپ ئۈچ ياشقىچە ئىككى تىلنى بىرلىكتە ئۆگەنگەن ئەھۋال كۆزدە تۇتۇلىدۇ.6

3. ئەگەشمە ئىككى تىللىق Sequential Bilingualism

شەخسنىڭ كۆپىنچە 3 ياشتىن 6\7 ياشقىچە ئىككىنچى بىر تىلنى ئۆگەنگەن ئىككى تىللىق تۇرىدۇر. مەسىلەن: بىر بالا 3 ياشقىچە ئانا تىلنى ئۆگىنىپ بولۇپ، باشقا بىر دۆلەتكە كۆچۈپ، ئۇ يەردە ئىككىنچى بىر تىلنى ئۆگەنگەن بولسا بۇ ئىككى تىلنى ئارقا-ئارقىدىن ئۆگەنگەچكە ئەگەشمە ئىككى تىللىق بولىدۇ.

4. كېچىكىپ ئۆگىنىلگەن ئىككى تىللىق Late Bilingualism

بىر بالا 6-7 ياشتىن 10-11 باشقىچە ئىككىنچى بىر تىلنى ئۆگەنگەن بولسا بۇ كېچىكىپ ئۆگىنىلگەن ئىككى تىللىق بولىدۇ.

**ئىككى تىلنىڭ بىر-بىرىگە كۆرسەتكەن ئىجابىي ۋە سەلبىي تەسىرىگە قارىتا ئىككى تىللىق**

1. ئىجابىي تەسىرلىك ئىككى تىللىق Additive Bilingualism

بۇخىل ئەھۋال كۆپىنچە ئىككى تىل تەڭ ئىشلىتىلىدىغان ۋە بۇ ئىككى تىلنىڭ ئورنى باراۋەر بولۇپ، بىر تىل يەنە بىر تىلدىن تۆۋەن كۆرۈلمەيدىغان جەمئىيەتلەردە كۆرۈلىدۇ. كۆپىنچە تاللانغان ئىككى تىللىق بىلەن باغلىنىشلىق بولىدۇ. بۇخىل ئىككى تىللىقتا بىر شەخس ئىككى تىلنى تەكپۇڭ ھالەتتە ئۆگىنىدۇ. بىشىدا ئۆگەنگەن تىلدىكى سەۋىيەسى شەخسنىڭ كېيىن ئۆگەنگەن تىلنىڭ تەسىرىدە تۆۋەنلەپ كەتمەيدۇ. ھەتتا كېيىن ئۆگەنگەن تىلدىكى سەۋىيەسى يۇقىرى كۆتۈرۈلگەنسىرى شەخسنىڭ بىلىش قابىلىيىتى تېخىمۇ تەرەققىي قىلىدۇ.7 ئەگەر بۇ شەخس بىشىدا ئۆگەنگەن بىرىنچى تىل ئۆزى ياشاۋاتقان دۆلەتنىڭ تىلى بولسا، بۇ ئەھۋالدا شەخس ھەم بىرىنچى تىلنى قوغدىيالايدۇ ھەم ئىككىنچى تىلنى تېخىمۇ ياخشى ئۆگىنەلەيدۇ.

2. سەلبىي تەسىرلىك ئىككى تىللىق Subtractive Bilingualism

بۇخىل ئىككى تىللىق كۆپىنچە ئىككى تىل تەڭ ئىشلىتىلىدىغان ۋە بۇ ئىككى تىلنىڭ ئورنى باراۋەر بولمىغان، يەنى بىر تىل يەنە بىر تىلدىن تۆۋەن كۆرۈلىدىغان جەمئىيەتلەردە كۆرۈلىدۇ. شەخسنىڭ ئانا تىلى ئۆزى ياشاۋاتقان جەمئىيەتتە ئىشلىتىلمەيدۇ، ھەتتا قىممىتى يوق دەپ قارىلىپ تۆۋەن كۆرۈلىدۇ. مەسىلەن: شەرقىي تۈركىستاندا ئۇيغۇر تىلى خىتاي تىلىدىن تۆۋەن كۆرۈلمەكتە. ھەتتا ئۇيغۇرلار خىتايچە ئۆگىنىشكە ۋە خىتايچە پاراڭلىششقا مەجبۇر بولماقتا. مانا بۇ سەلبىي تەسىرلىك ئىككى تىللىقتۇر. بۇخىل ئىككى تىللىق كۆپىنچە مەجبۇرىي ئىككى تىللىق بىلەن باغلىنىشلىق بولىدۇ. كۆچمەنلەرنىڭ ئىككى تىللىقىمۇ بۇ تۈرگە كىرىدۇ. ئانا تىلىنىڭ ئورنىغا ئىككىنچى بىر تىلنى ئىشلىتىش شەخسلەرنى سەلبىي تەسىرلىك ئىككى تىللىق بولۇشقا مەجبۇر قىلىدۇ. ئىجابىي تەسىرلىك ئىككى تىللىق بىلەن سېلىشتۇرغاندا، سەلبىي تەسىرلىك ئىككى تىللىقتا شەخسلەر بىرىنچى تىل بولغان ئانا تىلىغا سەل قاراشقا باشلايدۇ ۋە بارا- بارا ئانا تىلدىكى سەۋىيەسى تۆۋەنلەيدۇ.

**تىللارنىڭ ئورنىغا قارىتا**

1. تاللانغان ئىككى تىللىق Elite Bilingualism

بۇخىل ئىككى تىللىق شەخسلەرنىڭ تاللىشىغا قارىتا شەكىللىنىدۇ. كۆپىنچە تاللىنىلغان بىر تىل بار بولۇپ، بۇ تىل باي بىر مەدەنىيەتنىڭ ۋە يۇقىرى بىر مائارىپ سەۋىيەسىنىڭ كۆرسەتكۈچىدۇر. رەسمىي مائارىپ سىستېمىسى بىلەن ئۆگىتىلىدۇ. بۇخىل ئىككى تىللىقتا شەخسلەر ئۆزى ۋە بالىلىرى ئۈچۈن ئىككىنچى بىر تىلنى تاللايدۇ ۋە تۇرۇشلۇق جايىدىكى رەسمىي مائارىپ سىستېمىسىدا ياكى پەرقلىق دۆلەتلەرگە بېرىپ ياشاش ئارقىلىق ئۇنى ئۆگىنىشكە تىرىشىدۇ.

2. مەجبۇرىي ئىككى تىللىق Bilingualism Folk

بۇخىل ئىككى تىللىق، خەلق ئىككى تىللىقى دەپمۇ ئاتىلىدۇ. تاللانغان ئىككى تىللىقنىڭ ئەكسىچە، شەخسلەر ئىككىنچى بىر تىلنى ئۆگىنىشكە مەجبۇر بولىدۇ.8 بىر دۆلەتنىڭ ئىچىدە ياشاش ئۈچۈن ئۆزى خالىمىسىمۇ باشقا بىر تىلنى ئىشلىتىشكە مەجبۇر بولغان ئېتنىك گۇرۇپپىلارنىڭ ئەھۋالى بۇ تۈرگە كىرىدۇ.

## بوسۇغا نەزەرىيەسى ۋە باغلىنىشلىق تەرەققىيات نەزەرىيەسى

كانادالىق تىلشۇناس Jim Cummins نىڭ تەڭپۇڭ ئىككى تىللىق ۋە ئانا تىلنى ئۆگىنىشنىڭ مۇھىملىقىنى تەكىتلىگەن ئىككى نەزەرىيەسى بار. بۇلار بوسۇغا نەزەرىيەسى (Threshold Hypothesis) ۋە باغلىنىشلىق تەرەققىيات نەزەرىيەسى Developmental) (Interdependence Hypothesis دۇر.




بوسۇغا نەزەرىيىسىگە ئاساسلانغاندا ئىككى تىللىق بىر كىشىنىڭ بىلىش قابىلىيىتىنىڭ يېتىلىشى ئۈچۈن، مەلۇم بىر سەۋىيەگە يېتىشى كېرەك. Cummins كۇممىنىس بۇ سەۋىيەنى بىر بوسۇغىغا ئوخشاتقان. بۇ نەزەرىيەنى Baker(2006) بېيكىر ئۈچ قەۋەتلىك بىر ئۆي مودېلى ئارقىلىق بايان قىلغاندىن كېيىن، بوسۇغا نەزەرىيەسى تېخىمۇ كۆپچىلىككە تەسىر قىلىش كۈچىگە ئىگە بولغان. تۆۋەندىكى رەسىمدە ئۈچ قەۋەتلىك ئۆي مودېلى كۆرسىتىلدى.

ئۆي مودېلىدە بايان قىلىنغىنىدەك، بوسۇغا نەزەرىيەسىگە ئاساسلانغاندا ئىككى تىللىق بىر شەخس ئىككى بوسۇغىدىن ئۆتۈشى كېرەك. ئەگەر ئىككى تىللىق بىر شەخس ئۆينىڭ بىرىنچى قەۋىتىدىكى تۇنجى بوسۇغىدىن ئۆتەلمىگەن بولسا ئۇنىڭ تىل قابىلىيىتى يېتەرلىك بولمىغان بولىدۇ ۋە يېرىم ئىككى تىللىق دەپ قارىلىدۇ. ئىككى تىللىق بولۇش ئۇنىڭ بىلىش تەرەققىياتىغا نىسبەتەن پايدىسىز بولىدۇ. ئەگەر ئىككى تىللىق بىرسى، بىرىنچى بوسۇغىدىن ئۆتكەن بولسا، ئۇ تەڭپۇڭسىز ئىككى تىللىق ھېسابلىنىدۇ. ئىككى تىلنىڭ بىرىنى يەنە بىرىدىن تېخىمۇ ياخشى

بىلىدۇ. ھەرئىككى بوسۇغىدىن ئۆتكەن بىرى تەڭپۇڭ ئىككى تىللىق ھېساپلىنىدۇ.

ئەگەر بىر بالا تەڭپۇڭ ئىككى تىللىق بولسا، بۇ ئۇ بالىغا ئىجابىي تەسىر قىلىدۇ ۋە ئۇ بالىدا تەڭتۇشلىرىدا بولمىغان نۇرغۇن قابىلىيەتلەر بار بولىدۇ. ئومۇمەن ئېيتقاندا بۇ بالىلار تېخىمۇ ئىجادچان بولىدۇ ۋە بىلىش قابىلىيىتى تېخىمۇ كۈچلۈك بولىدۇ.

## باغلىنىشلىق تەرەققىيات نەزەرىيەسى

باغلىنىشلىق تەرەققىيات نەزەرىيەسىگە ئاساسلانغاندا، ئىككى تىلنىڭ تەرەققىياتى بىر بىرىگە باغلىقتۇر. كۇممىنس بۇ نەزەرىيەنى تۆۋەندىكى رەسىمدە كۆرسىتىلگەن «بىر جۈپ مۇز تېغى»نى مىسال قىلىپ تۇرۇپ چۈشەندۈرگەن.




كۇممىنسقا كۆرە، بىر شەخسنىڭ ئانا تىلىدىكى سەۋىيەسى كېيىن ئۆگەنگەن تىللىرىدىكى سەۋىيەسىگە تەسىر كۆرسىتىدۇ. مەسىلەن: ئانا تىلىنى ئىنتايىن ياخشى بىلىدىغان بىر بالا، ئىككىنچى تىلنىمۇ ئىنتايىن ياخشى ئۆگىنەلەيدۇ. شۇڭلاشقا كۇممىنس بىر بالىغا ئىككىنچى بىر تىلنى ئۆگىتىشتىن ئىلگىرى، ئالدى بىلەن ئانا تىلنى ياخشى ئۆگىتىشنى تەۋسىيە قىلىدۇ.[9]

## تۈركىيەدىكى ئۇيغۇر كۆچمەنلەرنىڭ ئىككى تىللىق ئەھۋالى

كۈنىمىزدە شەرقىي تۈركىستان خىتاينىڭ ئىشغالىيىتى ئاستىدىدۇر. شۇڭلاشقا شەرقىي تۈركىستاندا ياشاۋاتقان ئۇيغۇرلار خىتايچىنىمۇ ئۆگىنىشكە مەجبۇر بولماقتا. شەرقىي تۈركىستاندىن باشقا دۆلەتلەردە ياشاۋاتقان كۆچمەن ئۇيغۇرلارمۇ ئۆزى ياشاۋاتقان دۆلەتنىڭ تىلىنى ئۆگىنىشكە مەجبۇر بولماقتا. يەنى بۈگۈن بىر ئۇيغۇر مەيلى دۇنيانىڭ قەيېرىدە ياشاۋاتقان بولۇشىدىن قەتئىينەزەر ئىككى تىللىق بولۇشقا مەجبۇردۇر.

تىل كۇلتۇرنىڭ ئەڭ مۇھىم تەركىبىي قىسمى. بىر مىللەتنىڭ تىلى ئۇ مىللەتنىڭ كۇلتۇرىنى ئەكس ئەتتۈرىدۇ. شۇنداقلا بىر مىللەتنىڭ كۇلتۇرىمۇ تىلىغا ناھايىتى زور تەسىر قىلىدۇ. يەنى تىل ۋە كۇلتۇر بىر-بىرىگە زىچ باغلىنىشلىق بولىدۇ. شۇڭلاشقا (1980,2005) Berry نىڭ كۇلتۇرلىشىش مودېلىگە ئاساسلىنىپ تۇرۇپ، تۈركىيەدىكى كۆچمەن ئۇيغۇرلارنىڭ ئىككى تىللىقىغا تۇتقان پوزىتسىيەسى ھەققىدە قىسقىچە توختىلىشنى مۇۋاپىق كۆردۇق. Berry نىڭ ئىككى

تەرەپلىك كۆلتۈرلىشىش مودېلىدە بىر كۆچمەننىڭ ئۆزى ياشاۋاتقان دۆلەتنىڭ كۆلتۈرىگە تۇتقان پوزىتسىيەسىنى تۆت تۈرگە ئايرىلغان:

بىرىنچى، ئاسسىمىلاتسىيە: كۆچمەن ئۆزىنىڭ كۆلتۈرىنى قىلچە قوغدىماي ئۆزى ياشاۋاتقان دۆلەتنىڭ كۆلتۈرىنى پۈتۈنلەي قوبۇل قىلىشقا تىرىشىدۇ.

ئىككىنچى، ئايرىلىش: كۆچمەن ئۆز كۆلتۈرىنى قوغداش ئۈچۈن ئۆزى ياشاۋاتقان دۆلەتنىڭ كۆلتۈرىدىن ئۆزىنى چەتكە ئالىدۇ.

ئۈچىنچى، پۈتۈنلىشىش: كۆچمەن ھەم ئۆز كۆلتۈرىنى قوغدايدۇ، ھەم ياشاۋاتقان جەمئىيەتتىن ئۆزىنى چەتكەن ئالماي، ئۇ دۆلەتنىڭ كۆلتۈرى بىلەن ئۆز كۆلتۈرىنى بىرلەشتۈرىدۇ.

تۆتىنچى، بىكىنمىلىك: كۆچمەن ھەم ئۆزكۆلتۈرىنى قوغدىمايدۇ ھەمدە جەمئىيەتتىن ئۆزىنى چەتكە ئالىدۇ، يەنى بىكىنمە ھالەتتە ياشايدۇ.

تۈركىيەدە ياشاۋاتقان ئۇيغۇرلارنىڭ تىل ھالىتىگە، شۇنداقلا ئىككى تىللىقىغا ئائىت تەتقىقاتلار بولمىغاچقا، بىز بۇ ماقالىدە تۈركىيەدىكى مەلۇم ئۇيغۇر مەكتىپىدە تۈركچە ئۆگىنىۋاتقان پەرقلىق ياش گۇرۇپپىلىرىنىڭ ئىككى تىللىق ئەھۋالىنى مىسال قىلىپ، تۈركىيەدىكى ئۇيغۇرلارنىڭ ئىككى تىللىقىنى، ئىجتىمائىي تىلشۇناسلىقنىڭ مۇھىم ئۆزگىرىشچان ئامىللىرى بولغان جىنسىيەت، ياش ۋە مەدەنىيەت سەۋىيەسىگە ئاساسەن ئومۇمىي جەھەتتىن ئانالىز قىلىشقا تىرىشىمىز.

كۆچمەن ئۇيغۇر بالىلىرى ۋە ياشلار تۈرك مەكتەپلىرىگە بېرىپ ئوقۇغاچقا تۈركچىنى تېزلا ناھايىتى ياخشى ئۆگىنىۋالىدۇ. بۇلار كۆپىنچە ئەگەشمە ئىككى تىللىق ياكى كېچىكىپ ئۆگىنىلگەن ئىككى تىللىق بولىدۇ. ئۇلار تۈرك مەدەنىيىتىنى ۋە تۈركچىنى چەتكە قاقمايدۇ ۋە تېزلا تۈرك مەدەنىيىتى بىلەن پۈتۈنلىشىپ كېتەلەيدۇ.

ئەگەر ئاتا - ئانىسى ئائىلىدە ئۇيغۇر تىلىنى ئىشلەتمىسە ۋە بالىلىرىنى ئۇيغۇر مۇھىتى بىلەن كۆپرەك ئۇچراشتۇرۇپ، ئۇيغۇرچىنى قوغدىمىسا، ياشلارمۇ ئۇيغۇر تىلى سەۋىيەسىنى يۇقىرى كۆتۈرۈپ تۇرمىسا، بالىلار ۋە ياشلار بارا - بارا ئۇيغۇرچىنى ئۇنتۇپ تەڭپۇڭسىز ئىككى تىللىق بولۇشى ۋە ئۇيغۇر تىلى تۈركچىگە ئاسسىمىلاتسىيە بولۇشى مۇمكىن. ئەگەر ئائىلىدە ئۇيغۇرچە پاراڭلاشسا ۋە ئاتا- ئانىسى ئۇلارنىڭ ئۇيغۇرچە سەۋىيەسىنى يۇقىرى كۆتۈرۈشكە ئەھمىيەت بەرسە، ياشلارمۇ دائىم ئۇيغۇر مۇھىتى بىلەن ئۇچرىشىپ، سەۋىيەسىنى يۇقىرى كۆتۈرۈپ تۇرسا، بۇلارنىڭ ئۇيغۇرچە ۋە تۈركچە سەۋىيەسى بىر-بىرىگە ئىجابىي تەسىر قىلىشى مۇمكىن ۋە بىرلىكتە يۇقىرى كۆتۈرۈلۈپ تەڭپۇڭ ئىككى تىللىق بولۇشى مۇمكىن. بۇ چاغدا بالىلارنىڭ بىلىش قابىلىيىتى يۇقىرى كۆتۈرۈلۈپ، مەكتەپتىكى نەتىجىسىمۇ ياخشى بولىدۇ.

ئوتتۇرا ياشلىق كۆچمەن ئۇيغۇر ئەرلەر سىرتتا ئىشلەپ پۇل تېپىشقا مەجبۇر بولغاچقا، تۈركچىنى ھەم سىرتتىكى مۇھىتنىڭ تەسىرىدە، ھەم تۈركچە ئۇيغۇرچە بىلەن قېرىنداش تىل بولغاچقا ئاسانلا مەلۇم سەۋىيەدە ئۆگىنىۋالالايدۇ. ئەگەر ئۇلارمۇ بۇ سەۋىيەنى يۇقىرى كۆتۈرمىسە تەڭپۇڭسىز ئىككى تىللىق بولىدۇ. ناۋادا تۈركچە سەۋىيەسىنى يۇقىرى كۆتۈرسە، بولۇپمۇ مەدەنىيەت سەۋىيەسى يۇقىرى بولغان ئۇيغۇر ئەرلەر، كۆپىنچە تەڭپۇڭ ئىككى تىللىق بولىدۇ ۋە تۈركچىگە ئاسسىمىلاتسىيە بولمايدۇ.

ئوتتۇرا ياشلىق ئۇيغۇر ئاياللىرى، بولۇپمۇ ئائىلە ئاياللىرى پەرزەنتلىرى ئۈچۈن كۆپىنچە ۋاقتىنى ئۆيدە ئۆتكۈزىدۇ ۋە تۈركچە سەۋىيەسى بىر قەدەر تۆۋەن بولىدۇ. ئۇلار تۈركلەر بىلەن ئالاقە قىلغاندا كۆپىنچە ئىككى تىلنى ئارىلاشتۇرۇپ سۆزلەيدۇ ۋە تەڭپۇڭسىز ئىككى تىللىق بولىدۇ. مەدەنىيەت سەۋىيەسى يۇقىرىلار تۈركچىگە ئاسسىمىلاتسىيە

تەرەققىي قىلىدۇ، بۇنداق بالىلارنىڭ ساۋادى تېز چىقىدۇ ۋە مەكتەپتە نەتىجىسىمۇ ياخشى بولىدۇ. بۇ بالىلارنىڭ كىتاپ ئوقۇش ۋە چۈشىنىش قابىلىيىتىمۇ ناھايىتى ياخشى بولىدۇ.

ئۇيغۇرلار تاكى شەرقىي تۈركىستان ئازاد بولغانغا قەدەر، مەيلى قايسى دۆلەتتە ياشىسۇن ئىككى تىللىق بولۇشقا مەجبۇردۇر. ئۇيغۇر تىلى ئۇيغۇر مەدەنىيىتىنى، شۇنداقلا ئۇيغۇرلارنىڭ مەۋجۇتلىقىنى ساقلاپ قېلىشتا ئىنتايىن چوڭ رول ئوينايدۇ. شۇڭلاشقا كۆچمەن ئۇيغۇرلارنىڭ، جۈملىدىن تۈركىيەدىكى ئۇيغۇرلارنىڭ ھەم ئانا تىلىدىكى ھەم تۈركچىدىكى سەۋىيەسىنى يۇقىرى كۆتۈرۈشىنى تەۋسىيە قىلىمىز. شۇنداقلا ئاتا-ئانىلارغا ئۇيغۇر بالىلارغا ئانا تىلىدا ئىككىنچى يوشۇغىدىن ھالقىغاندىن كېيىن تۈركچە ئۆگىتىشىنى تەۋسىيە قىلىمىز.

**ENDNOTES**

1 Akıncı, M-A. (2016). Culture d'origine et apprentissage : le cas des jeunes enfants bilingues issus de familles immigrées originaires de Turquie. In : Auzou-Caillemet, T. & Loret, M. (éds.), Prendre en compte le corps et l'origine socioculturelle dans les apprentissages. Paris : Retz, collection « Co-édition », 202-238.

2 Ertek, B. & Süverdem, F. B. (2020). İki Dillilik ve İki Kültürlülük: Göç, Kimlik ve Aidiyet . The Journal of International Lingual Social and Educational Sciences , 6 (2) , 183-207 . DOI: 10.34137/jilses.826142

3 Ertek, B. & Süverdem, F. B. (2020). İki Dillilik ve İki Kültürlülük: Göç, Kimlik ve Aidiyet . The Journal of International Lingual Social and Educational Sciences , 6 (2) , 183-207 . DOI: 10.34137/jilses.826142

4 Bialystok, E. (1987). « Influences of bilingualism on metalinguistic development ». York University, Ontario, Volume 3, 154-166. Bialystok, E. (1988). Levels of bilingualism and levels of linguistic awareness. Developmental Psychology, 24, 560-567.

5 Hamurcu Süverdem, B. (2015). Développement du turc et du français en situation de bilinguisme précoce. Le cas d'enfants d'origine turque scolarisés en maternelle. Thèse de doctorat non publiée, Rouen: Université de Rouen Normandie.

6 Swain, 1972; De Houwer, 1990; Meisel, 1990; Hamers ve Blanc, 2000; Varro, 2004

7 Cummins, J. (1976). The influence of bilingualism on cognitive growth: A synthesis of research findings and explanatory hypotheses. In Working Papers on Bilingualism, n°9, 1–43.

8 Hélot, C. (2007). Du bilinguisme en famille au plurilinguisme à l'école. Paris : L'Harmattan.

9 Cummins, J. (1980). Psychological Assessment of Immigrant Children: Logic or Intuition? Journal of Multilingual and Multicultural Development, 1, 97-111.

Cummins, J. (1981). The role of primary language development in promoting educational success for language minority students. In: Schooling and Language Minority Students: A Theoretical Framework. Los Angeles, CA: Department of Evaluation, Dissemination and Assessment Center.

Cummins, J. (2000). Language, Power and Pedagogy. Bilingual Children in the Crossfire, Clevedon: Multilingual Matters.